تۇرسۇن ياسىن



# موغۇلىستان قوياشى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



مەسئۇل مۇھەررىرى :ئابلىز ئۆمەر (ئەنجانى)
مەسئۇل كوررېكتورى :بەختىيار ئابلىمىت

# موغۇلىستان قۇياشى

ئاپتورى :تۇرسۇن ياسىن

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ، پوچتا نومۇرى : 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى :1230×880مم 1/32
باسما تاۋىقى :5.75 قىستۇرما ۋارىقى :3
2009 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2012 ـ يىل 3 ـ ئاي 3 ـ بېسىلىشى
تىرازى :9000 —— 7001

ISBN 978−7−5373−1749−8
باھاسى : 15.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون : 2653927 — 0998

# ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالى

يازغۇچى تۇرسۇن ياسىن 1942- يىل 10- ئاينىڭ 1- كۈنى غۇلجا شەھىرىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان، 1954- يىلىغىچە باشلانغۇچ - ئوتتۇرا مەكتەپلەردە، 1956- يىلىدىن 1959- يىلىغىچە سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئۇ 2001- يىلى دەم ئېلىشقا چىققۇچە مائارىپ، مەدەنىيەت - سەنئەت ساھەسىدە ئىشلىگەن.

تۇرسۇن ياسىننىڭ ئىجادىيىتى 1965- يىلى «خۇشلۇقۇم شۇندىچە» ناملىق شېئىرىنىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن باشلانغان. ئۇ شۇندىن بۇيان ھەرخىل تېمىلاردا، ئاساسلىقى دىيارىمىزدا ئۆتكەن تارىخىي قەھرىمانلارنىڭ ئىش ئىزلىرى توغرىسىدا ئىزدىنىپ ۋە بۇ ھەقتە قەلەم تەۋرىتىپ، «سادىر پالۋان ھەققىدە ھېكايە»، «باھادىر ئەزىمەت سادىر پالۋان»، «سادىر يولى» قاتارلىق كىتابلارنى نەشر قىلدۇرغان. تۇرسۇن ياسىن يەنە «غۇلجا خەلق قوشاقلىرى»، «غۇلجا خەلق داستانلىرى»، «غۇلجا خەلق ماقال - تەمسىللىرى»، «غۇلجا خەلق چۆچەكلىرى» قاتارلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر توپلاملارنى تۈزۈش خىزمىتىگە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان.

يازغۇچىنىڭ «موغۇلىستان قۇياشى» ناملىق رومانى تارىخىي تېمىلارنى يورۇتۇپ بېرىش جەھەتتىكى ئىزدىنىشىنىڭ يەنە بىر سەمەرىلىك مېۋىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب «قالغان ئەۋلاد» ........................ 1
ئىككىنچى باب سىرلىق خەت ........................ 8
ئۈچىنچى باب ئەنسىز كۆڭۈلەر ........................ 13
تۆتىنچى باب تاسادىپىي ئۇچرىشىش ........................ 21
بەشىنچى باب تەقدىرداش ھەمراھلار ........................ 30
ئالتىنچى باب خىلۋەتتىكى شەپقەتچى ........................ 39
يەتتىنچى باب خىسلەتلىك بوۋاق ........................ 52
سەككىزىنچى باب ئۆڭكۆردىكى مۇھەببەت ........................ 67
توققۇزىنچى باب سايرام دۆلدۆلى ........................ 78
ئونىنچى باب جاۋابسىز قالغان سوئال ........................ 84
ئون بىرىنچى باب تەقدىرنىڭ چاقچىقى ........................ 92
ئون ئىككىنچى باب مۈشكۈل سەپەر ........................ 100
ئون ئۈچىنچى باب ئانىنىڭ ئازابى ........................ 109
ئون تۆتىنچى باب جاھانكەزدى دەرۋىشنىڭ بايانى ........................ 114
ئون بەشىنچى باب سەرگەردان شاھ ........................ 122
ئون ئالتىنچى باب تەڭرىنىڭ جازاسى ........................ 131
ئون يەتتىنچى باب تەختكە خان كېرەك ........................ 140
ئون سەككىزىنچى باب قۇتلۇق قەدەم ........................ 144
ئون توققۇزىنچى باب خاسىيەتلىك ئۇچرىشىش ........................ 150
يىگىرمىنچى باب سۆھبەت ........................ 155
يىگىرمە بىرىنچى باب تۇغلۇق تۆمۈرخان تەختتە ........................ 161
يىگىرمە ئىككىنچى باب تۇغلۇق تۆمۈرخان ماۋرەئۇننەھردە ........................ 168
خاتىمە ........................ 174

# بىرىنچى باب «قالغان ئەۋلاد»

## 1

1329- يىلى ، ياز ئايلىرىنىڭ بىرى .

ئاقسۇدا خانلىق تەختىگە ئولتۇرغىلى تۆت يىل بولغان ئىسەن بۇقاخان ئۇزاققا سوزۇلغان يەنە بىر ئۇرۇشتىن نەتىجىسىز قايتتى . چۈنكى ، ئۇ خانلىق تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ، ئۇلۇغ ئەجدادى چاغاتاينىڭ نامى بىلەن ئاتىلىۋاتقان خانلىق ئالمالىق ، ماۋەرائۇننەھر رايونىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنۈپ ، بىر - بىرىگە قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتاتتى . گەرچە ماۋەرائۇننەھر رايونىغا ھۆ- كۈمرانلىق قىلىۋاتقان بىر قىسىم بەگلىكلەر ئىسەن بۇقىنىڭ بايرىقى ئاستىغا جەم بولغان بولسىمۇ ، ئەمما ئالمالىق رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئۇكتاي ئەۋلادى ئەلى سۇلتان بىلەن مۇھەممەت سۇلتانلار ئۇنىڭغا كۈچلۈك قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى . ئىسەن بۇقا خانلىقتا يۈز بېرىۋاتقان بۇ مىسلىسىز بۆلۈنمىچىلىك ھالىتىگە خاتىمە بېرىپ ، خانلىقنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتى دەپ قارايتتى . شۇڭا ، ئۇ تەرەپ - تەرەپكە ھۇجۇم قىلىپ ، قەبىلە- قوۋملار بىلەن جەڭ قىلاتتى ، قان تۆكەتتى . بىراق ، قارشىلىقمۇ چىڭ بولغاچقا ، زەپەر ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى . شۇڭا ، ئىسەن بۇقاخان ھەر قېتىم نەتىجىسىز قايتقاندا ئۇرۇشتىن قول ئۈزمەكچى ، تەختىدە ئارامخۇدا ئولتۇرماقچى بولاتتىيۇ ، بىراق يەنە ئەجدادلىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ ، خانلىقنىڭ مۇستەھكەملىكى ئۈچۈن تىرىشىشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى دەپ قارايتتى . چۈنكى ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەۋلادلىرى- نىڭ تارىخىنى ، بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كەچمىشلىرىنى تازا ئوبدان

بىلەتتى. مانا ھازىرمۇ ئېسەن بۇقاخان ماڭلايسۆيەر دەپ ئاتالغان بۇ يۇرتتا ئۆزى خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇشتىن بۇرۇنقى 100 يىل ئىچىدە قانداق قىسمەت، كەچمىشلەر بىلەن ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈلگەنلىكى ھەققىدە چوڭقۇر خىياللارغا غەرق بولغانىدى. ئۇ، ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ سەككىز يىل تەختتە ئولتۇرغان ئىستىبداتلىق ۋە بىلىملىك ئاكىسى تارماشىرىنىڭ چاغاتاي خانلىقىنىڭ تارىخى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى ئەسلەپ قالدى...

— شۇنى ئەستە تۇتۇشۇڭ لازىمكى ئۇكام، — دېگەنىدى تارماشىرى ئۇزاق بايانلىرىنى باشلاشتىن بۇرۇن ئەڭ كىچىك ئىنىسى ئىمىل خوجىغا، — بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ھەرقانداق ۋاقىتتا بىر-بىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ توغرا يول بىلەن ماڭغان، مۇشۇ خانلىقنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان...

ئەنە شۇ گەپتىن كېيىن، ئۇزاققا سوزۇلغان تارىخىي بايانلار باشلىنىپ كەتكەن، تارماشىرى خۇددى تارىخچىلاردەك ۋەقەلەرنى يىلنامىلەرگە بۆلۈپ شۇنچە ئېنىق سۆزلەپ چىققانىدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ئېسەن بۇقىنىڭ قەلب دەپتىرىگە مەڭگۈلۈك مۆھۈر بولۇپ قالدى. تارماشىرى خانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ قېشىدا تۇرغاچقا، ئېسەن بۇقا ئاكىسىنىڭ ھەممە ئىشلىرىدىن تولۇق خەۋەردار ئىدى. تارماشىرى كۆپ ھاللاردا قارشى ۋە سەمەرقەند شەھەرلىرىدە تۇرۇپ، خانلىقتىكى موڭغۇل ئاھالىلىرىنى تۈرك تىلىنى ئۆگىنىشكە ھەمدە تۈرك تىلىدا سۆزلىنىشكە دەۋەت قىلاتتى. ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزى باشلامچى بولۇپ تۈرك تىلىنى پۇختا ئۆزلەشتۈرگەنىدى. موڭغۇللارنىڭ بۇرۇنقى ئەمەل ناملىرى ۋە ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنى پۈتۈنلەي تۈرك تىلى بىلەن ئاتاشنى يولغا قويىدى. بۇ ھالەت خانلىقتىكى موڭغۇل ئاھالىلىرىنىڭ تۈركلىنىش قەدىمىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈردى. تارماشىرى يەنە باشتىن-ئاخىر يۈەن سۇلالىسى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلدى، نەچچە يىل بۇرۇن ئۇ ئوغلى بوتچىنتايىنى خانبالىققا ئەۋەتىپ ۋە كېيىنچە ئەلچى ئارقىلىق يۈەن سۇلالىسى خانىغا شاراب ۋە باشقا بويۇملارنى تارتۇق قىلدى. بۇنىڭ

بىلەن يۇەن سۇلالىسى تارماشىرىنغا مۇۋاپىق ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتتى .
ئومۇمەن ، ئېسەن بۇقىنىڭ قارىشىچە ، ئاكىسى تارماشىرى يۇقى-
رىقىدەك ئىسلاھاتلارنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ، بىر تەرەپتىن موڭ-
غۇللارنىڭ ئىسلاملىشىش ۋە تۈركلىشىش قەدىمىنى يېڭى بىر باسقۇچ-
قا كۆتۈرسە ، يەنە بىر تەرەپتىن خانلىقتا تىنچلىق ۋەزىيىتىنى بارلىققا
كەلتۈرۈپ ، ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق شەرت- شارا-
ئىتلارنى ھازىرلاپ بەرگەنىدى . ئەمما ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنىسى ، ئېسەن
بۇقىنىڭ ئاكىسى ئەبۇگەنىنىڭ كونىلىقنى ياقلىغۇچى چوڭ ئوغلى
چىنگىش تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى . چىنگىش «بۇزان» دېگەن نام بى-
لەنمۇ ئاتىلاتتى . چىنگىش ناھايىتى مۇتەئەسسىپ بولغاچقا ، تارماشى-
رىنىڭ ئىسلاھاتچىلىق تەدبىرلىرىگە چىش - تىرنىقىدىن ئۆچمەنلىك
قىلىپ ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ھەمدە تەختكە چىقىشى بىلەنلا موڭغۇل-
لارنىڭ كونا ئېتىقادى ، ئۆرپ - ئادىتى ۋە ئەنئەنىۋى كۆچمە چارۋىچى-
لىق تۇرمۇشىنى جان - جەھلى بىلەن قوغدىغانىدى . بۇ ھال كۆپلىگەن
موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى ھەمدە تۆت يىل
تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن ، ئۇ بىر تۇغقان ئىنىسى يەسۇن تېمۇر
تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى .

يەسۇن تېمۇر خېلى بۇرۇنلا ئاكىسى چىنگىشنىڭ خان بولۇشىغا
نارازى بولغانىدى ، بولۇپمۇ چىنگىش تەختكە چىققاندىن كېيىنكى
تەپرىقىچىلىك ۋەزىيىتى يەسۇن تېمۇرنىڭ ئاكىسىغا بولغان قارىشىنى
پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى . شۇڭا ، يەسۇن تېمۇر قول ئاستىدىكى-
لەرنىڭ قوللىشى بىلەن ئاكىسىنى ئۆلتۈرۈپ خانلىق تەختىنى تارتى-
ۋالدى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چاغاتاي خانلىقى چاك - چېكىدىن بۆلۈ-
نۈشكە باشلاپ ، جايلاردىكى ئاقسۆڭەكلەر ئارقا - ئارقىدىن مۇستەقىل-
لىق بايراقلىرىنى كۆتۈرۈشكە كىرىشتى...

دەل مۇشۇنداق پەيتتە جەنۇبىي تەڭرىتاغ رايونىنى باشقۇرۇۋاتقان
دوغلات قەبىلىسى بۇ رايوننىڭ بىرلىكى ۋە تىنچ - خاتىرجەملىكىنى
كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ، چاغاتاي ئەۋلادىدىن بىرەر كىشىنى
خان قىلىپ تىكلەشنى ئويلاشتى ھەمدە ئېلجىغىتاي بىلەن كۆچلۈك

زىددىيەتتى بار ئېسەن بۇقىنى ئاقسۇغا تەكلىپ قىلىپ خانلىق تەختىگە چىقاردى. ھازىر ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا پۈتۈن جەنۇبىي تەڭرىتاغ رايونى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئايرىم جايلىرى قارايتتى...

## 2

ئېسەن بۇقا بىر خىل گادىرماچ تۇيغۇ بىلەن ئەتراپقا قارىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ چارچاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئېسەن بۇقا ئۆزدىنىڭ ئەتراپىدا سۈكۈتكە چۆكۈپ كېلىۋاتقان ياساۋۇل، قاراۋۇللارغا قاراپ ئۇسسۇلۇق تەلەپ قىلىغانىدى، قاراۋۇل باشلىقى ئۇنىڭغا قاراپ:

— شاھىم، ئۇسسۇلۇق بار جاي بىر چاقىرىمدەك ئارقىمىزدا قالدى. ئىلتىپاتلىرى، ئارقىمىزغا يانىمىزمۇ؟ - قانداق؟ — دېدى.

— بوپتۇ، يانايلى —... دېدى شاھ بىردەم جىم بولۇپ كېتىپ. بۇ قېتىم يەنە نۇسرەت قازىنالماي قايتقاچقا، ئۇنىڭ روھى چۈشۈپ كەتكەنىدى.

ئېسەن بوقاخاننىڭ ئاغزىدىن «يانايلى» دېگەن گەپنىڭ چىقىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ تۇرغان ھارغىن قاراۋۇل، لەشكەرلەر ئاتلىرىنى ئالدىراش كەينىگە بۇراپ دېۋەتتى.

ئادەمسىز قاقاس چۆللۈك يول، قۇم دۆۋىلىرى خۇددى جېسەكچىلەردەك ئۇ يەر - بۇ يەردە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تۆت ئەتراپ قىرلىرى كېپەك ئالتۇندەك يالتىراپ كۆزنى چاقنىتاتتى. ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇلار كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىپ كېلىشتى ۋە قۇملۇق ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بىر باغنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ياساۋۇلدىن بىرسى يوغان ئىككى قاناتلىق دەرۋازىنى قاققاندى، ئالدىنقى قېتىم ئۇلار مۇشۇ يولدىن ئۆتكەندە چىققان ئوتتۇرا بويى، ئاق ساقال - ئاق قاشلىق، چېھرى پارقىراپ، كۈلۈپ تۇرىدىغان بوۋاي دەرۋازىنى ئاچتى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ قېتىم چىرايىدا قىلچىمۇ قان يوق، رەڭگى - روخسارى سارغايغان، ساقاللىرى، بۇرۇت، كىرپىكلىرىگىچە قۇم باسقان، ھەتتا كالپۇكلىرى گەز باغلاپ كەتكەن

ھالدا ئىدى. بوۋايىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن شاھ ھەيران بولۇپ سورىدى:

— نېمە ئىش بولدى؟

— شاھىم، بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى شەرقتىن بىر قۇيۇن كەلدى. ئۇ شۇنداق دەھشەت چىقتىكى، قۇيۇننىڭ ئالدىدا قېچىپ يۈرۈپ ئۆزۈمنى يوقىتىپتىمەن. بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام، ئانارلىق باغ قۇم بارخانلىرى ئاستىدا قاپتۇ. سىلەر ئالدىنقى قېتىم بۇ جايدىن ئۆتكەندە سىقىپ بەرگەن، بىرسىنىڭ سۈيى بىر ئاپقۇر چىقىدىغان ھېلىقى ئانارلار قەيەرلەردە قالدى، بىلمەيمەن، ئۆزۈممۇ قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا يېتىپتىمەن. مانا قاراڭلار، — ئۇ شۇنداق دەپ ئىشىكنى داغدام ئېچىۋەتكەنىدى، ئانارلىق باغنىڭ ئەسلىي ھالىتى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ، قۇم بارخانلىقىغا ئايلانغان سۈرلۈك ھالىتى كۆزگە تاشلاندى...

بۇ ھالەتتىن ھەممەيلەن جىمجىت تۇرۇپ قېلىشتى، ئېسەن بۇقا شاھ تۇيۇقسىز ياقىسىنى چىشلىدى. بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ ھارغىنلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنىدى. ئېسەن بۇقا گەپمۇ قىلماي، ئاتنىڭ تىزگىنىنى ئارقىغا قايرىدى، ئارقىسىدىن قاراۋۇللارمۇ ئات چاپتۇردى.

ئېسەن بۇقا شاھ ئۆز ئوردىسىغا كەلگەندە، داۋاملىق مەيلى جەڭ، مەيلى سەيلىگاھ، مەيلى شىكاردىن قايسى ۋاقىت، قايسى مەزگىلدە كەلمىسۇن، ئالدىغا قۇياشتەك نۇر چېچىپ چىقىدىغان كەنجى خانىشى مەڭلىك بۇ نۆۋەت كۆرۈنمەيتتى. ئېسەن بۇقا بۇ ئىشتىن ئەجەبلىنىپ تۇرۇۋاتقاندا، چوڭ ئايالى ساتىلمىش خاتۇن ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ كەلدى.

— قېنى، مەڭلىك كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — سورىدى شاھ ئەجەبلىنىپ.

— شاھىم، ئالمالىق رايونىدىكى ئۆمەرالارنىڭ ئەمىرى دۇختەۋى شىراۋۇل ناھايىتى كۆپ سوۋغا - سالام بىلەن كەپتىكەن، ئۆزلىرىنى ساقلىغانىدى، كەلمىدىلە. شۇڭا، كەنجى خانىش مەڭلىكنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلدىم، — دېدى باش ئېگىپ تۇرۇپ.

— ئاپلا، بۇ ئىش ياخشى بولماپتۇ، ئۇ مەندىن ھامىلىدار ئىدى ئەمەسمۇ؟— دېدى ئېسەن بۇقا قاتتىق نارازىلىق ئىچىدە. لېكىن، خان ئارتۇقچە بىرنەرسە دېمىدى. چۈنكى، موڭغۇللارنىڭ يوسۇنى بويىچە چوڭ ھەم ئامراق خوتۇنى ئۆز كۈنداشلىرىنى خالىغانچە بىر تەرەپ قىلىشقا، ھەتتا باشقىلارغا ئىنئام قىلىشقا ھوقۇقلۇق بولۇپ، خالىسا ئۆز يېنىدا قوياتتى، خالىسا باشقا ئەرلەرگە بېرىۋېتەتتى. ساتىلمىش خاتۇن مەڭلىكنىڭ ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ كۈنداشلىقى قوزغالغان بولغاچقا، ئۇنى باشقىلارغا بېرىۋەتكەنىدى. ئېسەن بۇقا ھازىرغىچە پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن بولۇپ، كەنجى خانىش مەڭلىكنىڭ بويىدا قالغانلىقىدىن ناھايىتى مەمنۇن ئىدى. لېكىن، ئويلىمىغان يەردىن بۇ ئىشنىڭ چىقىشى ئېسەن بۇقىنى نارازى قىلىپ قويدى. شۇڭا، ئۇ ئاتخانىغا ئۆزى كىرىپ، ئېسەن بۇقىدىن باشقا ھېچكىمنى ئۈستىگە مىندۈرمەيدىغان نەسىللىك ئارغىماقنى ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئايالى مەڭلىك ھەر قېتىم مۇشۇ ئارغىماقنى كۆرسە ياكى ئۇنىڭ گېپى چىقسا، «چوقۇم مۇشۇ ئارغىماققا مىنگۈدەك ئوغۇل تۇغىمەن» دەيتتى قورسىقىنى سىيلاپ. مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا ئېسەن بۇقىنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ قالاتتى. مانا ئەمدى بۇ ئىشنى كۆرۈڭ...

ئېسەن بۇقا ئارغىماققا مىندى-دە، ئۇچقاندەك ئوردىدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇ شۇ ماڭغانچە تارىم دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلدى ۋە دەريا سۈيىدىن ئۇچۇملاپ قانغۇچە ئىچتى. ساتىلمىش خاتۇننىڭ بۇيرۇقى بويىچە تاپ بېسىپ كېلىۋاتقان قوغدىغۇچى ياساۋۇللار يىراقتىراق توختاپ تۇرۇشتى. ئېسەن بۇقا ئۇلارنىڭ بىرىگە بۇيرۇپ، «قالغان ئەۋلاد» دەپ خەت يېزىلغان تامغا سوقتۇرۇپ كەلدى ھەم ئۇنى قىزدۇرۇپ، ئاتنىڭ يانپېشىغا چىڭ باستى، ئاتنىڭ يايلىغا قويىنىدىن بىر تۇگۈنچەكنى ئېلىپ مەھكەم چىگدى، ئاندىن ئات ئۈستىدىن ئېگەر-جابدۇق، يۈگەن-نوختىلارنى پۈتۈنلەي ئېلىۋەتتى-دە، ئاتقا كېلىشتۈرۈپ بىر قامچا سېلىپ دالىغا قويۇۋەتتى.

«چاپ ئارغىمىقىم ، چاپ ،— دەپ پىچىرلىدى ئېسەن بوۋقا ،— ئەگەر تەقدىر ئورۇنلاشتۇرۇپ قالسا ، سەن ئۆزۈڭگە مىنىشكە لايىق ئادەمگە ئۇچرايسەن . ئەگەر ئۆزۈڭگە مىنگۈدەك سالاھىيەتكە ئىگە ئادەم تاپالمىساڭ ، كەڭرى دالا سېنىڭ ماكانىڭ ، قانداق ياشاش سې-نىڭ ئەركىڭ بولسۇن !… »



# ئىككىنچى باب سىرلىق خەت

## 1

ئۆزىگە ھەرقانداق ئادەمنىڭ يېقىن كېلىشىنى خالىمايدىغان ئارغىماق ئۇچۇن دالىدىن ياخشى يەر بارمۇ؟ ئېسەن بوقىنىڭ ئارغىمىقى ئىگىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، تالاي تاغ - دەريا، چۆل - ئېدىر ھەم سانسىزلىغان ئوتلاقلاردىن ئۆتتى. بۇ جەرياندا ئۇنى تالاي ئادەملەر قوغلاپ باقتى، تالاي ئادەملەر ئالداپ باقتى. ئەمما، ھېچكىم مەقسىتىگە يېتەلمىدى. ئارغىماق بولسا تاغلار ئاشاتتى، دەريا كېچەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ خېلى كۇنلەر ئۆتكەندە تاسادىپىي بىر چوڭ كۆل بويىغا كېلىپ قالدى ۋە سۇپسۈزۈك سۇدىن قانغۇچە ئىچتى، قاتتىق - قاتتىق سىلكىندى، ھاردۇقى بىر ئاز چىققاندەك پۇرقۇپ، ئېغىز - بۇرۇنلىرى ۋە چىشلىرى ئارىسىدا توختاپ قالغان سۇلارنى ئەتراپقا چېچىۋەتتى. تۇلپارنىڭ شۇ چاغدىكى ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن قانداقتۇر چوڭقۇر بىر كەچمىش ئەكس ئېتىۋاتقاندەك ئىدى. ئۇلتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆز - قاپاقلىرىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى···

ئېگىز تاغ ئېتەكلىرىدىكى قويۇق قارىغايزارلىقلار، پايانسىز ئوتلاقلار بۇ زېمىننى يېشىل پاياندار يايغاندەك بېزەپ تۇراتتى. بۇ يېشىللىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بۇ كۆل بالقاش كۆلى ئىدى. كۆلنىڭ سۈيى شۇقەدەر تىنىچ ۋە سۈزۈك بولۇپ، كۆل ئەتراپلىرىنىڭ ھەممىلا تەرىپىدە تەكشى ئېچىلغان لەيلىقازاقلار خۇددى ئوتقاشتەك جىلۋە قىلىپ تۇراتتى.

مانا مۇشۇنداق گۈزەل مەنزىرىلەرگە قانماي قاراپ، كۆلدىن سۇ ئىچىۋاتقان ماللىرىنى ساقلاۋاتقان بىرەيلەننىڭ تۇيۇقسىز ئۆزىدىن

ئانچە يىراق بولمىغان جايدا بېشىنى ئاستىن - ئۈستۈن سىلكىپ
يۇرقىراۋاتقان تۈلپارغا كۆزى چۈشۈپ قالدى .
ھەۋەس بىلەن تۈلپارغا قاراۋاتقان خاراجىنىڭ ئوي - خىيالى
بىردىنلا قاناتلاندى . خاراجى ئەسلىدە چىڭگىزخاننىڭ كېيىنكى قوۋمە-
لىرىنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىدى . ئۇ ، ئاتا - بوۋىسى بېسىپ ئۆتكەن
پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ، ئىران ئېگىزلىكى ، رۇم دىيارى ۋە بارلىق
تۈركىي خەلقلەرنىڭ يۇرتلىرىنى ئارىلاپ چىققان بولۇپ ، بۇ رايونلار-
دىكى ئۇرۇش ئاپەتلىرىنى تولا كۆرۈپ كۆڭلى يېرىم بولغان ، ئۇرۇش-
تىن ، ئۇرۇشخۇمار ئەجدادىدىن رەنجىپ ئۆز نەسلىدىن ۋاز كەچكەن-
دى . شۇڭا ، خاراجى ئەركىن دۇنيا قەھرىمانى بولۇش مەقسىتىدە بىر
مەزگىل سەيياھ بولۇپ يۇرت كېزىپ يۈردى ، ئاخىر بالقاش كۆلى
ئەتراپىدىكى مانا بۇ پايانسىز تىنچ مۇھىتقا مەھلىيا بولۇپ قېلىپ ،
شۇ يەردە مال باققۇچى بولۇپ ياشاپ كېلىۋاتاتتى . ئۇ ، ئارغىماققا
قاراپ پىچىرلىدى : «ھەقىقىي تۈلپار ئىكەنسەنغۇ جانىۋار ، ئىلىكتەك
سىپتا بەستىڭگە ياراشقان قاشقىلىرىڭچۇ تېخى ! ‹ ئات ئادەم قانىتى ،
جەڭگاھ قانىتى› دېگەندەك ، راستىنلا سەن ھەركىمگە قانات بولغۇ-
دەك تۈلپار ئىكەنسەن !‹ ئات ئىگىسى بىلەن ،قوش مىگىسى بىلەن›
دەيدىغان كونىلار . لېكىن ، ئىگەڭ كۆرۈنمەيدۇ ، ئۇنى نەلەرگىمۇ
تاشلاپ ماڭغانسەن ، جانىۋار ! سەن ئادەم ئۈركۈتۈپ ، قان تۆكىدىغان-
لارنى كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان تۈلپار بولۇپ قالمىساڭلا مەيلىدىغۇ ؟ !»
خاراجى ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر كۆزىتىش قابىلىيىتى ۋە ئويغاق تۇيغۇ-
سى بىلەن بۇ ئارغىماقنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك بىرسىنىڭ تۈلپارى
ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى - دە ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ قىزىقىپ ئاستاغى-
نە يېقىنلاشتى . جىمجىت تۇرغان تۈلپار يات بىر ئادەمنىڭ ئۆز يايلىغا
قول ئۇزىتىشى بىلەن بىردىنلا ئۈركۈپ ئارقىغا بۇرالدى ۋە تاغ تەرەپكە
قاراپ قويۇندەك تېزلىكتە يۈگۈرۈپ كەتتى ، خاراجىنىڭ ئاتقا ئۇزاتقان
قولى ھاۋادا لەيلەپ قالدى . بىراق ، ئات چاپچىغاندا چۈشۈپ قالغان

بىر تۈگۈنچەك ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇراتتى .

## 2

خاراجى تۈگۈنچەكنى ئېلىپلا چۆچۈپ كەتتى . چۈنكى ، تۈگۈنچەك پۈتۈنلەي قان يۇقى ئىدى . «ئاھ ، قان ، قان ھىدى ! ئەجەب ئىش ، مەن بۇ يەردە قاندىن قېچىپ ياشاۋاتىمەنغۇ ؟ بۇ زادى قايسى تەن ، قايسى بىتەلەيىنىڭ قايسى ماكاندا تۆكۈلگەن قېنىدۇ ؟ !...»

چەكسىز بالقاش كۆلى سۈيىنىڭ يېنىك ، ئاستا چايقىلىشلىرى ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېشىلزارلىق ، گۈل - گىياھلارغا مەھلىيا بولۇپ سايراۋاتقان ئۇچار قۇشلارنىڭ سادالىرى ، سۇغا تويۇنغان ماللارنىڭ خىلمۇخىل مەرەشلىرى ، كىشنەشلىرى شۇ تاپتا خاراجىنىڭ ھېسسىياتىنى تېخىمۇ قوزغاپ ، ئۇنىڭ ھەسرىتىگە جور بولغاندەك مۇڭلۇق ، قايغۇلۇق ئاڭلىناتتى . پۈتكۈل ئەتراپتىكى ھەربىر تال گىياھ ، تاش - توپا ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ، قانلىق قول ، قانلىق دۇنياغا لەنەت ئوقۇپ تۇۋلاۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى...

خاراجىنىڭ ئىختىيارسىز كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلدى . ئۇنىڭ قاننى كۆرۈپ كۆڭلى راستتىنلا يېرىم بولغانىدى .

«بۇ قان ،— دەپ ئويلىدى ئۇ ،— ئالتاي ، تەڭرىتاغلىرى بويىدىكىلەرنىڭ قېنىمىدۇ ؟ يا بولمىسا نايمان ، كىرەي ، تاتار ، تۈركەشلەرنىڭمىدۇ ؟ يا بولمىسا ئايىغى ئاستىدا بىر تال گىياھ چەيلىنىپ باقمىغان ، بىرتال چۈمۈلە چاغلىق جانلىققا ئازار بەرمىگەن ، مۆمىن ، رايىش بەندىنىڭ قېنىمىدۇ ۋە ياكى بولمىسا قانخورلارنىڭ ئارزۇ - ھەۋەسلىرىنىڭ قۇربانى بولۇپ ، چەيلىنىشتىن كۆرە ، ئۆلۈم يولىنى تاللىغان قىز - جۇۋانلارنىڭ قارشىلاشقان چاغدىكى بىگۇناھ قېنىمىدۇ ؟ ياق ، بۇ چوقۇم قانخورلۇق ، ئۇرۇشخۇمارلىق ، ياۋۇزلۇق دەستىدىن جانلىرىدىن جاق تويغان مېنىڭدەك بىر خاراجىنىڭ قېنى ! ماڭا ئوخشاش ئەسلىي نەسلىنىڭ قانخورلىرىغا غەزەپلىنىپ ياشىغانلارنىڭ قېنى !...»

خاراجى ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالەتتە خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە خىيال دەرياسىغا غەرق بولدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تارىخ خۇددى ئۇزۇن ۋە چەكسىز سىزىقچىدەك گەۋدىلىنەتتى. بۇ سىزىقتا قان بىلەن يېزىلغان خەت يالتىرايتتى، خەتنىڭ بەزى يەرلىرى يېيىلىپ ئۆچۈپ كەتكەنىدى، بەزى قۇرلىرى خۇددى ھازىرلا يازغاندەك يالتىراپ، قىپقىزىل كۆرۈنەتتى...

ئۇنىڭدىكى خەت خاراجى ئوقۇيالايدىغان خەت ئىدى. بۇ يېزىق گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقى بولسىمۇ، ئەمما ھازىر موڭغۇللارنىڭمۇ يېزىقى بولۇپ قالغانىدى...

خاراجى يۈگەككە يېزىلغان خەتنى ئالدىرىماي ئوقۇشقا باشلىدى.

3

«ئېسىل پەزىلەتلىك توقال خوتۇنۇم مەڭلىككە، — دەپ باشلانغانىدى قان بىلەن يېزىلغان بۇ خەت، — مەن سېنى ئاخىرقى جەڭ مەيدانىدا قولۇمغا ئۇلجا چۈشكەنلەر ئارىسىدىن تاللىۋالغانىدىم، سەن ئۇ چاغدا تېخى رەسىدە بولغان 15 — 16 ياشلاردىكى سەبىي قىز ئىدىڭ، مەن بولسام سەندىن نەچچە ئون ياش چوڭ ئىدىم. شۇنداقتىمۇ ساڭا ياۋۇزلۇق قىلدىم. سەن ھار ئالدىڭ، بىر كېچىدە تۇيۇقسىز يوقاپ كەتتىڭ، لېكىن سېنىڭ ئىز - دېرىكىڭنى قىلىپ، ئاخىر ھايات بارلىقىڭنى بىلىپ يۈرىكىم ئەمىن تاپتى. تەبىئىيكى، ياۋۇزلۇقۇمدىن سېنىڭ يۈرىكىڭدە قانلىق ئىز قالغانلىقىنى بىلەتتىم، ياۋۇزلۇقۇم چېكىگە يەتكەنىدى. ئاخىر يەنە سېنى تاپتۇرۇپ كەلدىم. سەن ماڭا ئامالسىز خوتۇن بولۇشقا مەجبۇر بولدۇڭ. ئەمما، ئۆيلەنمىگەن يەردىن سېنىڭ بويۇڭدا قالدى. پەرزەنت يۈزى كۆرەلمىگەن مەن ئېسەن بۇقىنىڭ بېشى كۆككە يەتكەندەك بولدى. ئەپسۇسكى، يەنە ئۆيلەنمىگەن يەردىن چوڭ خانىش مېنى سەندىن مەھرۇم قىلدى. ئەمدى سېنى قايتا كۆرۈشكە كۆزۈم يەتمەيدۇ. مەن باشقىلارنىڭ قېنىنىڭ تۆكۈلگىنىنى كۆرۈشكە خۇشتار ئىدىمكى، ئۆزۈمنىڭ قېنى-

نىڭ ئېقىشىنى خالىمايتتىم . ئەمما، بۇ قېتىم قولۇمنى كېسىپ، بۇ خەتنى قېنىم بىلەن يېزىشقا باشلىدىم . مۇبادا سېنىڭ بويۇڭدىكى پەرزەنتىم تۇغۇلسا ئىدى، مېنىڭ نەسلىم ئۆچمىگەن، يوقالمىغان بولاتتى . مەن شۇنداق بولۇشىنى، شۇ پەرزەنتىمنىڭ چوقۇم مېنىڭ ئىزىمنى بېسىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم . ئەمما، سەن كېتىپ قالدىڭ، مېنىڭ بولغۇچى نەسلىمنى ئېلىپ بىرگە كېتىپ قالدىڭ . شۇڭا، سەن بەك ئامراق بۇ ئارغىماقنىمۇ «قالغان ئەۋلاد» دېگەن تامغىنى بېسىپ، كەڭ تەبىئەت قوينىغا قويۇۋەتمەكچى بولدۇم . مېنىڭ مەقسىتىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن . بەلكىم بۇ ئارغىماق سېنى تاپار ياكى سەن بۇ ئارغىماقنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلارسەن، بۇ خېتىمنى ئوقۇپ قالارسەن . ئىشقىلىپ، مەن بىلىمەن، مېنىڭ «قالغان ئەۋلاد» ىم بار . ئۇ هامان مۇشۇنداق ئارغىماققا مىنىدۇ . سەن ئۇنى مۇشۇنداق ئارغىماققا مىندۈرەلەيسەن... شۇنى ئۆتۈنىمەنكى، ئەگەر بۇ خەت باشقا ئادەمنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، مەڭگۈ مەھكەم ساقلىغاي، مۇمكىن بولسا مەڭلىك خاتۇنغا يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن تىرىشقاي . ئۇنىمۇ ئۇلۇغ ئاللا ئارزۇسىغا يەتكۈزگەي... ئېسەن بۇقا تۆمۈر» .

خاراجى خەتنى تولۇق ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئارغىماق ماڭغان تەرەپكە قارىدى . لېكىن، ئۇ ئېگىز تاغنىڭ باغرىدا يوقىلىپ كېتىۋاتقان بىرتال يالغۇز چېكىتنىلا كۆردى . خاراجى قولىدىكى تۈگۈنچەكنى ئەسلى قىياپىتىگە كەلتۈرۈپ يۆگىدى - دە، ئۇنى باغرىغا مەھكەم باستى . خاراجى ئۇنى ئۆز ئىگىسىگە تاپشۇرۇش قارارىغا كەلگەنىدى...

## ئۈچىنچى باب ئەنسىز كۈنلەر

### 1

— «يول ئازابى گۆر ئازابى» بولدىغۇ !
— ھەقىقەتەن شۇنداق بولۇۋاتىدۇ ، كارۋان بېشى تەقسىر .
— بۇ ئوت شەھىرى — تىرمىز شەھىرى تۇگەي دەمدۇ - قانداق ؟
— ھازىر كوناشەھەرگىمۇ ئاز قالدى ، تەقسىر .
— ئۇنداقتا ئۇ يەرنىڭ ئىسسىقلىق ھارارىتىمۇ بۇ شەھەردىن قېلىشمايدىكەن - دە ؟ ھە راست ، بايىقى تۇركەش قىزىغا قاراپ قوي !
— تەقسىر ، ئۇ قىز ئۈكسۈپ يىغلاپلا كېلىۋاتىدۇ ، ئۇنىڭ ياشلىرى ئىچكەن ئۇسسۇلۇقلىرىدىن نەچچە ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتتى ، دېسىلە .
— ئۇنىڭغا تەسەللى بەرمىدىڭمۇ ؟
— ئۇ تەسەللىگە پەقەتلا كۆنمەيدىغاندەك ، تۇرۇپ - تۇرۇپلا خۇدىدى ئىچ - قارنى چۇۋۇلۇپ كېتىدىغاندەك يۆتىلىپ كېتىدۇ .
— ئۇنداقتا چۈشىنىشلىك .
تىرمىز شەھىرىدىن بىرنەچچە يۈزچاقىرىم يىراقتىن يولغا چىققان بۇ تۆگىچىلەر كارۋىنى ئىسسىق تۇپەيلىدىن تۆگىلەرنى دەم ئالدۇرماي يول يۈرۈپ كېلىۋاتاتتى ، ئۇلار دەم ئالمىسىمۇ بولمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قېلىشقانىدى .
— ئالدىمىزدا ئۆتەڭ بارمۇ ؟
— تەقسىر ، كوناشەھەر ئېگىزلىككە جايلاشقان ، سايدايدىغان ئورۇنمۇ بار ،مال ئوتلايدىغان ئاز - تولا يايلىقىمۇ بار .
— ئۇنداقتا ۋاقتىدا چىللاپ بىزنى ئويغىتىدىغان ئارزۇلۇق خورد-

زىمغىمۇ دان - پان كۆپكەن - دە؟— چاقچاق قىلدى كارۋان بېشى.
—شۇنداق تەقسىر، ئۇ يەرنىڭ دەل مۇشۇ مەزگىلى قوغۇن شاپىقى يەرگە چۈشىدىغان ۋاقتى دېسىلە. ھېچنېمە يېمىگەندىمۇ قو-غۇنلا يېسەك، شاپىقى تۆگىلەرگە، گۆشى بىزگە، ئۇرۇقى توخۇلارغا بولىدۇ!
— سەن ئەقىللىق - دە، ئۇنداقتا شۇ يەرگە چۈشەيلى،— دېدى كارۋان بېشى كۈلۈپ.
بۇ ئادەم ئۇزۇن يۇرتىدا داڭدار كارۋان بېشى بولۇپ، «خوراز كارۋان» دېسە بىلمەيدىغان ئادەم يوق ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى سەپەردە ئېلىپ ماڭغان تۆگىلىرىمۇ بوتىلاقلىرىدىن باشقا بىرەر يۇزگە يېتەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە قاچىلانغان دۇخاۋا، دۇردۇن ۋە باشقا ماللارنىڭ تۇرلىرىنىڭ كۆپلۈكى، سەرخىللىقىدىن تاشقىرى، تۆگە قوڭغۇراقلىرىمۇ ھەم يېڭى، ھەم ئاۋازلىق ئىدى. قوڭغۇراقلار نە-نەلەردىن ئاڭلىناتتى، قۇلاقنى يارغۇدەك سادا چىقىراتتى. شۇڭا، كارۋان بېشى ئۇن نەچچە قېتىم سەپەرگە چىقىپ، ھېچقايسىسىدا بىرەر تۆگىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، چىقىمغا ئۇچرىغانلىقىنى بىل-مەيتتى. كارۋان ئىچىدىمۇ بۇ ئادەمنىڭ دېگىنى دېگەن ئىدى.
مانا ھازىر يول باشلىغۇچىمۇ كارۋان بېشى دېگەن ئۆتەڭگە چۈ-شۈش بۇيرۇقىنى تۆگە يېتىلەۋاتقان، ئۇنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرۇۋاتقانلار-غا ئايرىم بېرىپ يەتكۈزدى. ئەگەر ئايرىم يەتكۈزۈلمىسە، قوڭغۇراق ئاۋازى زىيادە جاراڭلىق بولغاچقا، بۇيرۇق ئاڭلانماي قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ ئوتتۇرىدىكى تۆگىدە ئاق يىپەك بۆرتمە ياغلىقتا باش-كۆزىنى ئوراپ ئولتۇرغان قىزغىمۇ بۇيرۇقنى ئالاھىدە يەتكۈزدى، لېكىن ئۇنىڭدىن جاۋاب يانمىدى.
— قارا بۇنى، يولدا بىھوش ياتقان يېرىدىن بۇ يەرگە ئېلىپ ماڭمىغان بولساق، ئۆلۈكى ئاللىبۇرۇن قۇم ئاستىدا قالغان بولار ئىدى، مېنىڭ سۆزۈمنى بىرنەچچە كۈندىن بۇيان شۇنداق جاۋابسىز قالدۇرۇۋاتىدۇ، زادى!
ئۇ ئاچچىقىدا خېلى گەپلەرنى قىلماقچى ئىدى، ئەمما بۇيرۇقنى

ۋاقتىدا يەتكۈزمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، قىزغا بىر ئالايدى-دە، يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

ئۇلار مەنزىلگە كېلىپ، ئەمدىلا ئاغزى ئاشقا تېگىشكە ئۇلارنى ۋەھىمىگە سالىدىغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

## 2

«قۇۋ - قۇۋ!»

بۇ دەھشەتلىك ئاۋاز پۈتكۈل يەر - زېمىنغا، ئۇچار قۇش، گۈل-گىياھ ۋە تىنچ مۇھىتتىكى خاتىرجەم ئادەملەرگە ئېغىر بالايىئاپەت ۋە خانىۋەيرانچىلىق كېلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇ ئاۋازنىڭ بۇ نۆۋەت تىرمىز شەھىرىدە پەيدا بولۇپ قالغانلىقى يىراق - يېقىننى ھەممىنى ۋەسۋەسىچىلىك، بىسەرەمجانلىق، ئەنسىزچىلىككە سېلىۋەتتى («چىڭگىزخان» رومانىدا تەسۋىرلىنىشىچە، موڭغۇللار جەڭ قىلىش پەيتلىرىدە ھۇجۇمغا ئۆتكەندە سانغۇنلار «قۇۋ- قۇۋ!» دەپ ۋارقىرىشىدۇ. بۇ نام ئۇيغۇرچە «ئالغا - ئالغا»!» دېگەن مەنىدە). ئەسلىدە «قۇۋ - قۇۋ»چىلارنىڭ پۇت - ئاياغلىرى ئوت شەھىرى تىرمىزغا ھازىرغا قەدەر بېسىلمىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ باشقا قوشنا يۇرتلاردا ئېلىپ بارغان رەھىمسىز قىرغىنچىلىقلىرىنى ئاڭلاپ، بۇ يەردىكىلەرنىڭمۇ يۈرەكلىرى زېدە بولۇپ كەتكەنىدى. ئۆز ۋاقتىدا تىرمىز شەھىرىدىكى ئادەملەر ئۆز يۇرتلىرىنىڭ يازدا قىزىغان تونۇرغا ئوخشايدىغانلىقىدىن، قىشلىقى قۇرغاق ئاچچىق شىۋىرغان سوغۇقلىرىدىن قاتتىق بىزار بولغانلىقىدىن ئۆكۈنۈپ سۆزلىشەتتى. بۇ يەرگە يىراق - يىراقلاردىن كەلمەكچى بولغان سەيياھ - سودىگەرلەرمۇ ھەزەر ئەيلەيتتى. چۈنكى، بۇ يەرنىڭ ھاۋا كىلىماتى توغرىسىدا مۇنداق گەپلەر تارقالغانىدى: «تىرمىز بەكمۇ ئىسسىق بولغاچقا، قول ئىلكىدە بار ئائىلە تەۋەلىرىدىن يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغانلار، ھەتتا بۆشۈككە سېلىنغان بوۋاقمۇ پۈتۈن ياز بويى دېگۈدەك مۇزدەك سۇ قاچىلانغان يوغان كۈپكە چۆمۈلۈپ كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. قىش

كۈنلىرى بولسا قۇرغاق، قارىسىز شۇۋۇرغانلىق قاتتىق سوغۇق كۈنلىرى هەر نۆۋەتتىكى چوڭ تەرەتلىرى مۇزلاپ قېتىپ قالغاچقا، هاسىلىرى بىلەن ئۇرۇپ تۇرۇپ چۈشۈرمىسە چۈشمەيدىكەن.»

ئەلۋەتتە، بۇ كۆپتۈرۈلگەن رىۋايەتتۇر. شۇنداقتىمۇ بۇ رىۋايەت موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بولغاچقا، شۇنچە كۆپ جەڭلەرنىڭ هېچقايسىسىدا ئۇلار بۇ يەرگە كېلىش تۈگۈل، ئوت شەهىرى — تىرمىز ئەتراپىدىكى يوللارغىمۇ ئاياغ تاشلاشقا جۈرئەت قىلالماي كەلگەنىدى. چۈنكى، موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ قورقىدىغىنى پەقەت ئىسسىق ئىدى، ئەسلى - نەسلى تاغدا، دۆڭلۈكتە ياشاپ كەلگەن بۇ قوشۇننىڭ ئەسكى جۇۋىلىرىنى تاشلاپ، ئۇ يەرنى كۆزىمىز كۆرمىسۇن، دەپ بىزار بولۇشقانلىرىمۇ يەنىلا ئىسسىقتىن ئىدى.

مانا بۈگۈن موڭغۇل قوشۇنىنىڭ ئايىغى يەتمىگەن بۇ شەهەردە تويۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغان «قۇۋ - قۇۋ !» دېگەن بۇ قورقۇنچلۇق ئاۋازنىڭ سۈر - هەيۋىسىدە هەممە ياق ۋەهىمىگە چۆمدى. شۇڭا، شەهەر ئەهلى موڭغۇل قوشۇنىدىكىلەر كېلەر - كەلمەي ئۇلارنىڭ ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلىغاندەك بولۇپ ئەنسىزلىككە پاتقانىدى. موڭغۇل قوشۇنلىرى نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتىكى چاغدىلا تىرمىز شەهىرىنىڭ دۆڭلۈكلىرىگە چىقىپ كۆزەتچىلەر شەهەر ئاهالىسىگە بۇ قورقۇنچلۇق خەۋەرنى ئالدىن يەتكۈزگەن بولغاچقا، موڭغۇل قوشۇنلىرى يېتىپ كېلىپ بولغۇچە ئاۋام خەلق ئۆز جانلىرىنى دالدىغا ئېلىپ بولۇشقانىدى. ئىنس - جىن، يېمەك - ئىچمەك، هەتتاكى ئىچەرگە يۇتۇم سۇ قالمىغان بۇ شەهەرگە يېتىپ كەلگەن موڭغۇل قوشۇنلىرى ئاخىرقى هېسابتا بىرنەچچە سانغۇننى هېسابقا ئالمىغاندا، ئۇسسۇزلۇق، ئاچلىق ئازابى هەم قىزىغان تونۇردەك ئىسسىق دەستىدىن تولا قۇسۇپ، ئىچى سۈرۈپ دېگەندەك هالاك بولغانىدى.

دۇنيادا ئېغىزدىن ئېغىزغا تېز تارقايدىغان گەپلەرنىڭ ئىچىدە مەخپىي گەپلەردىنمۇ ئىتتىك نەرسە بولمىسا كېرەك. ئەمما، ۋەهىمە تېخىمۇ تېز تارقىلىدۇ، ئۇ بىرىدىگە ئۇنى قوشۇلۇپ دەهشەت-

كە ئايلىنىدۇ .

تىلىنغان قوغۇنغا ئاغزى بارا - بارماي يېڭى قوشۇلغان بىرنەچچە ئادەم كارۋان بېشىغا تۇشمۇتۇشتىن :

— موڭغۇل قوشۇنلىرى سىزنىڭ كارۋانلىرىڭىزنى ئىزدەپ يولغا چىقىپتۇ ، ئۇلار ھازىر تىرمىزدىن ئاتلانغان ئوخشايدۇ . ھەي ، ئۆزلىرى ياخشى نىيەتلىك ، خەير - ساخاۋەتچى ئادەم ، لېكىن بۇنداق ئادەملەر ئاسانلا قۇرۇق سۆز ، قۇرۇق تۆھمەتلەرگە دۇچ كېلىپ قالىدۇ . ئۆزلىرى شۇنداق بولۇپ قالمىغايلا ، ئىلاھىم... !

تۇيۇقسىز يەتكۈزۈلگەن بۇ خەۋەرلەردىن كارۋان بېشى قاتتىق ئەنسىزلىككە پاتتى ۋە نېمە ئۈچۈن موڭغۇللارنىڭ ئۆزلىرىنى ئىزمۇئىز قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى يوشۇرماي ئېيتىپ بېرىشنى سورىدى . كارۋان بېشىنىڭ دەل مۇشۇ سۆزىنى كۈتۈۋاتقان خەۋەرچەلدىن بىرەيلەن :

— تەقسىر ، كۆڭۈللىرىگە كەلمىسۇن ، بايىقى بىز يولدىن ئېلىۋالغان تۇركەش قىز موڭغۇللار ئارىسىدىن قاچقان قىز ئىكەن ، شۇنى ئىزدەپ كېلىۋېتىپتۇ !

ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا كارۋان بېشى :

— ئۇنداقتا ،قىز مۇشۇ يەردە قالسۇن ،يولغا چىقىڭلار !— دېگەن بۇيرۇقنى بەردى - دە ، ھايت - ھۇيت دېگۈچە يۇرۇپ كەتتى . ئاق بۆرتمە ياغلىقلىق قىز تەقدىر شۇنداقتۇ دەپ ئۆزىگە تەسەللى بەردى- دە ، بايىقى قوغۇنلۇقتىكى كەپىدە يالغۇز قالدى .

## 3

كىشىلەر ئارىسىدا نەسەب ئاخۇن ئاكا دەيدىغان بىرەيلەن بەش ياشلار چامىسىدىكى يالغۇز ئوغلىنى ئېلىپ ، تىرمىز شەھىرىدىن ئۆزىنى دالدىغا ئالغانلار قاتارىدا قېچىپ چىققانىدى . نەسەب ئاكا ئىش بىلەر ، يول بىلەر بولغاچقا ، قاچقانلارنىڭ كۆپىنچىسى دېگۈدەك ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىشتى . ئۇ بۇغداي ئۆڭ ، چەبدەس ، قاۋۇل ئادەم

بولۇپ، مىجەزى خۇش چاقچاق، خۇش پېئىل بولغاچقا، ھەممىنى ئۆزىگە قىزىقتۇراتتى، ھەرگىزمۇ يالغان سۆز قىلمايتتى، خۇشامەت-چىلىك ۋە ساختىپەزلىكنى نومۇسسىزلىق دەپ بىلگەچكە، باشقىلار ئالدىدا ئايرۇي - ئىناۋىتى يۇقىرى ئىدى. شۇڭا، نەسەب ئاكا ئۆزى يەرگە قاراپ خىجالەتچىلىكتە قالىدىغان ئىشلاردىن خالىي ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن يېڭى تونۇشقانلار بولسۇن ياكى سەپەرداشلىرى بولسۇن، نەسەب ئاكىنىڭ ھەقىقەتەن ھەرقانداق يەردە چوڭ - كىچىك دەپ ئايرىماي يېقىن سىرداشلاردىن بولالايدىغان سەمىمىيلىكىگە قايىل ئىدى.

قوي ئۆركۈگەندەك ئۆركۈپ يۈرت تاشلاپ قاچقان پۇقرالار ئارى-سىدا نېمە ئىشلار بولمايدۇ دەيسىز، يەپ - ئىچىش، كىيىم - كې-چەك، يېتىش - قوپۇشلاردا كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئورتاق پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. نەسەب ئاكا باشقىلاردا يوق، ئەمما ئۇلار ئېھتىياجلىق نەرسە ئۆزىدە بولمىسا نە - نەلەردىن تېپىپ ئەكې-لىپ بېرەتتى، ئۆزى ۋە يالغۇز كىچىك ئوغلى بەدىنى يېپىلغۇدەك كىيىم، ئاغزى نەملەنگۇدەك سۇ بولسىمۇ باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرەت-تى. قىسقىسى، يول ماڭغاندا يولنىڭ ئويمان - چوڭقۇرلىرىنى پىش-شىق بىلگەچكە، ئۇلارنى خەتەرسىز باشلاپ ماڭاتتى...

تۇيۇقسىز يولۇچىلار ئارقىلىق بىر خەۋەر تىرمىزدىن قېچىپ چىققانلارنىڭ قۇلىقىغا يەتتى:

— موڭغۇل قوشۇنلىرى قاياققىدۇر كېتىپتۇ. شەھەر ئادەمسىز قاپتۇ!

بۇنى ئاڭلىغان نەسەب ئاكا بىلەن قېچىپ يۈرگەن 100دىن ئوشۇق ئائىلە ئارىسىدا چوڭ غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى.

— بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزمۇ ئەنە شۇ شەھەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، بىزمۇ شۇ يەردە ئۆسكەن، ئۇ بىزنى كۆيدۈرىدىغان، ھالاك قىلىپ، قاق قىلىۋېتىدىغان شەھەر ئەمەس، بىزنى قىزىقتۇرۇپ، مەھلىيا قىلىدىغان شەھەر. بىز ئۆزىمىزنى قوغداش ئۈچۈنلا بۇ يەرگە قاچقان، ئەمدى قايتىپ كېتىمىز. بىز ئۈچۈن كىندىك قېنىمىز

تۆكۈلگەن يەردىن ئارتۇق مېھرى ئىسسىق ماكان يوق . قېنى ، نەسەب ئاكا ، يەنىلا سوغۇققانلىق بىلەن مەسلىھەت بېرىڭ .

— ئۇغۇ توغرا ، تىرمىز بىزنىڭ ئانا ماكانىمىز ، ئەمما بىزگە يەتكىنى يولۇچىلارنىڭ خەۋەرلىرى . شۇڭا ، ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ زىيان تارتىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن ، بىز يەنە بىر مەزگىل كۈتۈپ ، مەلۇم ۋاقىت مۇشۇنداق ئۆتۈپ تۇرايلى . ئەگەر بۇ خەۋەرنىڭ راستلىقى تېخىمۇ ئېنىق بولسا ، ئاندىن قايتساڭلارمۇ ئۈلگۈرىسىلەر-غۇ ؟ قانداق دېدىم ؟

نەسەب ئاكىنىڭ سۆزلىرى ئۇلارنى قايىل قىلدى ، ھەممەيلەن ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى ، لېكىن ئارىدىن بىرەيلەن :

— ماقۇل ، بىزغۇ كېيىنچە يۇرتىمىزغا كېتەيلى ، نەسەب ئاكا ئۆزىنىڭ قاياققا بارىدىغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق گەپ - سۆز قىلماي «قايتساڭلارمۇ »دەيدىغۇ ؟ ئۇ بىزگە ئۆزى توغرۇلۇق بىرنېمە دېسە…

— ھە راست ، ھە راست .

ھەممە ئۇنىڭ سۆزىنى بىر ئېغىزدىن قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ ، نەسەب ئاكىنىڭ ئاغزىغا قاراشتى .

نەسەب ئاكا خېلى جىمىپ قېلىپ ، ئاندىن ئېغىز ئاچتى :

— مەن سەيياھ بولايمىكىن دەۋاتىمەن . سىلەر بىلىسىلەر ، مانا بۇ ئوغلۇم ماڭا ھەمراھ بولالايدۇ . جاھانكەشتىلىك قىلىپ باقسام قانداق بولاركىن دەيمەن ، سىلەرچە قانداق ؟ !

نەسەب ئاكىنىڭ بۇ سۆزى ھەممىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى .

— جاھانكەشتىلىك جاھان تىنچ ۋاقىتتا بولىدىغان ئىش تۇرسا ، بۇنداق قالايمىقانچىلىق ، مالىمانچىلىقتا ئۆزىڭىزنى ئاسرىسىڭىز بولارمى-كىن ! ؟

— بەلكىم نەسەب ئاكىنىڭمۇ ئويلىغانلىرى باردۇ ؟ — دېدى كىمە-دۇر بىرى .

— باشقىچىراق بىر ئىشنى ئۇنىڭدىن سورىۋالاي دەيمەن ، — دېدى بىراۋ .

— قېنى ئەمىسە ، سورا .

شۇ ئەسنادا ئۇ ئادەم ئۆزىنى راۋۇرۇس تورختىتىۋېلىپ ، نەسەب ئاكىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ :

— سىزنىڭ ئەسلىي ئىسمىڭىز نېمە ؟ بىز بۇ يەرلىكلەر سىزنى ھازىرغىچە نەسەب ئاكا دەيمىز .

ئۇنىڭ بۇ سوئالىغا نەسەب ئاكا خېلى ئۇزاق جىمىپ تۇرۇپ كېتىپ جاۋاب بەردى :

— مېنىڭ ئەسلىي ئىسمىم ھېكىم ، بۇ ئۇيغۇر يۇرتلىرىدا كۆپ ئۇچرايدىغان ئىسىم . «نەسەب» بولسا مېنىڭ كېيىنچە ئۆزلىشىپ قالغان ئىسمىم . مېنىڭ ھازىرغا قەدەر ئۆتكەن 17- ئەجدادىمنىمۇ بالاساغۇندىكى ئادەملەر بىلىپ ، شۇنداق ئاتىشىۋالغانىدى .

— 17- ئەجدادىمنى دەمسىز ؟ ئۇلار قەيەرلەردە ئۆتكەن ئىكەن ؟

— تەڭرىتاغ باغرىدا بولمامدۇ ؟ !

— ھېلىقى كۆلتېگىن ، ئايتىكىنلەر يۇرتىدا دەمسىز ؟

— ھەئە ، شۇنداق !

— ئۇنداقتا سىزمۇ جاھانكەشتىلىكنى شۇ يەردە ئۆتكۈزمەكچى-مۇ ؟

— شۇنداق ، ئەلۋەتتە !

— توغرا ، توغرا . «يۇرت قەدرىنى شاھلار بىلمەس ، ئۆزگە يۇرتقا بارمىغۇنچە» دېگەندەك ، سىزمۇ ئەلۋەتتە يۇرتىڭىزنىڭ قەدرىنى بىلىسىز ، بۇنداق ئىكەن ، سىزگىمۇ يول بېرەيلى ! ئۆز يۇرتىڭىزنى تېپىۋېلىڭ...

سۆھبەتتىن كېيىن نەسەب ئاكا سەپەرداشلىرى بىلەن خوشلىشىپ ، ئارىلىقتا بىرەر يۈز چاقىرىم يولمۇ قالمىغان كونا شەھەرگە قاراپ ئوغلىنى يېتىلەپ ، يېپىنچا ، يېمەك - ئىچمەك ، خۇرجۇنىنى مۈرىسىگە ئارتقان ھالدا يۈرۈپ كەتتى ، كۆپچىلىك ئۇنى ئۇزىتىپ ، كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا ئاق يول تىلەپ قاراپ قېلىشتى .

## تۆتىنچى باب  تاسادىپىي ئۇچرىشىش

### 1

دەريا بويىدا بىرنەچچە ئادەم قارماق تاشلاپ قويۇپ پاراڭلاشماقتا ئىدى.

— ھازىر پەقەت ئارامىمدا ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدىم، — دېدى بىرسى يىراقلارغا قاراپ، — ناھايىتى تولا قارا بېسىپ ئويغىنىپ كېتىمەن. ئاتا - ئانامنى، بالا - چاقىلىرىمنى دائىم «قۇژ- قۇژ» چىلار تۇتۇپ كېتىپ چۈشەيمەن. بىز قاچانغىچە مۇشۇنداق ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۆتەرمىز؟

— تونۇگۈن قارىسام بىر ئىت بىر ئادەمنىڭ قولىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي چىشلەپ يۈرىدۇ. قارىغاندا، «قۇژ - قۇژ»چىلارنىڭ قىرغىنىغا ئۇچرىغان جەسەتنىڭ قولى بولسا كېرەك...

— شۇنداق، — دېدى يەنە بىرىمۇ خېلى ئۇزاق سۈكۈتتىن كېيىن، — بۇگۈنكى كۈنلەردە سەن - بىز ئۇرۇقلاپ كەتكەن بىلەن، ئىتلار سەمرىپ كەتتى!

— گۆشلىرىنى ئۆزلىرى يېۋېلىپ، ئۇستىخان تاشلاپ بەرگەن ئىتلارنىڭ ئۇنچىلىك دەرىجىدە سەمرىپ كېتىشلىرى ناتايىن. ھازىرقى ئىتلارنىڭ ئۇستىخان بوياقتا تۇرسۇن، گۆشكىمۇ قاراشقا كۆزى قالمىغان دېگىنە!

— راست، موڭغۇللار يۇرتلىرىمىزنى قەبرىستانلىققا ئايلاندۇرۇۋەتكەن بۇ زېمىندا ئادەم گۆشى ئىتلارنىڭ ئالدىدا تولۇپ تۇرۇپتۇ. مېنىڭ بىلىق تۇتۇشقا خوشۇم بولمىسىمۇ، نېمىشقا بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇرۇۋاتىمەن؟ بىھۇدە تۆكۈلگەن قانلار ھىدىدىن ئىچىم سىيرى-

لىپ ، كۆڭلۈم ئېغىپ ، سۇ ھاۋاسىدىن نەپەسلىرىمنى يىغىلىۋېلىش ئۈچۈن…

— مېنىڭ ھازىرمۇ كۆڭلۈم بىر ئەنسىزلىكنى تۇيۇپ تۇرۇۋاتىدۇ ، خۇددى ھېلىلا بۇ يەرگىمۇ ئۇلارنىڭ ئايىغى يېتىدىغاندەك…

دېگەندەك ، شۇ ھامان يىراقتىن ئات تۇياقلىرى بىلەن قوشۇلۇپ «قۇۋ - قۇۋ» ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى .

— بەلكىم بۇلار بىزگە چېقىلماسلىقى مۇمكىن ،— دېدى خېلى كۆزىتىپ مۆكۈنگۈدەك يەر تاپالمىغان بىرسى ،— ئاڭلىسام ، ماڭلايسۆيەرنىڭ خانى ئېسەن بۇقا ئەقلىدىن ئېزىپ ، قايسىبىر دالىدا يالىڭاچ يۈرەرمىش . بۇ «قۇۋ - قۇۋ »چىلار شۇنى تېپىش ئۈچۈن ماڭغانلاردۇر ، بەلكىم .

— بەلكىم ، بۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ ئادىتى ئەمەسمۇ؟ بىزلەرنى ئۈركۈتۈش ئۈچۈن ئۆز ۋاقتىدىمۇ تېمۇرچىنىنىڭ ئۆلۈكىنى نەچچە يىللاپ ساقلاپ ، ئۇنىڭ ھەيۋىسى بىلەن ئۆزىنى قوغدىغانلار بۈگۈنمۇ بىزنى بىلمەيدۇ دەپ «ئېسەن بۇقاخان بۇيرۇقى» دېگەن بايراقنى كۆتۈرۈۋېلىپ ، ئۇنىڭ جەسەتكە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى يوشۇرماق بولۇۋاتامدۇ تېخى !؟

— لېكىن نېمىلا بولمىسۇن ، بۇ «قۇۋ - قۇۋ» چىلارنىڭ ھەيۋىسى يوقاش ئالدىدا . شۇ كۈنلەرنى كۆرۈشكە نېسىپ قىلغاي ئىلاھىم ، نېمىلا بولمىسۇن ، يوشۇرۇنغۇدەك يەر بولسا ياخشى ئىدى…

— يەنە ئىشەنچلىك بىرسىدىن ئاڭلىشىمچە ،— دېدى بىرسى قىلچە ئېرەن قىلىپ قويماي ،— بۇلار ئېسەن بۇقاخاندىنمۇ خاتىرجەم ئوخشايدۇ ، ھازىرقى قىدىرىپ ئىزدەۋاتقىنى ئېسەن بۇقىنىڭ كىچىك توقىلى مەڭلىك خانىش دېيىشىدۇ . سەۋەبى ، ئۇنىڭ بويىدا قالغانمىش ، ئەگەر ئۇ تۇغۇلسا ، ئېسەن بۇقىنىڭ تەخت ۋارىسى بولىمىش…

— ئۇنى باشقىلار بۇلاپ قېچىپتىكەنمۇ؟

— ياق ، چوڭ خانىشى ئالمالىقتىكى بىر بەگكە ھەدىيە قىلىۋەتكەنىكەن ، ئەمما مەڭلىك خاتۇن دېگىنى ئۇنىڭ قولىدىن قېچىپ

كېتىپ خەۋىرى بولماپتۇ...
— مۇنداق دە!
ئاتىنىڭ تۇياق ئاۋازلىرى بىلەن «قۇۋ - قۇۋ» ئاۋازلىرى تېزلىكتە يېقىنلىشىپ، ئۇلار ئولتۇرۇشقان دەريا بويىدىن بوراندەك ئۆتۈپ كەتتى.
— چوقۇم كوناشەھەرگە ماڭدى بۇلار! — دېدى بىرسى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ بېشىنى سىلكىپ.

2

بىر كونا كەپىدە ئۈچ كىشى — مەڭلىك خاتۇن، نەسەب ئاكا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى يۇسۇپ قاتارلىقلار قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەندى. مەڭلىك خاتۇن بېشىنى كىر داكا ياغلىق بىلەن ئورىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ قورسىقىنىڭ خېلىلا چوڭىيىپ قالغانلىقى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى.
— سىزنى ئاتا دەپ دېسەم ياشقا توشمايدىكەنسىز، ئاكاملا دەي. ئۇزاق بوپتىكەن، بۇنداق خاتىرجەم بىر قېتىم ئىچىمدىن چىقىرىپ كۈلۈپ باقمىغىلى. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۆز ۋاقتىدا يۇرتۇمدا بىر قېتىم ئاتامنىڭ ئالدىدا ھازىرقىدەك كۈلۈپ كەتكەنتىم. ئاتام ناۋايلىق قىلاتتى، تولىراق ناننى تەۋەڭدە بېشىغا قويۇپ ساتاتتى. ئۇ بەزى كۈنلىرى خېرىدارلارغا ئىسسىق نان ئېلىپ بېرىمەن، دەپ تەۋەڭنى بېشىدىن چۈشۈرمەيلا قولىنى ئۇزىتىپ، نانغا قونۇۋېلىپ، ئۈستىدىكى سىيادانىلارنى چوقۇپ يەپ ئۈگىنىپ قالغان كەپتەرلەرنى تۇتۇۋالىدىكەن. بۇ ئىش ئۇنىڭ كۈندىلىك نان سېتىش داۋامىدا بولۇۋەگەندىن كېيىن، بۇ ئەھۋالدىن ھۇزۇرلىنىدىغان بولۇپ قاپتىكەن. ئۇ ئاغرىپ قالغان، بازارغا چىقمىغان كۈنلىرى بۇ ئادىتىنى سېغىنىدىكەن. «نان، ئىسسىق نان! ئىسسىق يەڭلار!» دەپ توۋلاپ ھارغان چاغلىرى تەۋەڭگە قونغان كەپتەرلەرنى ئۆزىگە تېخىمۇ جەلپ قىلىپ، شۇلاردەك بۇقۇلداشنى ئۈگىنىۋېلىپ، ئۆزىمۇ تەكرارلايدىكەن. بۇ

ھالەت دادامنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەچكە ، مەھەللىدە ئۆتكۈزۈل-
گەن بىر قىتىملىق توي مەرىكىسىدە ئالدىغا قويۇلغان پەتنۇستىكى
ھورى چىقىپ تۇرغان ئىسسىق ناننى يېنىدا ئولتۇرغان ھەمراھى
دادامنىڭ ئۇشتۇشنى تەكلىپ قىپتۇ ، دادام ناننى ئېلىپلا ئۆزىنى
ئۇنتۇغان ھالدا ئۇنى ئۇشتۇماستىن ، بىردىنلا كەپتەردەك بۇقۇلداپ
سايراپ كېتىپتۇ . بۇ چاغدا ئۆيدىكىلەر دادامغا قاراپ قاتتىق كۈلۈپ
كېتىپتىكەن . بۇ ئىشنى ئۆيگە كەلگەندە بىزگە ئېيتىپ بېرىپ ،
ئۆيدىكىلەرنى ، مېنى بەئەينى بۇگۈنكىدەك ئىچ - ئىچىمدىن كۈلدۈرۈ-
ۋەتكىنى ھېلىغىچە يادىمدا . پەقەت ئۆمرۈمدە بولۇنمىغان ئىشتىن يەنە
بىرسى بۈگۈن بولدى مانا . ئۇ بولسىمۇ سىز مېنى «بۇ... بۇ... ماۋۇ
ئوغلۇمنىڭ ئانىسى ، ۋۇي ، خوتۇن ، گەپ قىلمايسەنغۇ ؟ »دەپ مەھكەم
باغرىڭىزغا بېسىۋېلىپ ، تەكرارلاۋەرگەن سۆزىڭىزدىن خېلى ئۇزاق
گاڭگىراپ قېلىپ ، ئاخىر تۇيۇقسىز «راست ، راست ، بۇ مېنىڭ
ئېرىم ! ئۇ مېنىڭ بالام !» دېۋەتكەنلىكىمنى ئويلىسام كۈلكەم قىستاي-
دۇ...

بىردىنلا مەڭلىك خانىشنىڭ كۆز ياشلىرى پۇرقىراپ تۆكۈلدى .

— بولدى ، يىغلىماڭ ، كۈلۈپ تۇرۇپمۇ يىغلىغۇلۇقمۇ ؟— دېدى
نەسەب نېمە قىلارىنى بىلمەي .

— ياق ، مەن يىغلىۋالاي ، ياشلىرىم ئاقسۇن ، كۆز ياشلىرىم
دەريا - دېڭىز بولسۇن ، كۆكسى - قارنىم بوشىۋالسۇن ، دۈشمەنلەر-
نىڭ ماڭا قىلغان ياۋۇزلۇقىنى غەزەپلىك كۆز ياشلىرىم بىلەن بولسى-
مۇ لەنەتلىۋالاي ! چۈنكى ، ئۇ مېنىڭلا ئەمەس ، كۈرمىڭ - كۈرمىڭ
بىگۇناھلارنى شۇنداق ئازابلىدى ، ئاتا - ئانا ، قېرىنداش ، ۋاپادارلىرى-
دىن ۋاقىتسىز ئايرىدى . مانا بۈگۈنكى كۈندە گۈلستان زېمىنلارنى
گۆرىستانغا ئايلاندۇرۇۋەتتى ، مېنىڭ يۇرتۇم ، ئاتا - ئانام ، قېرىنداش-
لىرىم مېنى قۇتۇلدۇرىمەن دەپ كاللىسى بىگۇناھ ئېلىندى . مەن
ئۇلارغا قانداق چىداشلىق بېرىمەن ؟ قانداقمۇ ئۇلار ئۈچۈن تۆكۈۋاتقان
كۆز ياشلىرىمنى توختىتىۋالايمەن ؟ بۈگۈن بۇ كونا شەھەرگە مېنى
ئىزدەپ كەلگەن «قۇۋ- قۇۋ » چىلاردىن سىز مېنى ناھايىتى ئەپچىل-

لىك بىلەن قوتۇلدۇرۇپ قالدىڭىز . مېنى ئۇلار مەن قاچقان چېغىمدى-
كى بۆرتمە ياغلىق بىلەن ئەمەس ، مېنى كىر داكا ، مېزى چىقىپ
تۇرغان ئەسكى يوتقان ئىچىدە سىزنىڭ «بۇ بىمار مېنىڭ خوتۇنۇم ،
بالامنىڭ ئانىسى » دەپ قۇچاقلاپ تۇرغىنىڭىزدىنلا ئەمەس ، كالا - قوي
قىغى يىغىلىپ ، چىۋىن - پاشا گىژىلداپ تۇرغان قوتانغا ئېلىپ
كىرىۋالغىنىڭىز ئۇچۇنلا ئۇلار يىرگىنىپ ، ماڭا تازا دىققەت قىلماي
تاشلاپ كەتكەندى . بۇ ئەقىل - چارىنى سىز تاپتىڭىز ، لېكىن نەچچە
ئايلاردىن بېرى مېنى قوغداپ كەلگەن ھېلىقى ئاق كۆڭۈل ، ئەمما
ساددا بىچارە قوغۇنچى سىزدەك ئەقىل ئىشلىتەلمىگەچكە ، ئۇ
«راست ، ئۇ قىز مۇشۇ يەردە ئىدى ، ئاق بۆرتمە ياغلىقى بار ئىدى ،
لېكىن ھازىر يوق تۇرىدۇ ، نەگە كەتتىكىن ؟… » دەپ تەمتىرەپ
يۈرۈپ ، ئۇلارنىڭ قىلىچى ئاستىدا جان بەردى . سىز مېنى قۇتقۇزدى-
ڭىز ، ئەقىل بىلەن قۇتقۇزدىڭىز . شۇڭا ، سىزنىڭ دادامدەك مېھرى
ئىسسىقلىقىڭىزنى ھېس قىلدىم .

مەڭلىك خانۇن نەچچە كۈن ، نەچچە ئايدىن بېرى گەپ قىلماي ،
يىغلاپ يۈرۈپ ، گەپ سېغىنىپ قالغاندەك قىلاتتى . شۇڭا ، ئۇ بەزى
كۈلۈپ ، بەزى بوقۇلداپ يىغلاپ دېگەندەك خېلى ئۇزاق سۆزلىدى .
نەسەب بولسا ئۇنىڭ گېپىدىكە قۇلاق سالغاچ نېمىلەرنىدۇر يېزىۋاتاتتى .

— بىراق ، سىز تېخى تۈزۈك گەپ قىلمىدىڭىز ،— دېدى ئۇ
يەنە مۇڭلىنىپ ،— مەنلا سۆزلەپ كېتىۋاتىمەن . سىز بىرنەرسە يېزى-
ۋاتىسىز ، ئەمدىلا بەش ياشقا كىردى دېگەن بۇ ئوغلىڭىز يۇسۇپمۇ
يەر جىجاپ بىرنېمىلەرنى يېزىۋاتىدۇ . مېنىڭ بەك تەلىيىم بار ئى-
كەن . سىلەردەك ياخشى ئادەملەرگە ئۇچرىدىم . ئەمما ، بۇنىڭدىن
كېيىنكى ھاياتىم قانداق بولۇپ كېتەركىن ؟

— خاتىرجەم بولۇڭ ، مەن سىزنى قوغدايمەن ،— دېدى نەسەب
ئاكا چېھرىگە كۈلكە يۇگۇرتۇپ .

بىردىنلا يېقىنلا يەردىن تۆگىنىڭ كولدۇرما ئاۋازى ئاڭلاندى .
ھەممە تېتىكلىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى . راستتىنلا بۇ يەرگە بىر

كارۋان يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى...

## 3

«كولدۇر! كولدۇر! كولدۇر!»

تۆگە كارۋىنى نەسەب، ئۇنىڭ ئوغلى ھەم قاچقۇن قىز تۇرغان ئەسكى لاپاس يېنىدىكى ئېغىلغا يېقىنلاشتى. قىز كىر داكا ياغلىق يوچۇقىدىن تۆگىلەرگە زەن سېلىۋاتاتتى. ئۇ بىرىنچى تۆگە لوكىسىغا قارىدى، ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئادەم كۆرۈنمىدى، ئارقىدىن يەنە بىر تۆگە لوكىسىغا قارىدى، ئۇنىڭدىمۇ ھېچقانداق ئادەم كۆرۈنمىدى. بىراق، قىزنىڭ كۆزى تۇيۇقسىزلا ھەربىر تۆگىنىڭ لوكىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا مەھكەم باغلانغان باشىلارغا چۈشكەندە، تۇيۇقسىز چىرقىراپ تاشلىدى...

كارۋانغا ئۇنچە ئېرەنشىپ كەتمەي بىرنەرسە يېزىپ ئولتۇرغان نەسەب ئاكىمۇ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. قورقۇپ كەتكەن سەبىي ئوغۇل يۇسۇپ بولسا كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ ئاتىسىنىڭ قوينىغا مۆكۈۋالدى، مەئلىكمۇ نەسەبكە چاپلىشىپ جايىدا ئولتۇرۇپ قالدى.

ئەڭ ئاخىرقى تۆگىنى مىنىپ كەلگەن، ئۆزىنى تەڭ يولدا تاشلىۋەتكەن خوراز تۇتقان كارۋان بېشىنى كۆرگەندە قىز چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. چۈنكى، قىز بۇ كارۋان بېشى بىلەن يېرىم يولغىچە ھەمراھ بولغان ھەم كارۋاندىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بىلەتتى. مانا شۇ تاپتا قىز بىلىدىغانلارنىڭ كېسىلگەن باشلىرى ئۆزلىرى مىنىدىغان تۆگىسىنىڭ لوكىلىرى ئوتتۇرىسىغا تېڭىلغان بولۇپ، ھېچقايسىسىنىڭ تېنى يوق ئىدى. قىز بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمەكچى بولۇپ، يۈز - كۆزى قىيما - چىيما قانغا بويىلىپ، پۈتۈنلەي باشقىچە ئىسكەتتە خوراز تۇتقان كارۋان بېشىنىڭ ئالدىغا باردى. كارۋان بېشى قىزغا قاراپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى. نەسەب بىلەن ئوغلى ئۇ ئىككىيسىگە تېخىمۇ ھەيرانلىقتا قارايتتى. بۇ سىرنىڭ چاققانراق ئېچىلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى.

كارۋان بېشى تۇيۇقسىز يىغلىۋەتتى، ئۇ توختىماي ئۆكسۈيتتى، ئۆزىنى كاچاتلايتتى. قىز ئۇنىڭغا يېلىنغاندەك، ئەينەن ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىشكە ئۈندەيتتى. ئاخىر كارۋان بېشى بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەشكە باشلىدى:

— «ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت» دېسە، ئېرەن قىلمىغانىكەنمەن، سىڭلىم، — دېدى ئۇ نەسەبكە ياشلىق كۆزلىرى بىلەن قاراپ قويۇپ، — بۇ قارا يۈز «قۇۋ - قۇۋ»چىلارنىڭ ئاياغ ئىزى چۈشمىگەن يەر، زۇلۇم - زۇلمەتكە ئۇچرىمىغان ئادەم بۇ جاھاندا قالماپتۇ. بىز سىزنى قالدۇرۇپ قويساق، «قۇۋ - قۇۋ»چىلاردىن قۇتۇلىمىز، دەپ ئويلاپ، چىغىر يول بىلەن ماڭغانىدۇق. چۇ دەرياسى بويىغا يېتىپ بېرىشقا 100 چاقىرىمدەك قالغان ئارىلىقتا «قۇۋ-قۇۋ»چىلار تۇيۇقسىزلا كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولدى. بىز ئۇلارنىڭ قورشاۋىدا قالغاندۇق. ئۇلار تۆگىلەرنى باشلاپ ماڭغان ئادەمنىڭ بىرىنچىسىدىن باشلاپ سوئال سوراشنى باشلىۋەتتى:

— ئېغىر ئاياغ ھەم بۆرتمە ياغلىقلىق قاچقۇن قىزنى كۆردۈڭمۇ؟

— بىزنىڭ سىلەرگە قوشقان سودىگەر - كارۋانلىرىمىز قېنى؟

شۇنداق سوئاللارنىڭ ھەممىسىگە ھەربىر ئادەم ئارقىسىغا بىر قارىۋېتىپ، ئوخشاشلا «بىلمەيمەن» دېگەن جاۋابنى قايتۇردى، جاۋابتىن كېيىنلا ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئالغىلى تۇردى. ئاخىرقى تۆگىگە مىنگەن ماڭا سوئالغا جاۋاب بېرىش نۆۋىتى كەلدى. مەن نېمە دېيىشىم كېرەك؟ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدىم، ئۇزۇن قارا چاپانلىق، بېغىرەڭ سەللىلىك، قوللىرىغا قىلىچ تۇتقان بۇ ئالۋاستىلار مېنىڭمۇ شۇ دەقىقىدە بېشىمنى چۈجىنىڭ بويىنىنى ئۈزگەندەك تېنىمدىن جۇدا قىلىدىغان ھالەتتە تۇرۇشاتتى. شۇ دەقىقىدە «ئۆلۈمگە ھىيلە قىلغىن» دېگەن بىر تۇيغۇ چاقماق چاققاندەك كاللامدىن ئۆتتى. «مەن ئۇلارنى يولدا كۆرگەنىدىم. خېلى يىراقتا، پالانى يەردە...» دېگىنىمنى بىلمەيمەن، ئۇلار ماڭا قىلىچ - نەيزىلىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ: «سەن ئامان قالىدىغان بولدۇڭ، ئەمما بۇ باشلارنى يىغ، ھەرقايسىسىنى ئۆز تۆگىلىرىنىڭ لوكىسىغا باغلا. كېيىنكى قېتىم سەن بىز

بىلەن ئۇچراشقاندا باشلار مۇشۇنداق ئېسىلغان هالدا كۆرۈنۈشى كې-
رەك . مۇبادا باشلارنىڭ بىرەرسى يىتىپ كەتسە ياكى ئالمىشىپ
قالسا ، سېنى كۆرەرگە كۆزىمىز يوق . بۇ باشلار ئاۋام خەلققە ئىبرەت
قىلىنسۇن ! » دېدى .

شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك قىلدىم . ئۇلار كېتىدىغان
چاغدا : «بىز بۇياققا قاچقان كارۋانلارنى قوغلاپ ماڭدۇق ، قايتىش
يولىمىزدا ئۇچرىشىمىز . ناۋادا بىزدىن قېچىپ قۇتۇلۇش ئويىدا بولى-
دىكەنسەن... » دېدى ھەربىرى خۇددى نەيزىدەك كۆزۈمگە تىكىلىپ
هەم چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ .

مانا شۇ ئىشقا نەچچە كۈن بولۇپ قالدى . بىر كۈن ئاچ ، بىر
كۈن توق دېگەندەك تۆگىلىرىمنى هەيدەپ بۇ يەرگە يېتىپ كەلدىم .
خورىزىم بولسا ئۇلار بار جايدا تاغاردا ئىدى ، كېيىن تاغاردىن چىقىرى-
ۋەتتىم . خورىزىم بىردەم ئۇ تۆگە ، بىردەم بۇ تۆگە لوكىسىغا ئۇچۇپ
قونۇپ ، سەهەر بولغاندا قىچقىرىپ ماڭا ئەرمەك بولۇپ ، كېسىلگەن
باشقا ئۇلاشقان پاشا ، چىۋىنلەرنى تۇتۇپ يەپ بۇ جايغىچە هايات
كەلدى .

— ئەمدى يۇرتىڭىزغا قايتماقچى بولۇۋاتامسىز ؟— دېدى قىز
كۆز ياشلىرى تۆكۈلگەن هالدا .

— ياق ، قەيەر تىنچ بولسا شۇ يەرگە...

— ئۇنداقتا ، ماڭا ئەگىشىڭلار ، هازىرلا يولغا چىقىمىز !—
دېدى كارۋان بېشىنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى تولۇق ئاڭلىغان نەسەب
كەسكىن قىلىپ .

— قا... قاياققا ؟— سورىدى كارۋان بېشى ئىككىلەنگەندەك .

— تەڭرىتاغلىرىنى بويلاپ شىمالغا ئۆتىمىز .

— ئۇلار مېنى ئىزدەپ تېپىۋالسا...

— ئۇنى ئويلاپ ئولتۇرىدىغانغا ۋاقىت يوق . تېز ئاتلىنايلى !...

— بوپتۇ ، شۇنداق قىلمايمۇ ئامال يوق ئوخشايدۇ ،— دېدى
كارۋان بېشى قوشۇلۇپ .

ئۇلار نەسەب ئاكا باشلىغان يول بىلەن ئازراق ماڭغاندىن كې-

يىمىن ، دەشت - چۆلدە كارۋان بېشى ، قىز ، نەسەبىنىڭ ئوغلى يۈسۈپ قاتارلىقلار باشلارنى تۆگە لوكىلىرىدىن چۈشۈرۈپ ، بىر جايىنى كولاپ دەپنە قىلدى - دە ، دۇئا - تەكبىر ئوقۇپ ، ئاندىن يۈرۈپ كېتىشتى .



# بەشىنچى باب تەقدىرداش ھەمراھلار

## 1

— توختاڭلار ، تۆگىلەرنىڭ بېشىنى بۇ تەرەپتىكى قويۇق چاتقال-لىققا بۇراڭلار !

نەسەب ئاخۇن ئاكىنىڭ دېگەنلىرى بۇ بىرنەچچە ئادەم ئىچىدە يول بويى بىرىنچى دەرىجىلىك بۇيرۇق بولۇپ ئورۇندىلىپ كېلىۋاتاتتى . بۇ نۆۋەتمۇ شۇنداق بولدى ، ھەممە ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى شەرتسىز قوبۇل قىلىپ ، بىردەمنىڭ ئارىلىقىدا تۆگىلەر يولدىن چىقىپ چاتقاللىققا كىرىپ بولدى . ئاۋۋال نەسەب ئاخۇن ئاكا ، ئاندىن باشقىلار تۆگىدىن چۈشتى . نەسەب ئاكا كارۋان بېشىغا بۇيرۇدى :

— تۆگىلەرنى چاتقال ئارىسىدا كۆرۈنمىگۇدەك قىلىپ چۆكتۈ-رۈڭ !

كارۋان بېشى دەرھال تۆگىلەرنى يېتىلەپ يۈرۈپ ، تۇمشۇقلىرى-نى ئۇۋۇلاپ ، ھەممىسىنى چۆكتۈرۈپ چىقتى .

— قىزىق ،— دېدى نەسەب ئاكا ،— تۆگە ھەقىقەتەن كۆچتۈڭ-گۈر ، چىدامىلىق ھەم يوغان ، لېكىن بەكمۇ ياۋاش ھايۋان . بابا ئۇنىڭ تۇمشۇقىنى ئۇۋۇلاپ چۆكتۈرگىنىڭىزگە قاراپ ئۇنىڭ تۇمشۇقى ئۇنى بوزەك قىلغۇچىلارنىڭ مۇھىم نىشانى ئىكەن ، دەپ ئويلاپ قالدىم . چۈنكى ، مەن بۇرۇنمۇ تۆگىنىڭ تۇمشۇقىغا دائىر مۇنداق بىر ئەمەلىي ئىشنى كۆرگەنمەن :

ھەممىدىن ياۋۇز ھايۋان — بۆرە . ھەممىدىن چوڭ ھايۋان — تۆگە . بىر كۈنى بۆرە كۆزلىرىنى قىزارتىپ ، چىشلىرىنى غۇچۇرلى-تىپ ، تۈرقىنى ھۆرپەيتىپ ، تۆگىنى يەيمەنلا دەپ تۇراتتى . لېكىن ،

ئالدىدىكى تۆگە ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە يوغان ھەم ئېگىز بولغانلىق-
تىن ، ئۇنىڭغا قانچە ھەيۋە قىلغىنىنى بىلەلمۇ ئۇنى يېپىشكە قوربى
يەتمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ، بىردىنلا ھالىتىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەر-
تىپ ، بەئەينى تۈلكە قىياپىتىگە كىرىپ ئويناقشىشقا ، يۈز - كۆزىدە
تەبەسسۇم پەيدا قىلىپ مۇلايىملىشىشقا باشلىدى . تۆگە ئۇنىڭ يالغان
جىلۋىسىگە مەپتۇن بولۇپ سۆيۈنۈپ كەتتىمۇ - قانداق ، تۈيۈقسىز
تۇمشۇقىنى بۆرىگە ئاپىرىپ سۈركىدى . مۇشۇنداق پەيتنى كۈتكەن
بۆرە ئۇنىڭ تۇمشۇقىنى ئامبۇردەك چىشلىرى بىلەن چىڭ چىشلەپ
تۇرۇۋالدى . نەتىجىدە تۆگە ئامالسىز تىزلىنىپ چۆكۈشكە مەجبۇر
بولدى ۋە قايتا ئورنىدىن تۇرالمىدى .ئاخىر ئۇ يەم بولۇپ كەتتى...
بۇنى مەن كىچىكىمدە ئەينەن كۆرگەنمەن . بۈگۈن سىز تۇمشۇقىنى
ئۇۋۇلاپ ، ئۇلارنى چۆكۈرگىنىڭىزگە قاراپ بۇ كەچمىش يادىمغا كې-
لىپ قالدى...
— تۇۋا ، تۆگە كارۋان بېشى بولغان 30 يىلدىمۇ ئاڭلىمىغان ،
كۆرمىگەن گەپنى سىزدىن ئاڭلاۋاتىمەن . مەنمۇ شۇ تۆگىدەك ئەخمەق
بولمىسام ، مالىماتاڭچىلىق يۈز بىرىۋاتقان مۇشۇنداق كۈنلەردىمۇ باي-
لىق ۋەسۋەسىسىدە يولغا چىقامدىمەن ؟
— ياق ،— دېدى نەسەب ئاكا ،— «قان بىلەن كىرگەن خۇي
جان بىلەن چىقار » دېگەندەك ، سىز بالا ۋاقتىڭىزدىن باشلاپ بۇ يولنى
تاللىغان . بۇ يولسىز ئۆتكەن كۈنلىرىڭىز سىز ئۈچۈن ھامان بىمەنە
تۇيۇلىدۇ . شۇڭا ، مەيلى تىنچ كۈنلەردە بولسۇن ، مەيلى تىنچسىز
كۈنلەردە بولسۇن ، سىزنىڭ سەپەر قىلىشىڭىز ئۇرۇنلۇق...
— ئۇغۇ شۇنداق ،— دېدى كارۋان بېشى نەسەب ئاكىنىڭ سۆزى-
دىن مەمنۇن بولۇپ .
— ئەنە ، ئۇلار يېتىپ كەلدى ،— دېدى نەسەب ئاكا بېشى بىلەن
يىراقتىن كېلىۋاتقان بىر توپ كارۋاننى ئىما قىلىپ ،— باياتىن
ئۇلارنى باشقا يول بىلەن كېتەرمىكىن دەپ بۇ جايغا مۆكۈنۈپ ،
سىلەرنى پاراڭغا تۇتۇپ كۈتۈپ تۇرغانىدىم ، ئەمما ئۇلار بىز ماڭغان
ئىزغا چۈشۈۋالدى . ئەمدى ئۆزىمىزنى باشقا جايغا يوشۇرۇشى-

مىز كېرەك .
— «قۇۋ - قۇۋ»چىلار ئەمەستۇ - ھە؟ ئەگەر شۇلار بولسا تۇگەشكىنىمىز شۇ !— دېدى كارۋان بېشى لاغىلداپ تىترەپ .
قىز بولسا ئۇنىڭغا قارىغاندا ئۆزىنى تۇتۇۋالغانىدى . شۇنداقتىمۇ نېمىشقىدۇر تولغىنىپ بىئارامىلىق ھېس قىلاتتى ، بەزىدە ئالىقانلىرىنى ئاغزىغا ئاپىرىپ «ھۇ» قىلاتتى .
— قاراڭ ، ئەنە ئاۋۇ تۆگىلەرنىڭ قەدەملىرىنىڭ ئاستىلاپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراڭ... ئۇنىڭدا جەزمەن ئالتۇن - يامبۇ بارلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ ،— دېدى كارۋان بېشى نەسەب ئاكىغا ،— ئارقىسىدىكى تۆگىلەرمۇ شۇنداق مېڭىۋاتىدۇ . ئەنە ، تۆگە لوكىلىرىنىڭ ئىككى تەرىپىگە چۇشۇرۇلۇپ باغلانغان ساندۇقلار... «قۇۋ - قۇۋ»چىلار قەدىمى يەتكەنلا يەردىن ئالتۇن - يامبۇ يىغىدۇ ، لېكىن بۇگۇن ئۇنى ئېلىپ ماڭغانلارغا قارىغاندا «قۇۋ - قۇۋ»چىلار بىزدىنمۇ سودىگەر چىقسۇن دەپ ئۇلارغا قوشقان سودىگەرلىرى ھېچ يەردە كۆرۈنمەيۋاتىدۇ . شۇنىڭغا قارىغاندا ئوغرىنى قاراقچى سوقتىمىكىن دەيمەن . باياتىن بىزگە يولۇققانلارنىڭ ئۆز سودىگەرلىرىنى ئىزدەپ يۈرگىنى بىكار بولمىسا كېرەك . يەنە بۇ ماللار ئۇلارنىڭ سودىگەرلىرىنىڭ بولغاندا ئىدى ، ھەرگىزمۇ بۇ يول بىلەن ئەمەس ، «توغلا»غا بارىدىغان باشقا تەرەپتىكى يول بىلەن ماڭغان بولاتتى .
— بىز يەرگە ئۈرۈق سېلىپ ، سۇ بېرىپ مەھسۇلات ئالىمىز . ئۇلارچۇ ، يەرگە ئادەم قېنى تۆكۈپ ئالتۇن - يامبۇ ئالىدۇ ،— دېدى نەسەب ئاكا ئويلىنىۋېتىپ .
— توغرا ، ئەجەب توغرا گەپ قىلدىڭىز ، ئۈرۈشخۇمارلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق بولسا كېرەك .
قىز بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ قورسىقىنى توختىماي سىيلاپ ، بىر تەرەپتىن كۆز ياشلىرىنى تۆكۈۋاتاتتى .
— ئەنە قاراڭلار ، ئاۋۇ يىراقتا قاراڭلارچۇ... نېمە كۆرۈۋاتىسىلەر ؟— دېدى نەسەب قولىنى يىراقلارغا سوزۇپ .
— بۇلۇتقا تاقاشقان ئاق تۇرخۇندەك بىرنېمە كۆرۈنۈۋاتامدۇ -

نېمە ؟— دېدى كارۋان بېشىمۇ سىنچىلاپ قاراپ .
— ھە ، كۆرۈپسىلەر ، بىزنىڭ ھاردۇق ئالىدىغان جايىمىز ئەنە شۇ . ئۇ تۇنجى ئىسلام دىنى پايتەختى بولغان ، ئاتاقلىق ئىلىم - پەن ئالىملىرى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن زېمىن — بالاساغۇن شەھىرىدىكى مۇنار بولىدۇ .
— بالاساغۇن ؟ ئۇنداقتا تېزرەك ئاتلىنايلى ، باشقا پالاكەتكە ئۇچ-راشتىن بۇرۇن شۇ جايغا بېرىۋالايلى ،— دېدى كارۋان بېشى . قىزمۇ سەل ئەسلىگە كەلگەن بولۇپ ، بۇ سۆزنى قۇۋۋەتلىدى .
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ناھايىتى تېزلىكتە تۆگىلەرنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ بالاساغۇنغا قاراپ ئاتلاندى .

## 2

جىمجىت مېڭىۋېرىپ كارۋان بېشىنىڭ ئىچى پۇشۇپ كەتكەنىدى . ئۇ يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان مۇنارغا قاراپ ئۇھسىنىپ قويغاندىن كېيىن ، مىنىپ كېلىۋاتقان تۆگىسىنى تېزلىتىپ ، نەسەب ئاكىغا يانداشتى :
— مەن سەپەر قىلىپ كۆپ يەرلەرگە بېرىپ باققان بولساممۇ ، ئەمما بالاساغۇنغا بېرىپ باقماپتىكەنمەن . بىراق ، ئۇنىڭ داڭقىنى كىچىك ۋاقتىمدىن باشلاپ بىلىمەن . شۇڭا ، خالىسىڭىز ماڭا بالاساغۇن شەھىرى ھەققىدە پاراڭ قىلىپ بەرسىڭىز بوپتىكەن…
— ئۆز ۋاقتىدىكى شانۇشەۋكەتلىك قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ پايتەختى ئىككى بولۇپ ، بىرى مەشھۇر مەدەنىيەت مەركىزى قەشقەر ، يەنە بىرى مانا شۇ بالاساغۇن ئىدى . بۇ ئىككى شەھەر ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى ، بىلىملىكلەر جەم بولغانلىقى بىلەن باراۋەر دەرىجىدە مەشھۇر بولغان . دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كىشىلەر ئۆزۈل-مەي بۇ جايلارغا كېلىپ تۇرغان . بۇ ئىككى شەھەردىن ھەر تەرەپلىمە يېتىلگەن ئالىم - ئەدىبلەر ناھايىتى كۆپ يېتىشىپ چىققان…
— پاھ ، تارىخىي بىلىمىڭىز مولكەن—… دېدى كارۋان بېشى

قايىل بولۇپ .
نەسەب ئاكا ئۇندىمىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى يىراقتا تىكىلگەنىدى .

* * *

— نەۋباھارنى يولدا ئۇچتكۇزۇپ ، يازغا — بوغداي ئورمىسىغا ئۇلگۇرۇپ كەپتۇق . پاھ ، بۇ بوغدايلارنىڭ ئوخشىغىنىنى ؟— دېدى كارۋان بېشى ھاياجانلىنىپ .

— شۇنداق ،— دېدى نەسەب ئاكا ئالتۇن باش بوغداي ئېتىزلىرىنى كۆرسىتىپ زوق بىلەن قاراپ ،— چىڭگىزخان لەشكەرلىرىدىن كېيىنكى «قۇۋ - قۇۋ» چىللارغا قالغان بەلگىلىمىدىمۇ ھەرقانداق ئۇرۇش ۋاقتىدا زىرائەتلەرنى ۋەيران قىلغانلارنىڭ كاللىسى ئېلىنىدىغان تۈزۈم ئىجرا قىلىنىۋاتىدۇ . بۇنى ئۇلارنىڭ ئەڭ ئىجابىي بىر تەرىپى دېيىش مۇمكىن . چۈنكى ، چىڭگىزخان بىر قېتىملىق جەڭدە ئاشلىق زىرائىتى ئۈستىدە ئات چاپتۇرۇپ قويغان قىلمىشىنى ئەيىبلەپ ، ئۆز كاللىسىنى ئېلىشنى باشقىلارغا بۇيرۇپتۇ . ئەمما ، ئەل چىڭگىزخاندىن كاللىسى ئېلىنماسلىقنى ، ئۆز - ئۆزىنى بىر قېتىم ئەپۇ قىلىشنى ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋاپتۇ . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن موڭغۇل قوشۇنىدا بۇ تەسىرلىك ۋەقە مەڭگۈلۈك قانۇن ئورنىدا ئىجرا قىلىنىپ كېلىنىۋېتىپتۇ ، بولۇپمۇ چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن جايلار ئاشلىق تېرىلىدىغان رايونلار بولغاچقا ، يۇقىرىقى تۈزۈم تېخىمۇ جانلىق ئەمەلىيلەشكەن . شۇڭا ، بۇ يەردە بىز يوللاردا كۆرگەن كېسىلگەن باش ، چېپىلغان تەن ، دەريا - دەريا ئاققان قان ، كۆيدۈرۈلگەن زېمىن ئىزى كۆرۈنمەيدۇ...

تاغ قاپتىلىغا جايلاشقان بۇ جاي ھەقىقەتەن مۇنبەت ، پايانسىز ۋە گۈزەل كۆرۈنەتتى ، ئېتىزلىقلاردىكى بولۇق ئۆسكەن ئالتۇن باشاقلار ئويۇق بىلەن ئۇيۇقنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغاندەك ئىدى ، خىلمۇخىل ئۇچار قۇش ، جان - جانىۋارلارنىڭ سايراشلىرى شۇنداق ئەركىن ، شۇنداق يېقىملىق ئىدى . شاۋقۇن سېلىپ ئېقىۋاتقان چۇ دەرياسىنىڭ

سۆزۆك سۇيى بۇ ۋادىنىڭ گىرۋىكىنى سۆيىۋۆپ ئۆتەتتى . ئۇنىڭدا
ئۇزۇپ ، شاۋقۇن - سۈرەن بىلەن ئويناۋاتقان باللارنىڭ ئاۋازلىرى ،
دەريا بويىدىكى سەيلە - ساياھەتچى ، بېلىق تۇتۇۋاتقان تورچى - قارماق-
چىلار شۇنداق جۇشقۇن ، بىغەم ئىدى . بۇنى كۆرگەن نەسەب ئاكا ،
قىز ۋە كارۋان بېشىنىڭ چىرايلىرى بۇلۇتتىن كېيىنكى ئاپتاپتەك
بىردىنلا ئېچىلىپ ، ئۆزلىرى يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى . يول بويى
يېتىم قالغان قوزىدەك شۇمشىيىپ كېلىۋاتقان كىچىك يۇسۇپمۇ كۆز-
لىرىنى ئويناتتىپ ، سۇدىكى باللارغا قاراپ كۆزلىرى نۇرلىنىپ
كەتتى .

ئالتۇن رەڭ ئېگىزلىقتا ئاخىرقى شولىسىنى قالدۇرۇپ تاغ
ئارقىسىغا مۆكۈشكە تايىن تاپقان قۇياش نۇرىدا بۇلۇتقا تاقاشقان بالاسا-
غۇن مۇنارى ئۆزىنىڭ ھەيۋەتلىكلىكى ، ھەرخىل پارقىراق نەقىشلى-
رى بىلەن ئۇلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ ، مەھلىيا قىلى-
ۋالغانىدى .

بۇ سەككىز قەۋەتلىك ئايلانما مۇنار بولۇپ ، ھۇجرىسىغا ئىشخا-
نا ، دەم ئېلىش ئورۇنلىرى ، تەختىراۋانلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان ، سىر-
تى ئالتۇن رەڭ بىلەن بېزەلگەنىدى . كەچكى شەپەق نۇرىدا شۇنچە
ھەيۋەت ، شۇنچە كۆركەم كۆرۈنۈپ كۆز چاقنىتىۋاتقان بۇ مۇنار ناھا-
يىتى كۆپ ئىسسىق - سوغۇقنى بېشىدىن كەچۈرگەن نەسەب ئاكىدا
خىلمۇخىل ھېس - تۇيغۇلارنى ئويغاتقانىدى ، بولۇپمۇ بۇلۇتقا تاقاشقان
ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىلىرى ئۇنىڭ ھاياجانلىق تۇيغۇلىرىغا سەۋەب بولۇ-
ۋاتاتتى :

«ئەي قۇتلۇق تاغ ، سەن ئاپىرىدە بولغان زامانلاردىن بۇيان باغۇ
بوستانلىق ، گۈل - گىياھلىق ئېتەكلىرىڭدە نەچچە يۈزلەپ ، نەچچە
مىڭلاپ جەڭلەر بولۇپ ئۆتتى . نەچچە خانىدانلىقلار تىكلەندى ، گۇم-
ران بولدى . كۈرمىڭ قەھرىمانلار سېنىڭدە ئىسسىق قان ، بەردەم
تەنلىرىدىن ئايرىلدى ، سانسىز سەركەردە ، پالۋان ، شاھۇگادايلارنىڭ
ئارزۇ - ئارمانلىرى بەربات بولدى . يەنە كۈرمىڭلىغان ئالىم ، شائىر ،
مۇزىكانت ، ھۈنەر ئۇستىلىرى ئۆز سەنئەتلىرى بىلەن جاھان خەزىنى-

سىنى بېيىتتى ھەم سىنىڭدەك ھەيۋەت، كۆركەم ئاۋۇ بىنا، مۇنارلارنى زېمىن ئۈستىگە قەد كۆتۈرگۈزدى، ساڭا ھۆسن قوشتى...»

## 3

تۇيۇقسىز شەھەر تەرەپتىن قېچىپ چىققان بىر توپ ئادەم شەھەر مەنزىرىسى ۋە تەبىئەت ھۆسنىنى تاماشا قىلىۋاتقان نەسەب قاتارلىقلارغا «قۇۋ - قۇۋ»چىلارنىڭ بالاساغۇن مۇنارى ئەتراپىدا پەيدا بولۇپ قان تۆكۈشكە باشلىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتتى. دېمىسىمۇ، شۇ تاپتا ھەممە تەرەپتىن يىغا - زار، قىيا - چىيا ئاۋازى ئاڭلانماقتا ئىدى. نەسەب ئاكىغا قارىغاندا چوڭ قىرغىندىن ئۆزىلا ئامان قالغان كارۋان بېشى لاغىلداپ تىترەشكە باشلىغانىدى.

— ئاھ، بۇ زۇلمەت، قان - ياشنى كۆزۈم كۆرمىسۇن، بۇ قىرغىنچىلىق، بىھۇدە ئاپەت، قان تۆكۈشنى ئىلاھ ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ئۆزۈڭ يوقاتقايسەن! ئەي ئۇلۇغ ئاللا، ساڭا ئىلتىجا قىلماقتىن باشقا بىزدە ھېچبىر ئامال يوق!... ئەمدى ئۆلدۇق، ئەمدى ئۆلدۇق...— دەيتتى كارۋان بېشى كالتە ساقاللىرىنى ئاقپىشماق، دۈگىلەك يۈزىدىن بەئەينى ھېلىلا يۇلۇپ قولىغا ئېلىۋالىدىغاندەك كۈچ بىلەن سىقىمداپ ئالاق - جالاق بولۇپ.

ئۇلارنىڭ بۇ قېتىمقى ھۇجۇمغا ئۆتۈشى تېخىمۇ قورقۇنچلۇقتەك قىلاتتى. «قۇۋ - قۇۋ» ئاۋازلىرى تېخىمۇ دەھشەتلىك، تېخىمۇ مۇدھىش ئىدى. لەشكەرلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلەتتى، ئالدىغا ئۇچرىغان پۇقرالارغا چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال دېمەي قارا - قويۇق قىلىچ ئۇراتتى. ئۇلار بەزىدە بىراۋنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇۋالاتتى - دە، كۆزلىرىگە دەھشەت بىلەن تىكىلىپ:

— خانىمىز ئېسەن بۇقاخاننىڭ توقلىنىڭ بىر كارۋان بىلەن مۇشۇ شەھەر تەرەپكە كەتكەنلىكىنى كۆرگەنلەر بار. سەنلەر كۆرمەسەڭ كىم كۆرىدۇ ئۇلارنى؟! ئېيتىمشە، ئۇلارنى كىم يوشۇردى، كىم ئۆلتۈردى؟ ئۇلار زادى ئاسمانغا چىقىپ كەتتىمۇ ياكى يەتتە قات

يەر ئاستىدىمۇ؟ بىز ھەممە ئۆيىنى ئاختۇرىمىز. ئېسىڭدە بولۇشسۇن-كى، ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن قاتىل، توقال خاتۇننى يوشۇرغان ئەبلەخ تېپىلمايدىكەن، زېمىننى تېخىمۇ قانغا بويىغىنىمىز بويىغان. مانا مۇنداق !— دېگىنىچە تۇتۇۋالغان ئادىمىنىڭ قورسىقىغا قىلىچنى تىقىپ قوچۇيتتى. ئۇلارنىڭ ئەسەبىيلىكى ئالدىدا ھېچكىم، ھېچ نەرسە ئامان قالمايدىغاندەك ئىدى.

— ئاھ، خۇدا، بىز ئۆلىدىغان بولدۇق، ئۆلىدىغان بولدۇق !— دەيتتى كارۋان بېشى، — بىزنىڭ بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ قولىدىن ساق قۇتۇلۇپ كېتىشىمىز يوق گەپ، ئۆلىدىغان بولدۇق... !

كارۋان بېشىنىڭ نالىسىگە قاراپ نەسەب ئاكىنىڭ تورۇپلا غەزىپى كەلدى، ئەمما ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ئېغىر - بېسىق ئاھاڭدا:

— سىز ناھايىتى كۆپ ئىسسىق - سوغۇقنى باشتىن كەچۈرگەن بەردەم بىر ئەرغۇ؟ بىز ھازىر ئاھ - ۋاھنى قويۇپ، ماۋۇ قىزنى قوغدايلى، ئاسرايلى. قاراڭ، ئۇنىڭ يەنە قورسىقى ئاغرىپ قاتتىق قىينىلىۋاتىدۇ. ئۇنى چوقۇم بەلگىلەنگەن مەنزىلگە يەتكۈزۈۋالايلى، — دىدى.

— سىز نىشانغا دەيسىز، ئۇلار بىزنى شۇ تاپتا قورشاۋغا ئېلىپ قىلىچ ئۇرۇۋاتسا، ئۆزىمىزنى قايسى يول بىلەن قۇتقۇزۇپ، قايسى نىشانغا يېتىمىز؟

— ئوغۇل بالىغا تەدبىر ئازمۇ؟ بۇ تەرەپ بىلەن شەھەردىن چەتنەپ ئۆتۈپ ئىسسىق كۆل تەرەپكە ئۆتۈپ كېتەيلى.

— ئۇلار كەينىمىزدىن قوغلاپ ئۇ يەرگە بارالامدۇ؟

— بارالايدۇ، لېكىن چاغاتاي بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا قاتتىق يارىلانغاندا، ئىسسىق كۆل سۈيىگە بىرلا چۆمۈلۈپ چىقىپ سەللىمازا ساقايغانىكەن، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ئۆز پۇقرالىرىغا: «بۇ يەردە بىزنىڭ چوڭ شاپائەتچىمىز بار ئىكەن، ئۆزىنىڭ شىپالىق سۈيىنى بىزگە ئاتا قىلغانىكەن، مېنىڭ ئەۋلادىم شاپائەتچى بار بۇ ماكانغا ئىبادەت قىلسۇن، قان تۆكۈش، بىھۇدە ئازارچىلىق ھەرىكەتلەرنى قىلغۇچى بولمىسۇن» دەپ ۋەز - نەسىھەت قىلغانىكەن. شۇڭا، ئۇنىڭ

كېيىنكى بۇ «قۇۋ - قۇۋ» چىلىرى ئۇ يەرگە بېرىۋالساق بىزگە ئازار يەتكۈزمەسلىكى مۇمكىن، بولۇپمۇ بۇ ئاجىزەنىڭ قورساق ئاغرىقىغا ئىسسىق كۆل سۈيى شىپا بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

— بۇ يەردىن ئامان - ئېسەن كېتىۋېلىشنىڭ راستىنلا ئامالى بارمۇ؟

— بار، — دېدى نەسەب ئاكا ۋە تۆگە كارۋىنىنى ئۇلار چۈشكۈن قىلغان سارايىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئۆزى باشلاپ ماڭدى. ئۇلاردا جەمئىي ئۈچ تۆگە بولۇپ، بىر تۆگىگە نەسەب ئاكا، ئارقىدىكى تۆگىگە قىز بىلەن يۈسۈپ، يەنە بىرىگە بولسا كارۋان بېشى ئولتۇرۇپ كەلگەنىدى.

بىر تارچۇق چىغىر يولغا چىققاندىن كېيىن، نەسەب ئاكا ئارقىغا بۇرۇلۇپ:

— بۇندىن كېيىنكى ماڭار يولىمىز پۈتۈنلەي چاتقاللىق، تاغلىق، قارلىق يول. ئەمدى ئىسسىقنىمۇ، سوغۇقنىمۇ، يامغۇرنىمۇ، قارنىمۇ كۆرىسىلەر. ئاخىرقى مەنزىلىمىزگە بارغۇچە يەنە خېلى كۆپ يول يۈرىمىز. شۇڭا، ئۇ يەرگە بېرىش ئالدىدا «قۇۋ - قۇۋ» چىلارنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋېلىش ئۈچۈن بۇ كىيىمنى كىيىۋېلىڭلار... — دەپ باياتىن سارايدىن ئېلىۋالغان موڭغۇلچە كىيىملەرنى تارقىتىپ بېرىپ، يولغا راۋان بولدى.

# ئالتىنچى باب خىلۋەتتىكى شەپقەتچى

## 1

قويۇق چاتقاللىق خىلمۇخىل گۈل - چېچەكلەر بىلەن بېزەلگەن-
دى . ئەتراپتا ھەرخىل ئۇچار قۇشلار سايرىشاتتى . ئېيىق ، بۆرە ۋە
باشقا ھايۋانلارنىڭ قورقۇنچلۇق ئاۋازلىرىمۇ پات - پات ئاڭلىنىپ
تۇراتتى . شۇنداقتىمۇ توختىماي داۋاملىشىدىغان بىرخىل ئاۋاز بۇ
يەردىكى ھەممە ئاۋازنى بېسىپ چۈشەتتى . بۇ ئاۋاز شاۋقۇنلۇق ،
ئۆركەشلەپ قىرغاققا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىنىڭ ئاۋازى
ئىدى . چاتقاللارنى قوللىرى بىلەن قايرىپ مېڭىۋاتقان نەسەب ئاكى-
نىڭ ئالدىغا تۇيۇقسىز تەلەتى قورقۇنچلۇق بىر ئادەم پەيدا بولۇپ
قالدى . ئۇنىڭ چاچ - ساقاللىرى كومۇشتەك ئاقارغان ، يېرىم يالىڭاچ
بەدەنلىرى كۆيگەن كۆتەكتەك قارا ئىدى . چاك - چاك يېرىلغان يالاڭ
ئاياغ پۇتلىرى شۇ تاپتا چاتقال ، تېۋىلغا شاخلىرىنى ، تىكەنلەرنى
بەخىرامان دەسسەپ تۇراتتى . ئۇ ، تۇيۇقسىز ئاسماندىن چۈشكەندەك
پەيدا بولغان بۇ ئادەملەرگە ھەيران قالغاندەك تەكشى كۆز يۈگۈرتتى .
چۈنكى ، بۇ ئادەم ئاتا - بوۋىسىدىن باشلاپ مۇشۇ جاڭگاللىقتا ياشاپ
كېلىۋاتاتتى . ئۇ ، شەھەرنى ، ئادەملەر توپلاشقان يەرنى قاچانلاردا
كۆرگەنلىكىنى ئەسلىيەلمەيتتى . شۇڭا ، ئۇ ئۆزى تۇرغان كەپىنى
شەھەر ، ئۆزى تۇرغان چاتقاللىقنى ئالەم دەپ تونۇيتتى ھەم بۇ جايدا
خاتىرجەم بېلىقچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرەتتى .

ھېلىقى ئادەم يولۇچىلارغا سىنچىلاپ قارىدى ، ئاندىن «بۇلار
نېمە ئۈچۈن مەندىن خەۋپسىرىگەندەك قارايدىغاندۇ ؟ » دەپ ئويلىدى .
ئۇنىڭ قارىشىچە ، بۇ ئادەملەر ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئۇستۇۋېشىدىمۇ

كۆرمىگەنلا كىيىملەرنى كىيىۋالغان ، يەنى ئەرلەر بېشىغا قىزىل ، كۆك مارجان ئاسقان قارا ئاچىماق قالپاق ، ئۇچىسىغا بولسا قولتۇقتا يېقىن يېرى تۈگمىلەنگەن ، ئىككى تەرىپى يېرىق يەكتەك كىيگەن ، پاچاقلىرىغا بولسا قارا گوجەي ئورىغان ، پۇتىغا چورۇق كىيگەنىدى . قىز بولسا قىزغۇچ پارقىراق رەختتىن ئىككى تەرىپى يېرىق ئۇزۇن چاپان ، بېشىغا قارا ئۇزۇن ياغلىق ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاق پوسما كىيگەنىدى . قىز كىيگەن ئۇزۇن قارا چاپىنىنىڭ تومپىيىپ قالغىنىدىن ئۇنىڭ ئېغىر ئاياغ ئىكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن ئىدى . قىز ناھايىتى بىئارام ھالدا ئارانلا يەر دەسسەپ تۇرغاندەك قىلاتتى...

نەسەب ئاكا بۇ ئادەمنىڭ قىزغا بىر خىل ئىچ ئاغرىتىش نەزىرى بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئۇنىڭغا ئارام ئالغۇدەك جاي بېرىشنى ئۆتۈندى . بېلىقچى بېشىنى لىڭشىتىپ ، قىزنى كەپىگە كىرىشكە ئىجازەت قىلدى . ئالدى بىلەن ئەرلەردىن بىرەيلەن كەپىگە كىرىپ كۆرۈپ چىقتى ۋە بولمايدىغانلىقىنى ئىشارەت بىلەن ئۇقتۇردى . بۇ چاغدا بېلىقچى ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى ۋە تېزلا كەپىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ھەممە ئولتۇرغۇدەك ، قىز ياتقۇدەك يەر راسلىدى ، ئاندىن ھەممەيلەن كەپىگە كىردى . ئۇلار ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن ، بېلىقچى ئېغىز ئاچتى :

— سىلەر نەدىن كېلىۋاتىسىلەر ؟

— بالاساغۇندىن .

— ئۇ شەھەر نەدە ؟

— چۇ دەرياسى بويىدا .

بېلىقچىنىڭ ئېغىز ئاچقىنىدىن ھەممە خۇشال بولۇپ ، ئۇنىڭ سوئاللىرىغا ئەستايىدىل جاۋاب بەردى .

— مەنغۇ چۇ دەرياسىنى كۆرمىگەن . ئۇنىڭ سۇلىرى تېيىزمۇ ، چوڭقۇرمۇ ، شارقىراپ ئاقامدۇ ، تىنچ ئاقامدۇ ، بۇلار ماڭا قاراڭغۇ . بەزى دەريالارنىڭ ئۇستى تىنچ ئاققاندەك قىلغان بىلەن ، ئاستى بەك تېز ئاقىدۇ . شۇنداق دەريالارغا ئۇستى تىنچ ئاقىدىكەن دەپ ، يا ئۆزىڭىز ، يا ئېتىڭىزنى سېلىپ چۈشۈپ قالسىڭىز ، پۇتىڭىزنى ھال-

سىزلاندۇرۇپ چىقىشۇەتكۈدەك كۈچ بىلەن ئاقتۇرىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ.
ئاڭلىغانلىرىمغا قارىغاندا، چۇ دەرياسى كۆرۈنۈشتىمۇ تىنچ ئاقمايدى-
كەن. شۇڭا، ئۇ دەريادىن كۆپىنچە چاغلاردا ئادەملەر ئات سېلىپ
ئۆتىدىكەن ھەم سۇغا سالغان ئېتىنى ئالدىرىتىپ «چۇ، چۇ» دەپ
دېيىتكەن ھالەتلىرى كۆپ ئۇچرىغان بولغاچقا، دەريا نامىمۇ «چۇ
دەرياسى» دەپ ئاتىلىپ قالغانمىش. بۇ گەپ راستمىدۇ؟— دېدى
بېلىقچى. قارىغاندا بېلىقچى خېلىلا پاراڭخۇماردەك قىلاتتى.

— ئېھتىمال شۇنداق بولسا كېرەك، — دېدى نەسەب ئاكا باش
لىڭشىتىپ تەستىقلاپ، — بىزمۇ بۇياقتا كېلىشتە بەئەينى سىز دېگەن-
دەك تۆگىلەرنى مىنىپ ئۆتكەندە «چۇ، چۇ» دەپ ئۆتكەنىدۇق، تېخى
بۇنىڭغا ئىككى ئاي چامىسىدا بولدى. چۇ دەرياسى ھەقىقەتەن سىز
ئېيتقاندەك بۇ يەردىكى دەرياغا ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدىكەن. بۇ دەريا-
نىڭ سۈيى ھەم چوڭقۇر، ھەم دەھشەت ئاقىدىكەن، ئەتراپىنىمۇ شۇن-
داق قويۇق ئورمان قاپلاپ تۇرىدىكەن، ئادەممۇ يوق دېيەرلىك ئە-
كەن، لېكىن بەئەينى ئۇچار قۇش، ھايۋانلار دۇنياسى ئىكەن.

— ئۇنىسى ئېنىق، ھايۋانات، ئۇچار قۇش دېگەنمۇ بەئەينى
ئادەملەردەك تىنچ، خالىي جايدا ياشاشنى خالايدۇ ئەمەسمۇ؟ ئاتامنىڭ
ئېيتىپ بېرىشىچە، ئەسلىدىكى تەڭرىتاغ باغرىنى ماكان ئەتكەنلەرنىڭ
شۇ چاغدىكى ئورتاق ئېيتىدىغان ناھايىتى ھەسرەتلىك ناخشىسى بار
ئىكەن. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتتا شۇ چاغدىكى
بالاساغۇن ئىسلام دۆلىتىنى قوغداش يولىدىكى غازاتقا قاتناشقانىكەن.
ئۇلار رەقىبلەر بىلەن ئېلىشىپ، ئاشۇ چۇ دەرياسى بويىدىن تەڭرىتاغ
باغرىنى بويلاپ قاش دەريا بويلىرىغا كېلىپ قېلىشقانلىرىنىمۇ بىلە-
شەلمەي قالغان. بۇ جايدا ناھايىتى چوڭ جەڭ بولغان. بەزىلەر بۇ
جايدا ھايات قېلىشلىرىنى تىلەپ «ئامان - ئاماندى» ناخشىسىنى
ئېيتىپ، ھاياتلىق ئىلھامى ئالغان. بەزىلەر رەقىبلەر قوللىرىدا
ئۆلۈشنى خالىماي، ئۆزلىرىنى دەرياغا ئاتقان. شۇنداقتىمۇ يەنە ھايات
قېلىش ئۈمىدىدە جان تالىشىپ تۈۋلاشقان. قانداق تۈۋلاشقان دېمەم-
سىز، قاش دەريا يۈزىنى بىر ئېلىپ، بەئەينى دەريا يۈزىگە ئاق گۈل

يايغانداك ئاق تەلپەكلەر بىلەن يېپىلغان دەريا ئاستى - ئۈستىدە قىيىنلىشىۋاتقان، جان تالىشىۋاتقانلارنىڭ «قۇتقۇز ۋۇۋېلىڭلار، قۇتقۇز ۋۇۋېلىڭلار» دەپ ۋارقىراشقان ئاۋازلىرى ياڭراپ تۇرغان. مانا شۇلار ئارىسىدىن قۇتۇلۇپ قالغانلاردىن بىرسى مېنىڭ بوۋام ئىكەن. بوۋام بۇ يەردىكى توققۇز غول (توققۇز دەريا) قەلئەلىرىگىمۇ يېقىن يولماي، ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ جەسەتلىرى بېلىقلارغا يەم بولۇپ كەتكەن مۇشۇ دەريا بويىنى ماكان تۇتۇپ تۇرۇپ قاپتۇ. مېنىڭمۇ ھازىر ئۆيۈم، بالا - چاقىلىرىم بار. ئۇلار توققۇز غول قەلئەسىنىڭ بىرى بولغان ئەنە ئاۋۇ كۆرۈنگەن دەرەخلىك ئارىسىدىكى ئەۋلىيا قەلئەسىدە تۇرىدۇ. بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن مېنىڭ ھەربىر كۈنۈم مۇشۇ جايدا ئۆتىدۇ.

— بەللى، بەللى! نەسەب ئاكا، سىزگە ئوخشاش نەسەب سۆزلەيدىغانلاردىن يەنە بىرى چىقتى، مانا، — دېدى كارۋان بېشى ھاياجانلىنىپ.

— ياق، ياق! ئۈنچىلىك يۇقىرى باھالاپ كەتمەڭلار، — دېدى بېلىقچى كەمتەرلىك بىلەن، — مەن پەقەت ئاتام ئاغزىدىن ئاڭلىغانلىرىمنىلا سىلەرگە سۆزلەپ بەردىم. ئەمما، بۇ ئاكىمىز ماڭا قارىغاندا چوقۇم تېخىمۇ كۆپ نەسەبنى ئارتۇق بىلىدۇ…

— بايا سىز ئېيتقان داڭلىق قەلئە ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرىدىكى قەھرىمانلاردىن كۈنتېكىن، ئايتېكىنلەر ياشاپ ئۆتكەن قەلئە ئىكەن، شۇڭا قەلئەنىڭ نام - شەرىپىمۇ ئۇلارنىڭ نامى بويىچە ئاتالغانىكەن دەپ ئاڭلاپ، شۇ يەردە توختاپ قالماقچى بولغانىدۇق. لېكىن، بىزنىڭ ئۈستىمىزدە ۋاقىتلىق مۇداپىئە ئۈچۈن كىيىۋالغان موڭغۇللارنىڭ كىيىملىرى بولغاچقا، ئۇ يەرگە كىرىشنى بىئەپ كۆردۇق…

«قۇۋ - قۇۋ!…»

يىراقلاردىن ئاڭلانغان بۇ مۇدھىش ئاۋاز سۆھبەتداشلارنى ساراسىمىگە سېلىۋەتتى. لېكىن، بېلىقچى ئۇلارغا مەدەت بېرىپ تۇرۇپ:

— ئەنە ئاۋۇ ئاراللارنى كۆرۈۋاتامسىلەر؟ — دەپ چوڭ دەريا ئېقىنلىرىدىن ئايرىلىپ چىققان ئاراللارنى ئۇلارغا كۆرسەتتى، — ئۇ

يەرگە ئات ئەمەس، سۇ ئۈزۈشكە ماھىر ئادەملەرمۇ ئاسان يېتىپ بارالمايدۇ.

بىلىقچى ئۆزىنىڭ ئاتا - بوۋىسىنىڭ تەۋەررۇكى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇلارغار قولۋاقتىن ئىككىنى ئېلىپ كۆرسەتتى.

— مانا مۇشۇ قولۋاقلار سىلەرنى ئۇلاردىن جەزمەن قۇتقۇزۇپ قالىدۇ!

— شۇنداق، ئۈمىدلىك بولايلى، — دېدى نەسەب ئاكا، — ئۈمىدسىزلىك — شەيتاننىڭ ئىشى، ھەرقانداق ئىش ئۈمىد بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۈمىد — ئەمەلگە ئاشىدىغان ھەم ئاشمايدىغان نەر-سە. بۇ دېمەكلىك، ئادەمنىڭ ئۆمرى قىسقا، لېكىن ئۈمىد ئۆلمەيدۇ، تۈگىمەيدۇ. ئادەم بالىسى پۈتۈنلەي ئۈمىد بىلەن ئالەمدىن ئۆتىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق ئىنسان جان ھەلقۇمىغا يەتكەندىمۇ يورۇقلۇققا قاند-مايدۇ، ئۇنىڭغا ئىنتىلىدۇ. سەن بۇ دۇنيادا ئۈمىد بىلەن ياشىساڭلا تىرىك قالالايسەن!

تۇركمەن قىز قولۋاق ئىچىدە قىينىلىپ تۇرۇپ ئاتىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ كۆز ئېچىپ ئەتراپىغا قارىدى، پۈتۈنلەي سۇ ئىچىدە تۇراتتى. «مۇبادا بېلىقچى بىزنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇلغان قولۋاققا سېلىپ، ئۇلۇغ ئېقىنلىق ئاراللارغا ئۆتكۈزۈپ، يوشۇرۇپ قويمىغان تەقدىردە ئۇلار بىزنى ئامان قويمىغان بولاتتى» دەپ ئويلىدى ئۇ. شۇنداق، يىراقتىكى ئارال گىرۋىكىدە بىر - بىرىگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قولۋاقنىڭ ئۈستى تەرىپى قەپەستەك دۈمچەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. لېكىن، ئۇنىڭدىكى ئادەملەر بىر - بىرىد-نىڭ قايسى تەرىقىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرەلمەيتتى. ھەمراھلىرىنى ئۈن سېلىپ چاقىرغۇسى، ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلغۇسى كەلگەن قىز ئۆزى تۇرغان قولۋاق تەۋرىنىشى بىلەن ھەر تەرەپكە چايقىلاتتى. تالنى ئېشىپ ياسالغان، ئىچىگە سۇغا چۆكمەس پالاس بېسىلغان ئۈچ مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى، بىر مېتىر كەڭلىكتىكى قولۋاق سېۋەت كۈن بويى سۇدىن چىقمايدىغان بولغاچقا، قىزنىڭ يۇلقۇنۇشلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ چۈۋۈلماي تۇراتتى.

دەل مۇشۇ چاغدا ئويلىمىغان ئىش يۈز بەردى: قولۋاق ئىچىدە ياتقان قىزنىڭ تولغىقى تۇتتى. ئۇ دەسلەپتە نەچچە كۈندىكىگە ئوخشاش پارچە تولغاق بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما، بۇ قېتىم ئۇنداق بولمىدى، ئارقا - ئارقىدىن قىستاپ كەلگەن تولغاق ئۇنى ئۇنسىز يىغلىتىشقا باشلىدى. قىز لېۋىنى چىشلەيتتى، چىشلىگەندىمۇ لېۋىنىڭ قاناپ كېتىشى بىلەن كارى بولماي چىشلەيتتى. «ئاھ، خۇدا!...» دەيتتى ئۇ كۆزىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ. قىز ھېلى ھوشىدىن كېتىپ، ھېلى ھوشىغا كېلىپ دېگەندەك ئاتىسىنىڭ مېھرىبان چىرايىنى، ئۆزىنىڭ بالىلىق، قىزلىق دەۋرىنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزەتتى...

قىزنىڭ يۇرتىدا گۈزەللىك، شوخ - تېتىكلىك، نازاكەتلىكتە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان قىز يوق ئىدى. ئۇ ئۆزىمۇ يالغۇز پەرزەنت ئىدى. شۇڭا، ناۋايلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاتىسى بۇ يالغۇز پەرزەنتىگە كۈندىلىك تامىقى ئۈچۈن سۈت، ماي بىلەن ئايرىم كىچىك توقاچ يېقىپ بېرىپ چوڭ قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئانىسى بولسا قىزىغا تېخى چاچ چىقمىغان چاغدا باھاردا سۆگەت تاللىرىدا چاچ سىلىپ، كېيىنچىرەك جالا قىلىپ ئۇششاق ئۆرۈپ يېلىملاپ چاچ ياساپ قويۇپ، ئۇنىڭ ھۆسنىگە تېخىمۇ ھۆسن بېرىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. شۇ دىياردىكى تەڭتۇشلىرى ئۇنىڭ ھۆسن گۈزەللىكىگە، كۈندىلا رەتلىك، پاكىز يۇرۇشلىرىگە قىزىقاتتى. ئۇنى كۆرگەنلا دوستلىرى ئۇنىڭغا ھەۋەسلىنىپ، ئۆز ئاتا - ئانىلىرىدىن شۇنداق تەربىيىلەشنى تەلەپ قىلاتتى. قىز ياشاۋاتقان دىياردىكى يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش ئويىدا بولۇشاتتى، يىگىتلەرنىڭ بەزىلىرى ھەتتا ئاتا - ئانىلىرىنىمۇ ئۇنىڭغا ئەلچىلىككە كىرگۈزۈشكەنىدى. «سەۋزىدىن خەۋەر يوق گۈرۈچ دەم يەپتۇ» دېگەندەك، ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگەن ئەلچىلەر، تەكلىپ قويغان يىگىتلەر، ئاتا - ئانىلار تۇيۇقسىزلا ئۆيگە پەيدا بولۇپ قالاتتى.

مانا شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ ئائىلىسىدە تۇيۇقسىز پاجىئە يۈز بەردى: قىز بىلەن ئانا ئۆز ئۆيىدە يالغۇز قالغان كۈنلەر-

ده ، شۇ دىياردا لۆكچەكلىكتە داڭقى چىققان ، قىزغا ئاشىق بىر يىگىت ئۆيگە بېسىپلا كىردى ، يىگىت كىرىپلا قىزغا ئېتىلىپ ، ئۇنى سىرتقا تارتتى ، بۇ چاغدا ئانا قىزغا ئېسىلىۋالدى . يىگىت قىزنى تۇتۇۋېلىپ ، ئۆزىنىڭ ئاشىقلىقىنى ئېيتىپ دەسلەپ يېلىندى ، ئارقىدىن ئۇنى ئانىنىڭ توسقىنىغا قارىماي ، ئۆيدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىش قارارىغا كەلدى . شۇڭا ، ئۇ قىزنى كۆچەپ بىر سىلكىۋىدى ، قىزنىڭ ئانىسى تۇيۇقسىز يىقىلىپ چۈشتى ۋە ئىنجىقلىغىنىچە بىر ئېغىز «ۋايجان» دېگەندىن باشقا گەپ قىلماي جىمىپ قالدى . ئانىنىڭ يىقىلغان يېرى بىر دەمدە قانغا بويالدى ، بۇنى كۆرگەن يىگىت قورققىنىدىن قىزنىمۇ تاشلاپ قاچتى ، قىز يىغلىغان پېتى بېرىپ ئانىسىنى يۆلىدى ، تاختا بېشىدىن چۈشۈپ ، كىگىز يىغىلىپ قالغان يەردە ئۇچى كۆتۈرۈلۈپ قالغان پىچاق ئۇنىڭ مەيدىسىگە سانجىلىپ كېتىپ ، مىس ساپلا كۆرۈنۈپ قالغانىدى . ئانا قىزغا ھېچنېمە دېيەلمىدى ، كۆزىنى ئېچىپلا ئازابلىق بىر قاراپ قويۇپ جان ئۈزدى .

دەل شۇ كۈنى شەھەرگە «قۇۋ - قۇۋ»چىلار يېتىپ كېلىپ ، قىرغىنچىلىقنى باشلىۋەتتى . «قۇۋ - قۇۋ»چىلارنىڭ خانى ئېسەن بۇقا بۇ نۆۋەتتىكى قىرغىنچىلىققا ئۆزى باش بولۇپ كىرگەنىدى .

شەھىرى دىيارنىڭ خانى چىرايلىق يىگىت - قىزلارنى تاللاپ ، ئېسەن بۇقا خانىنىڭ ئالدىغا نەغمە - ناۋالار بىلەن قارشى ئېلىشقا چىقىشنى بېكىتكەنىدى . ئۇ تەرەپ - تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ ، خۇش ناۋا سازەندە ، ناخشىچى ، چىرايلىق قىزلارنى يىغدۇردى . مانا ئۇلار ناخشا - ساز بىلەن ئېسەن بۇقا ھەم ئۇنىڭ لەشكەرلىرى تۇرغان مەيدان ئالدىدا يەتمىش تەزىم بىلەن ئۇسسۇل - نەغمە قىلىشاتتى . ئېسەن بۇقا لەشكەرلىرى بۇ مەنزىرىگە سۈكۈتتە تۇرۇپ قارىشاتتى ، شۇ ئەسنادا شەھىرى دىيار خانى ئېسەن بۇقىغا تەزىم قىلىپ تۇرۇپ :

— سىزگە قىلغان ھەدىيە - مۇھەببىتىمىزنى قوبۇل كۆرسىگىز ، — دېدى .

— نېمىنى قوبۇل كۆرىمەن ؟

— خالىغىنىڭىزنى .

— بۇنىڭ ئارىسىدا مەن خالايدىغانلار كۆرۈنمەيدۇ .

— ئۇنداقتا ، جاھاندا تېپىلغۇسىز بىر پەرى بار ، شۇنى…

— قېنى ئۇ ، كۆرۈپ باقاي !

خاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە شۇ ھامان ھازا ئۈستىدىكى تۈركمەن قىز مەڭلىك مەيدانغا ئېلىپ كېلىندى .

— بۇ نېمە ئۈچۈن بۇرۇن ئېلىپ كېلىنمىدى ؟ — سورىدى ئېسەن بۇقا .

— ئانىسى قازا قىلغان ، ھازا ئۈستىدە ئىدى .

— ئۇنداقتا ، ئۇنىڭ پۈتۈن چۇمبەردىلىرى ئېلىپ تاشلانسۇن ، ئۇ ماڭا قاراپ تۇرسۇن !

— خوپ ، خوپ . شۇنداق قىلىنسۇن !

شەھىرى دىيار خانى ئەلى رۇسۇلخان تەرىپىدىن قىز ئېسەن بۇقا بار تەرەپكە قاراشقا مەجبۇر قىلىندى . ئېسەن بۇقا بىر ھازاغىچە قىزغا قاراپ قالدى . چۈنكى ، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا رىۋايەتلەردىكى پەرىزات پەيدا بولغاندەك ئىدى . ئۇنىڭ قاشلىرى قىياقتەك ئەگمە ، كۆزلىرى كۆمۈر سۈركەپ قويغاندەك قاپقارا ، كىرپىكلىرى ئوقيادەك تال - تال ، سۇمبۇل چاچلىرى تالا - تالا ئۆرۈلگەن ، ئاغزى ئۈيماق-تەك ، ئىچكەن سۇ تامچىلىرى كېكىردىكىدىن كۆرۈنگۈدەك سۈزۈك ، بەئەينى بوي - تۇرقى تالچىۋىقتەك زىلۋا ئىدى . ئېسەن بۇقىنىڭ شۇ تاپتا قىزنى يالماپلا يۇتۇۋەتكۇسى كەلگۈدەك بولدى . لەشكەرلەرمۇ قىزنىڭ گۈزەللىكىدىن ھاڭۋېقىپ قالغانىدى .

— ئۇنداقتا ، قىز بىزدە قالسۇن ، ئەسلىدە ئاتامىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ھەممىڭلارنىڭ بېشىڭلاردا ياڭاق چېقىپ ، نەغمە قىلىشنى ئويلىغانىدىم ، لېكىن بەرىبىر ئاۋۇ ئوت ئۆلگىيدۇ ، بىرەرىڭلارمۇ بۇ ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قالالمايسىلەر . تەنلىرىڭلار كۆلگە ، توپانغا ئايلانسۇن !

شەھىرى دىياردىن ئۆلگىيىپ دەريا تاشقىنىدەك گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوت ھەممىنى يالماپ ، ئۇلار يىغىلغان مەيدانغا يېقىن قالغانىدى . چۈنكى ، ئېسەن بۇقىنىڭ شەھەر ئىچىگە كىرگەن قوشۇنلىرى

شەھەرگە ئوت قويۇۋەتكەنىدى.
ئېسەن بۇقا لەشكەرلەرگە قىزنى ئېلىپ قايتىش بۇيرۇقى چۈ-شۈردى. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ مەڭلىك قىز مەجبۇرىي ھالدا ئېسەن بۇقاخاننىڭ كىچىك خانىشى بولۇپ قالدى. ئەمما، ئويلىمىغان يەردىن ئۇ چوڭ خانىش ساتىلمىش خاتۇن تەرىپىدىن يەنە بىرىگە سوۋغا قىلىنىدى ھەم ئۇنىڭ قولىدىن قېچىپ چىققان مەڭلىك قىز سەرسان-سەرگەردان بولۇپ كەتتى...
مەڭلىك قىزنىڭ خىيالى شۇ يەرگە يەتكەندە، ئۇ «قىساس ئېلىش ئۈچۈن ھايات قېلىشىم كېرەك!» دەپ ئويلىدى - دە، ئەلەملىك بىر چىرقىراپلا خۇدىنى يوقاتتى ھەم ئۇزاق ئۆتمەي قولۋاق ئىچىگە ئۆمى-لەپ دېگۈدەك كىرگەن يەنە بىرەيلەننىمۇ سەزمىدى.

## 2

ئارال قىرغىقىدىكى تاشلىققا ئېلىپ چىقىلغان قولۋاق ئىچىدە تولغاقتىن ھوشىنى يوقاتقان مەڭلىك قىزغا ھەرخىل ئايەت، ئەپسۇن ئوقۇۋاتقان يەنە بىر ئايال ھەمراھ ئىدى. ئۇ توختىماي مەڭلىك قىزغا بىرنەرسىلەرنى دەيتتى، ئۇ يەر - بۇ يېرىنى ئۇۋۇلايتتى، ئايدەك گۈزەل بۇ قىزنىڭ قىينىلىشلىرىغا ئازابلىنىپ يىغلايتتى، كۆز ياش-لىرىنى كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن ئاۋايلاپ سۈرتەتتى.
ئۇنىڭدىن سەل يىراقتا بولسا تاشلىق ئۈستىگە سورۇن تۈزۈپ، بىرنەچچە تاش ئوچاقلارغا كۆتەكلەرنى يېقىپ گۈلخان پەيدا قىلىپ، نەسەب ئاكا، كارۋان بېشى، يۈسۈپ، بېلىقچى قولۋاق ئىچىدە قىينىد-لىۋاتقان ھاياتلىققا ئارقىسىنى قىلىپ، ئەمما پۈتۈن دىققىتىنى شۇ ياققا جەم قىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ئوي - خىيالى ئەنە شۇ قولۋاق ئىچىدىكى ھاياتلىقتا ئىدى.
«ئىلاھىم، ئاسانلىق بەرگەيسەن، قوشقار ئاتام، ئاقتاش ئاتام، ئىسسىق ئاتام مازارلىرىدا ياتقان ئەرۋاھ - شېھىتلىرىم، شۇ بىر جانغا ئاسانلىق تىلىگەيسىلەر!» دېگەن دۇئا - تىلەكلەرنى ھەرقايسىسى ئۆز

ئالدىغا ئوقۇيتتى ، تىلاۋەت قىلىشاتتى...

— ئۇ ھەقىقەتەن ئاق كۆڭۈل ، پەزىلەتلىك ھەم چىدامىلىق ئايال ئىكەن . بۇنداق قەيسەر ، كۆڭلى پاك ئايالنى ئۆمرۈمدە تۇنجى كۆرۈ- شۈم ،— دېدى كارۋان بېشى كۆزىدە لىغىلداپ قالغان ياشنى يوشۇ- رۇش ئۈچۈن يەرگە قارىۋېلىپ ،— مېنىڭ ئائىلەم زاكامدىن تارتىپ «پۇلۇڭ بولسا يۇرتىڭلىك بولىدۇ ، پۇلنىڭ بىر ئۈچى يۇرەكتە ، بىر ئۈچى بىلەكتە» دەپ تەلىم بېرەتتى . كېيىنكى بالىلىق كۈنلىرىمدە بولسا «ئاغىنىلىرىم مەدرىسەگە ئوقۇشقا بارىمىز» دەپ كەلسە ، دادام مېنى ئۇلارغا يېقىن ئېلىپ كېلىپ تۇرۇپ : «بۇچۇ ، قاراڭلار ، ماۋۇ- نى ئوقۇيدۇ ، ماۋۇنى !» دەپ قولىغا يارماق ئېلىۋېلىپ ، شۇنى ئۈيىنە- تىپ تۇرۇپ ئۇلارنى يولغا سېلىۋېتەتتى .شۇنداق قىلىپ مەن بارا- بارا يارماق سانايدىغان ، تۆگە مايىقىدەك پۇلۇم كۆپ بولسا دەيدىغان بولدۇم . مېنىڭدىن باشقا ئۈچ ئاچا - سىڭلىم بولىدىغان ، دادام ئۇلارنى تېگى سەرخىل دەپ باي سودىگەرلەرگە ھەدىيە قىلىۋەتتى . پۇل ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئۇلارنىڭ بەدىلىگە ئاتام ئۆزى ئېلىپ ئىشلەت- كەن ، مەن ئاخىر ئاتامنىڭ يولىدا مېڭىپ ، پەقەت پۇلنى بىلىدىغان ، ئۇنىڭدىن باشقىنى ، ھەتتا «ئادەم» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ئەسلىي مەنىسى- نىمۇ بىلمەيدىغان كارۋان بېشى — پۇلدار بولدۇم . شۇڭا ، بۇ قىزنىڭ- مۇ ماللىرىمدىن مەھرۇم قالدۇرارمىكىن ، دەپ ئەنسىرەپ يولغا تاش- لىۋەتكەنىدىم . كېيىن بېشىمغا كۈن چۈشكەندە ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن سەپەرداش بولۇپ قالدىم ۋە ھېلىغىچە بىرگە كېلىۋاتىمىز . بۇ جەريان- دا شۇنى ئويلىدىمكى ، ئۇ ئادەمنى ياخشى چۈشىنىدىكەن ، مەن بولسام پۇلنى . مانا شۇنداق كۈنلەردە پۇل نېمىگە كېرەك بولىدۇ ؟ ھېچنېمە- گە ، ھېچنېمىگە كېرەك ئەمەس ، ئەسلىي ئادەم كېرەككەن ئادەمگە ! بۇ چۈشەنچىنى ماڭا مۇشۇ قىز ، ئۇنىڭ بىلەن بولغان سەپەر جەريانى ھېس قىلدۇردى . ئىلاھىم ، ئۇنىڭ تۇغۇتىنى ئاسان ، ئۆزىنى ئامان قىلغايسەن...

قولۇاق ئىچىدىن ئادەمنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئېچىشتۇرىدىغان نالە ئاڭلاندى :

— مېنى قويۇۋەت ، ھەي ياۋۇز ، مېنى قويۇۋەت دەۋاتىمەن . سەن ئادەملەرنى تىرىك يېدىڭ ، ئادەم يېگەن ئېغىز - بۇرنۇڭنى ماڭا يېقىن ئەكەلمە . سەن ئادەملەرنى قىردىڭ ، چاپتىڭ ، قاتىل قولۇڭنى مېنىڭدىن نېرى قىل ، سەن ئادەملەرنى كۆيدۈردۈڭ ، بۇلاپ - تالىدىڭ . بىر تال مويۇڭدىن تارتىپ پۈتۈن تېنىڭ قانغا ، قىساسقا تولغان ، مېنىڭدىن نېرى كەت ! مانا شۇنداق يۈزۈڭنى قانغا بويايمەن ، قىيما- چىيما قىلىۋېتىمەن ،مورلايمەن ،بولسا قىلىچ ،نەيزە بىلەن گۆشۇڭنى قىيما قىلىپ توغرىۋېتىمەن ،نىجاسەت قېنىڭنى ماڭا كۆرسەتمە !... ياق ، ياق ، مەن ئۆلمەيمەن ، ئۆلمەيمەن ، ۋايجان !... سەن ئەمدى مېنى نابۇت قىلدىڭ ، ياق ، ياق ، نابۇت قىلمىدىڭ ، ئۆز پۇشتۇڭنى ماڭا تۇغدۇردۇڭ ، سەن ئۆلمەيسەن ، مەن ئۆلمەيمەن . ياق . ياق... مەن ئۆلمەي ... مەن !...

قىز ئەقلىدىن ئازغاندەك تولايتتى ، چىرقىراپ يۇلقۇناتتى...

ھەممە ئېنىق بىلىپ ئولتۇراتتىكى ، قىز ئۆزىنى يۇرتىدىن ، قان- قېرىنداشلىرىدىن ئايرىغان ئېسەن بۇقاخانغا قارغىش ياغدۇرۇۋاتاتتى... قىزنىڭ ئىچىدىن پارتلىغاندەك چىقىۋاتقان ھەربىر ئېچىنىشلىق سۆزلەر سىرتتىكىلەرنىڭ قەلبىگە تاشقا مۆھۈر باسقاندەك بىرمۇبىر ئورۇنلىشىپ قېلىۋاتاتتى .

— ئېمىل خوجا تەختكە چىقىپلا ماڭلايسۆيەر رايونىدىكى تارقاق بەگلىكلەرنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن بىر قاتار ئۇرۇشلارنى ئېلىپ باردى . گەرچە ئۇ ئۇنچىلىك ۋەھشىي ، زالىم بولمىسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ ۋەيران قىلغان شەھەرلىرى ، نابۇت قىلغان ئادەملىرى ئاز ئەمەس . جۇملىدىن مەڭلىك قىزمۇ ئەنە شۇنداق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ بىرى...— دېدى نەسەب ئاكا ئوتنى چوقچىلاپ ئولتۇرۇپ . ئەمما ، ئۇنىڭ سۆزىگە ھېچكىم ئىنكاس قايتۇرمىدى .

تاش بىلەن ياسالغان ئوچاقتا سېلىنغان كۆتەكلەر ئوتىدا ئاق تاشلار قىزىرىپ ، قارا تاشلارمۇ ھال رەڭگە كىرىپ تاۋلىنىۋاتاتتى . مەڭلىك قىزنىڭ ئانا بولۇش شاراپىتى ئۈچۈن بېلىقلارنىڭ قارنىنى ئوتتۇرىدىن ئىككى قىلىپ يېرىپ ، تازىلاپ تەييارلاپ قويغان بېلىقچى

خۇش خەۋەرگە تەقەززا بولۇپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ تەييارلاۋاتقان بېـ-
لىقلىرى ئارىسىدا ئاق، سېرىق، سەدەپ كۆك، قارا، چىپار، قارلىـ-
غاچ قۇيرۇق، تىكەن، كۆك سېرىق قاتارلىق بېلىقلارنىڭ ھەممە
تۈرلىرى تېپىلاتتى...

مانا ئەمدى مەھەللىك قىزنىڭ يېنىدىكى ئايالنىڭ يىغلامسىراپ
تۇرۇپ «خۇدا ئاسانلىق بەرسۇن، غەيرەت قىلىڭ قىزىم!» دېگەن
ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ چاغدا سورۇندا ئولتۇرغان بېلىقچىنىڭ ئىككى
كۆزىدە ئىختىيارسىز ياش ئەگىدى ۋە بىردىنلا بۇلدۇقلاپ يىغلاپ
كەتتى:

— بۇ يىل ئەللىكتىن ئاشتىم، ئايالىم بولسا قىرىقتىن ئاشتى.
بىز نىكاھلانغان كۈندىن بۇيان مانا مۇشۇ جىغانلىقنى ماكان تۇتۇپ
ئۆتكىلى 20 نەچچە يىل بولدى. بۇ جەرياندا ئايالىم بىرنەچچە قېتىم
ئەنە شۇنداق ئېغىر بوي بولغانىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئاي - كۈنى
يېقىنلاشقان مانا مۇشۇنداق كۈنلەردە ئۇنىڭ يېنىدا بىرەر ئايال بىللە
بولالمىغانلىق سەۋەبلىك، بىرنەچچە پەرزەنت يەرگە ئۆلۈك چۈشتى،
تىرىك چۈشكەنلىرىنىمۇ پەرۋىش قىلىشنى بىلەلمەي ساقلاپ قالالمىـ-
دۇق. ھازىر بىزنىڭ پەرزەنتىمىز يوق، ئۇمۇ ھەر قېتىمدا بەئەينى
شۇ ئازابنى تارتاتتى، ئاخىر ئۇ بۇ جاڭگالدا يالغۇز قالسا قورقۇپ
تۇرالمىغانلىقتىن، ئەۋلىيا قەلئەسىدە ئۆي تۇتۇپ بەردىم، يالغۇز
قالغان كۈنلىرىمدە ئۇنىڭ مۇشۇ كۈنى يادىمغا كېلىپ قالىدۇ...

— مۇبارەك بولسۇن، ئوغـۇل، ئوغۇلـكەن! — قولـۋاق ئىـ-
چىـدىن تۇغۇت ئانىـسىنىـڭ يىـغا ئارىـلاش ھاياجانـلىـق ئاۋازى
ئاڭلاندى!...

ئولتۇرغانلار خۇشاللىقتا چۈمۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كەتتى.
شۇنداق، شۇ تاپتا پۈتكۈل يەر - زېمىن خۇشاللىقتا چۈمدى، كۆزلەردە
خۇشاللىق ياشلىرى تەپچىرىدى...

بىردەمنىڭ ئىچىدە تاشقا يېقىپ تەييارلانغان بېلىق گۆشى، ئىلـ-
لىق چاي ۋە باشقا يېمەكلىكلەر قولۋاق ئىچىگە سېلىنغان ئاق داستىـ-
خان ئۈستىگە يېيىۋېتىلدى. بېلىقچىنىڭ ئايالى مەھەللىكنىڭ بېشىنى

بىر قولىدا كۆتۈرۈپ ، ساپال قاچىدىكى ئىللىق چاينى ئەمدىلا ئۇنىڭ ئاغزىغا سۇنۇۋاتقاندا ، قاياقتىندۇر «قۇۋ - قۇۋ !» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى .

— ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىشى ناتايىن . شۇنداقتىمۇ ئېھتىيات قىلمىساق بولمايدۇ . شۇڭا ، قىزنى يېڭى تۇغۇتلۇق بولسىمۇ ، ئاۋايلىغان هالدا تېزدىن ئەۋلىيا ئۆڭكۈرىگە ئېلىپ كېتەيلى !— دېدى بېلىقچى ئاپتاپتا كۆيگەن قارامتۇل يۈزىدىكى قويۇق ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ .



# يەتتىنچى باب خىسلەتلىك بوۋاق

## 1

«قىساسچى بول ئوغلۇم ، بۆرە بول ئوغلۇم ! مەن بۆرىلەرنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغان ، ئۇلار بەئەينى بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزدەك جىرا - جىراالاردا ، تاغ - ئېدىرلاردا ، ئويمان ، ئورمان - داللاردا ئۆز ئۆيرىسى بىلەن ياشايدىكەن ، ھېچقانداق غەيرىي كۈچ ئۇلار يۈرگەن يەرگە كېلەلمەيدىكەن . ئۇنى كۆرگەن بىزنىڭ دەسلەپكى قوۋملىرىمىزمۇ شۇنداق ئۆملىشىپ ، ئۆز ئورۇقى بىلەن ئولتۇراقلاشقانىكەن . ئۇلارغىمۇ شۇ چاغلاردا يا يىرتقۇچ ھايۋانلار ، يا باشقا كۈچلەر بىھۇدە چېقىلالمايدىكەن . شۇڭا ، ئەجدادلىرىمىزمۇ ئۆز ۋاقتىدا كۈچتۈڭگۈر قوۋمىنى ، كۈچتۈڭگۈر ئەرلەرنى ، ھەتتا يېڭى تۇغۇلغان ئوغۇل پەرزەنتلىرىنى بۆرە دېيىشىدىكەن ، بارا - بارا ئۇلار قوۋم باشلىقلىرى تۇزگەن ئەمر - پەرمانلىرىغا قەسەمياد قىلغاندا بۆرە شەكىللىك تاشقا ئويۇلغان ئابىدە يېنىدا ، ئابىدە بولمىغاندا بۆرە رەسىمى سىزىلغان ئاق تېرىنى ياغاچقا سانجىپ قويۇپ تۇرۇپ قەسەم قىلىشىدىكەن . جەڭ يىغىلىشى ، مۇراسىملاردا ئۇنى ئاسماي ، كۆتۈرمەي پائالىيەت ئۆتكۈزمەيدىكەن . ئوغلۇم ، سەن ئاشۇ قوۋم ئوغلانى ، شۇ قوۋملارنىڭ پۇشتى . شۇڭا ، سەن ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىشىڭ كېرەك . سەن تۇغۇلۇپ ، ئارزۇ - ئارمانلىرىمنىڭ چېچەك ئېچىشىدىن خاتىرجەم بولدۇم . چۈنكى ، سەن مەندىن تۆرەلگەن بۆرە... ئەنە ئۇ ‹قۇۋ - قۇۋ› چىلار يەنە قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ . سەن بۇنى مەڭگۇ ئېسىڭدە ساقلا ئوغلۇم... !» دەپ پىچىرلايتتى ئانا .

بېلىقچىنىڭ ئايالى پالاق ئورۇۋاتقان سالدا بالىنى قۇچاقلاپ

ياتقان مەخلۇك خاتۇن ئاللىقانداقتۇر خىياللارغا غەرق بولغانىدى ، يەنە بىر سالدا بىلىقچى بىلەن كارۋان بېشى بىلىقچىنىڭ ئايالى ئېلىپ مېڭىۋاتقان سالغا ئەگىشىپ مېڭىۋاتاتتى . چۈنكى ، بۇ ساللار پەقەتلا ئىككى ئادەمنى ئېلىپ ماڭالايتتى . شۇڭا ، ئەرلەر بېلىقچىنىڭ ئايالىنى مەخلۇك خاتۇننىڭ يېنىدا قالدۇرۇپ ، ئۆزلىرى باشقا سالدا ماڭغانىدى . بېلىقچىنىڭ ئايالى ئۆزىنىڭ سال ھەيدەشكە ئۇستىلىقى بىلەن ھەممىنى ھەيران قالدۇرغانىدى . ئۇلار قىرغاقتا چىقىشقىمۇ ئاز قالدى ، ئالدىنىئالا ئۆتكۈزۈۋەتكەن نەسەب بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى قارشى قىرغاقتا كېلىۋاتقانلارنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇشاتتى . بېلىقچىنىڭ ئايالى بىلەن مەخلۇك ئانا ـ بالا چۈشكەن سالنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى لەيلەتمىلەر سالغا تەكشى باغلىنىپ ، سۇ ئۈستىدە پومزەكتەك لەيلەپ تۇراتتى ، شۇڭا بۇ سال سۇغا چۆكمەي ئەركىن كېلىۋاتاتتى . لېكىن ، مەخلۇك تۇغۇپ ھايال ئۆتمەي يولغا چىققان بولغاچقا ، بەكمۇ بىئاراملىق ھېس قىلاتتى . بېلىقچىنىڭ ئايالى بىر تەرەپتىن قولۋاق پالىقىنى ئۇرۇپ ، يەنە بىر تەرەپتىن ئانا ـ بالىغا كۆڭۈل بۆلمىسە بولمايتتى . پايانسىز كەتكەن ئورمان ـ ئېدىرلىقنى قاق ئوتتۇرىسىدىن يېرىپ ئۆتكەن دەريانىڭ ئايرىلغان ھەربىر ئارىلىدىمۇ بۈك ـ باراقسان ئورمانلىق بار ئىدى ، ئۇنىڭدا خىلمۇخىل ئۇچار قۇش ، ھايۋاناتلار خىلمۇخىل ئاۋازدا نەغمە-ناۋا قىلىشاتتى . ئۇلار مانا شۇنداق ئاراللارنىڭ بىرنەچچىسىدىن سالامەت ئۆتتۈۋېلىپ ، ئاخىرقى مەنزىلگە يېقىنلاشتى . بىراق ، ئويلىمىغان ئىش يۈز بەردى : مەخلۇك قىزنى كۆزى ئوچۇق ھالدا قارا بېسىشقا باشلىدى . ئۇ ئاۋۋال پىچىرلاپ بىرنەرسىلەرنى دېدى ، ئاندىن ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋەتتى :

— ئەنە ، «قۇۋ ـ قۇۋ» چىلار كەلدى ، ئۇلار لەھەڭگە ئايلىنىپ ، سۇ ئاستىدا تۇرۇۋېلىپ ، مېنى ، بالامنى يۇتماقچى . مەن ئۆلسەممۇ مەيلى ، بالام ئامان قالسۇن ! كېلىشە قېنى !...

مەخلۇك خاتۇننىڭ تۇيۇقسىز توۋلىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكىنىدىن چۆچۈگەن بېلىقچىنىڭ ئايالى ئۇنى تۇتۇۋالىمەن دەپ قولى-

دىكى پالاقنى قانداقچە تاشلىۋەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. ئۇ مەڭلىكنى جىمىقتۇرۇپ ياتقۇزغاندىن كېيىن، پالاقسىز ھالدا سالنى باشقۇرالماي جىددىيلىشىشكە باشلىدى. قېرىشقاندەك، دەل شۇ چاغدا تارام ئېقىن چوڭ دەرياغا قوشۇلۇش ئېغىزىغا يېقىنلىشىپ قالدى. ھازىرقى ئەھۋالدا پەقەت پالاق ئۇرغاندىلا ئاندىن سال ئېقىندىن قىرغاققا چىقىۋالالايتتى. بۇنىڭ ئاخىرىنى ئويلاش قورقۇنچلۇق ئىدى.

ئۆزىنى دەريادىكى بېلىق سانايدىغان، ئۇنىڭغا يانداپ پالاق ئۇرۇپ مېڭىۋاتقان بېلىقچى ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ شۇ ھامان كارۋان بېشىنى ئېلىپ مېڭىۋاتقان سالنى ئۇلار تەرەپكە بۇرىدى، كارۋان بېشى كېيىنرەك ئەھۋالدىن خەۋەر تاپتى. كارۋان بېشى كېيىملىرىنى سېلىپ، ئۆزىنى دەرياغا ئاتماق بولغانىدى، بېلىقچى ئۇنى تۇتۇۋالدى.

شاۋقۇنلۇق دەريا سۈيى ئۆركەشلەپ ئاقاتتى، ئۇنىڭ تىنىمسىز شاۋقۇن - سۈرەن سېلىشلىرى دەھشەتلىك ئىدى، چېچەك سۈيى كەلگەچكىمۇ قىرغاق گىرۋەكلىرىدىكى بوش - بىكار تاشلىقلارمۇ سۇ شاۋقۇنلىرىدا كۆرۈنمەي قالغانىدى. ئەنە ئابرال، تەڭرىتېغى، ئەۋلىيا چوققىلىرىدىن ئېقىپ كەلگەن شاخ - شۇمبا، قارىغاي يىلتىزى، بۇقا، تايچاق، قوي - قوزىلارنىڭ جەسەتلىرى ھەرخىل شەكىلدە قورقۇنچلۇق دومىلاپ ئاقاتتى. بۇنداق كۈنلەردە ئادەم بالىسى ئەمەس، ئۇچار قۇشلارمۇ دەريا ئۈستىدىن ئۆتۈشكە ئەيمىنەتتى.

بېلىقچىنىڭ ئايالى بىلەن مەڭلىك ئانا - بالا چۈشكەن سال خەتەرلىك جايغا بېرىپ قالغانىدى. بېلىقچىنىڭ ئايالى قولىنى پالاق قىلىپ سۇغا ھەدەپ ئۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ جىددىيلەشكەنلىكىدىن پۈت-قولىدا جان قالمىغانىدى. دەل شۇ چاغدا نەسەب ئاكا ئۆزىنى شاۋقۇنلۇق دەرياغا ئاتتى ۋە ئۈزۈپ دېگۈدەك سالغا يېقىنلاشتى. بۇ چاغدا بېلىقچىمۇ ئۆزى چۈشكەن سالنى ئايالىغا يېقىنلاشتۇرغانىدى. نەسەب ئاكىمۇ ئۆزىنىڭ سۇ ئۈزۈشكە ماھىرلىقىنى تازا نامايان قىلدى. ئۇ بىر شۇڭغۇپ، بىر لەيلەپ تۇرسىمۇ، پەم بىلەن ئىلگىرىلەپ سالنى تۇتۇۋالدى ۋە بېلىقچى ئاتقان پالاقنى تۇتۇۋېلىپ، بېلىقچىنىڭ ئايالىغا

بەردى . بىلىقچىنىڭ ئايالى پالاقنى ئېلىپلا سالنى مەجبۇرىي باشقا ياققا بۇرىدى . نەسەب ئاكىنى بولسا بىلىقچى تارتىۋالدى . شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىر قېتىملىق ۋەھىمىنى باشتىن كەچۈرۈپ ، ئاندىن قىرغاققا چىقتى...

## 2

«غىچ - غىچ...»

ئۈستىگە تاللارنى ئېگىپ سايىۋەن ياسىۋالغان هارۋا چەكسىز كەتكەن چاتقاللىق ، قومۇشلۇق ئارىسىدىكى چىغىر يولدا كېتىۋاتاتتى ، نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەن قۇياش نۇرىدا زېمىن تونۇردەك قىزىپ كەتكەنىدى ، هارۋا ئېتى بولسا بۇژۇلداپ تەرلەپ ، قۇشقۇن ئەتراپى پۇتۇنلەي ئاق ماغزاپقا ئايلانغانىدى . هارۋا يۇقىرىلاپ ماڭغانسېرى ئاستىلاپ ، ئوڭغۇل - دوڭغۇل يوللاردىكى چۆپلۈككە يوشۇرۇنغان بىلىنەر-بىلىنمەس كاتاڭلارغا بىر چۈشۈپ ، بىر چىقىپ ئىلگىرىلەۋاتاتتى . هارۋا هەربىر كاتاڭغا چۈشۈپ جالاقلىغاندا ، ئۈنىڭدا يېتىپ ، توختىماي جۆيلۈپ سۆزلەۋاتقان مەڭلىك «ۋاي-جان !» دەپ توۋلايتتى . ئۇنىڭ قېشىدا بىلىقچىنىڭ ئايالى بالىنى باغرىغا چىڭ بېسىپ ئولتۇراتتى . هارۋىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن بولسا يۇسۇپ ئورۇن ئالغانىدى . چاچ- ساقاللىرىغا ئاق سانجىغان ، بېشىغا ئاق يالاڭ تەلپەك كىيىۋالغان ئورۇق ، بۇغداي ئۆڭ هارۋىكەش پات- پات ئېتىنى «چۇھ-چۇھ !» دەپ چىۋىق بىلەن ئۇرۇپ قوياتتى . نەسەب ئاكا بىلەن كارۋان بېشى بولسا هارۋىنىڭ ياندىق ئېتىدەك ئىككى چەتتە پىيادە يول يۈرۈۋاتاتتى . قۇياش ئاپتىپىدا پايانسىز كەتكەن يايلاق شۇنداق قىزىپ كەتكەنىدى ، ئۇ يەردىكى هەر توپ گىياھ مەيىن شامالدا يەلپۈنۈپ ئوت چاچقاندەك بىلىنەتتى . يا سۇ ، يا سايىدىغۇدەك بىر توپ چوڭراق دەل-دەرەخ كۆرۈنمەيدىغان بۇ دالىدا پەقەتلا هارۋىنىڭ غىچىلدىغان ئاۋازىدىن باشقا سادا ئاڭلانمايتتى .

ئۇلار سەھەردىلا يولغا چىققان بولۇپ ، قاپقىغا ئېلىۋالغان سۇ-

لىرى تۈگەي دەپ قالغانىدى . شۇڭا ، ئۇلار ئاۋۋال سۇ بار يەرنى نىشان قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى . چۈنكى ، ئۇسسۇزلۇقتا ئۆزلىرى چىدىسىمۇ ، مەڭلىك قىزنى ئۇسسۇز قويسا بولمايتتى .

— ئەنە ئاۋۇ كۆرۈنگەن ئاقباش تاغ چوققىسى ئەۋلىيا چوققىسى ، ئۇنىڭ يان باغرىدىكى دۆڭلۈكتە ئەۋلىيا غارى بار ،— دېدى هارۋىكەش .

— هەي ، سىلەرنىڭ ئەنە دەپ قاش ئېتىپ قويغان يېرىڭلارغا بىر كۈندە يېتەلمەيۋاتساق ، سوزۇپ «ئاۋۇ» دەپ كۆرسەتكەن يېرىڭلارغا ئايدا يېتىپ بارارمىز ھەقاچان ؟— دېدى نەسەب ئاكا ھارغىنلىق بىلەن .

هارۋا دۆڭلۈككە ئۆرلىگەنسېرى قۇياش ئاستا - ئاستا ئاقباش تاغ تەرەپكە ئېگىلىشكە باشلىدى ، چىرىلداپ نەغمە قىلىۋاتقان تومۇزغا - چېكەتكىلەر ئاۋازى كۆپىيىشكە باشلىدى . تومۇزغا - چېكەتكىلەر بىردەم هارۋا ئەتراپىدا ، ئادەملەرنىڭ پۇتلىرى يېنىدا سەكرەپ يۈرۈپ چىرىلدىشاتتى .

ئۇلار ئاقباش تاغ ئېتىكىگە يېقىنلاشقانسېرى مەيىن شامال پەيدا بولدى ، مانا ئەمدىلىكتە يولنىڭ ئېگىز - پەس هارۋا چاقى بىلەن ئات ماڭىدىغان يەردىن باشقا تەرەپلەردىكى ئۆسكىلەڭ قومۇش ، چۈچۈكبۇيا ، ياۋا كەندىر ، قوراي باستان يەرلەرمۇ كۆپىيىپ بېرىۋاتاتتى . ئۇ يەر - بۇ يەردە بولسا تەبىئىي گۈل تەشتەكلىرىدەك زېمىندىن كۆتۈرۈلگەن دۆڭلۈكلەر ، ئۇنىڭ ئۇستىدىكى ئېگىز ئۆسكىلەڭ ياۋا چۆپلەرنىڭ ئۆزىرىپ چۈشۈۋاتقان سايىلىرى هارۋىغا بىرە - بىرە سايە تاشلاپ قالاتتى .

«ئىڭە ، ئىڭە...»

— ئەقىللىق بوۋاق جومۇ بۇ ! ئانىسىنىڭ سالقىن هاۋادا ئۆزىنى يوقلاپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىۋاتقىنىنى قارىمامدىغان ،— دېدى بېلىقچىنىڭ ئايالى دۆڭلۈك سايىسىغا يېقىن جايدا هارۋىكەشنى توختاشقا مۇراجىئەت قىلىپ .

هارۋا توختىدى . ئېگىز دۆڭدىكى ئۆسكىلەڭ ياۋا گىياھلار بەئەي-

نى بوستانلىقتەك ھارۋا ئۈستىدىكى سايىۋەننىڭ ھەممە تەرىپىگە بىر
تەكشى سايە تاشلىغانىدى. تاغلىقنىڭ كېيىنكە پېتىۋاتقان قۇياش قىپ-
قىزىل قىزىرىپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا ھەممەيلەن تەبىئەتنىڭ بۇ قەدەر
ساماۋى گۈزەللىكىدىن ئاجايىپ تۇيغۇلارغا غەرق بولغانىدى. ھارۋى-
نىڭ ئارقىسىدىن پىيادە كېلىۋاتقان نەسەب بىلەن كارۋان بېشىمۇ
ھارۋىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە ئۆتۈپ، بىرنەچچە غۇلاچ يەتكۈدەك ئۆر-
گىلەي چاق يېنىدا ئولتۇرۇشتى.

— قىزىم، بۇ سۇنى ئىشلىتىڭ، ئىسسىغان تەندىن چىققان سۈت
بالىنى بىمار قىلىپ قويمىسۇن!

— توۋا، — دېدى ھارۋىكەش بوۋاققا زوقمەنلىك بىلەن
قاراپ، — بىز ھەمراھ بولغىلى بىر كۈن بولاي دېدى، ئۇ ئاران بىر
قېتىم يىغلاپ ئاۋاز چىقارغىنىنى دەيمىنا؟ بۇنداق كىچىك بوۋاق
دېگەن پات- پات يىغلاپ تۇرىدىغان...

— تىللىرىغا تاش، مۇبادا ئۇ يىغلاڭغۇ بولغان تەقدىردە، بۇ ئاي
دالىدا ئانىسى ئۇنداق ياتسا، ئۇنى نېمە بىلەن پەس قىلار ئىدۇق؟
مېنىڭ قۇپقۇرۇق ئۇستىخانغا ئايلانغان بەدىنىمدىن يا ئۇنىڭغا بىرەر
نەملىك چىقمىسا، — بېلىقچىنىڭ ئايالى سۆزلەۋېتىپ «ئىمز قوغلاپ
كېلىۋاتقان (قۇۋ - قۇۋ) چىلار بولمىغىدى، ئىلاھىم» دېگەنلەرنى
كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

— ھەرنېمە دېگەنبىلەن بۇ پېشانىسى كەڭ بالىدەك كۆرۈنىدۇ،
يىغلاڭغۇ بالىنىڭ يىغلاشلىرىدىن، ئۇ بۇندىن كېيىن كۆرىندىغان كۈن-
لىرىنىڭ ئازابىدا يىغلايدۇ دەيدىكەن. يىغىسى يوق بالىنى پېشانىسى
ئوچۇق، بەختلىك، خانىغا مۇناسىپ دەيدىكەن.

— ئېيتقانلىرى كەلسۇن!

قېرى ھارۋىكەش بىلەن بېلىقچى ئايال ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان
پاراڭلار بالىنى باغرىغا بېسىپ ئەمچەك بېرىۋاتقان تۈركمەن ئانىنىڭ
قەلبىنى لاپپىدە يورۇتقاندەك بولدى، بولۇپمۇ «خانىغا مۇناسىپ»
دېگەن بۇ سۆز ئانا قەلبىنى ئاجايىپ ھېسلارغا چۆمدۈرۈۋەتتى، پۈت-
كۈل ئارزۇ- ئۈمىدى شۇ تاپتا ئىسسىق سۈتى بىلەن قوشۇلۇپ بوۋاققا

ئۆتتۇۋاتقان تۈيغۇغا غەرق بولدى. ئۇنىڭدا بالا ھەققىدىكى ئۈمىد تېخى-
مۇ زورايدى، ھاياتقا بولغان، ھاياتلىقىقا بولغان ئىشەنچىسى قايتىدىن
ياشارغاندەك بىر ھېس ئۇنى سەگەكلەشتۈرگەنىدى.
— بۇ قىز ئەجەب چىرايلىقكەن، ئەمما ئۇنىڭ ھەر قېتىمقى
جۆيلۈشلىرىدىن بۇرۇن قاتتىق ئازار يېگەنلىكى بىلىنىپ تۇرۇپتۇ.
يەنە ئۈستىلەپ تۇغۇت ئازابىنى تارتىپتۇ، ئازاب ئۈستىگە ئازاب، بۇ
قىزغا «ئال» ياماشقاندەك قىلىدۇ. قارا توخۇدىن بىرنى ئوغرى ئالدى
قىلىپ، قېنىنى گەجگىسىگە ئېقىتىپ، گۆشىنى شورپىسى بىلەن
پىشۇرۇپ يېگۈزۈۋەتسەك ساقىيىپ كېتىدۇ. مەنزىلىمىزگە بارغاندا
ئۇنىڭغا قوشۇپ، كەتمەننى قىزىتىپ، ئۇنىڭغا دەسسەپ، پۇت ئالىقى-
نى بىلەن گەجگىسىگە ئۇچ - تۆت مەرتىۋە دەسسەپ قويسام ھەم تۇغ
ئەتراپىدا بىرنەچچە قېتىم ئايلاندۇرۇۋەتسەممۇ ئۇنۇمى ياخشى
بولىدۇ...
ھارۋىكەشنىڭ بۇ سۆزلىرىمۇ مەڭلىكنى جانلاندۇردى، شۇڭا ئۇ
بېلىقچىنىڭ ئايالىغا قاراپ:
— ئانا، نەسەب ئاكىغا، كارۋان بېشىغا ئېيتىسىڭىز بوپتىكەن،
ئۇلار ئەتىگەندە بالامنىڭ ئىسمىنى قويۇۋېتىشنى ئېيتقاندا مەن قوشۇل-
مىغان، ئەمدى مۇشۇ يەردە ئىسىم قويساق! ئۇنىڭ ئىسمىنى مۇشۇ
كەڭ دۇنيا، گۈزەل تەبىئەت ئاڭلىسۇن، شاماللار يەتتە ئىقلىمغا
تارىتىۋەتسۇن...
— ماقۇل، قىزىم.
مانا، ئاي دالىدىكى تاۋاقتەك قىپقىزىل قۇياش ئاپتىپىدا دۆڭلۈك
ۋە ئۇنىڭدىكى ياۋا گىياھلار تاشلىغان سايە ئاستىدا توختىغان ئۆرگە-
لەي ھارۋا ئەتراپىدا خۇشاللىق سورۇنى ھازىرلانغانىدى. بوۋاق ھارۋا
سايىۋىنى ئاستىدىكى ئىككى ئانا ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇققا سېلىنغان
تېرە كۆرپە ئۈستىدە ئاق يۆگەك ئىچىدە ياتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا بولسا
بىرنەچچە سىقىم قوناق، بىرنەچچە بۇردا سۈت قۇيۇپ يېقىلغان پېتىر
توقاچ پارچىلىرى ۋە پىشۇرۇلغان بېلىق گۆشلىرى تۇراتتى. ئەرلەر
بولسا ھارۋىنىڭ ئادەم بويى ئېگىز چاقىدىن بويۇنلىرىنى سوزۇپ،

هارۋا ئۈستىدىكى داستىخان، يۆگەكتىكى ئاق بولۇتتەك يۆگەلگەن بوۋاقنى تاماشا قىلىپ مەپتۇن بولۇپ تۇرۇشاتتى.

— قېنى، ئانا ئۆز بالىسىنىڭ ئىسمى توغرۇلۇق ئاۋۋال بىرنېمە دېگىنى تۈزۈك، — دېدى ھارۋىكەش چېھرىگە شادلىق يۈگۈرتۈپ.

— شۇنداق، قېنى، ئاندىن بولسۇن!

كىچىككىنە ئاي دالىدا بولسىمۇ بۇنچىلىك جەم بولغان كۆڭۈللۈك سورۇننى كۆرۈپ مەڭلىكنىڭ تېنى سۆيۈنگەنىدى. ئۇ مۇشۇ كەمگىچە بۇنداق خۇشاللىقنى كۆرۈپ باقمىغاندەك تۇيغۇدا ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خۇشاللىق پۈتكۈل تەقدىر قىلمىشلىرىدىن ھېساب ئېلىشقا ئۆزىنى ئۈمىدلەندۈرۈۋاتقان، ئۆزىنىڭ تۇنجى پەرزەنت ئوغۇل بوۋىقىنىڭ ئىسىم قويۇش مۇراسىمى ئىدى. بۇنىڭدا ئانا خۇشاللىقى ھەممىدىن مۇھىم ئىدى. ئۇ ئۆز خۇشاللىقىنى ئەتراپتىكى شاپائەتچىلەرگە ئالدىن دېمەي قانداق چىدالىسۇن؟ شۇڭا، ئۇ ئۆز تەلپىنى ئەتراپتىكىلەرگە ئالدىن قويۇشقا قوشۇلدى:

— تۇغلۇق بولسۇن...

ئانا خىيالىدا شۇ دەقىقە ئىچىدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى، قانداقلارچە بۇ ئىسمنى تېپىپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۇقيادەك تال - تال كىرپىكلىرى، بولاقتەك قوي كۆزلىرى بىر نۇقتىغا قادىلىپ قالغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئېسەن بۇقاخاننىڭ ئۆز يۇرتىنى ۋەيران قىلغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بۇ ئالتە كۈنلۈك ئالەمدە ئۆز ئەركى بىلەن لايىق تاللىيالماي، خوتۇنلۇققا مەجبۇرلانغانلىقىنى ئويلاپ ئىچى ئاچچىققا تولغانىدى...

ئۇ، ئوغلىغا قارىدى ۋە «ئۇھ!» دەپ ھاردۇق ئالغاندەك ئېغىر تىنىدى، ئاندىن بىر ئاز ئۆزىنى تۈزەشتۈردى. بۇنداق چاغدا ئۇنىڭ سۇزۇك تاشتەك يالتىراق ھۆسن - جامالى ئاۋۋال تامچە قان قالمىغاندەك پاختا رەڭگە ئۆزگىرەتتى، ئارقىدىنلا ئېقى ئاق، قىزىلى قىزىل تۇسكە كىرەتتى. بۇ چاغدا مەڭلىك ئۆزىنىڭ توققۇز ئاي، توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا تامغان قان - يىرىڭنى ھاياتلىققا ئېرىشتۈرگەن بىر ئۆزى ئىكەنلىكىنى، پۈتۈنلەي ئۆز قېنى بەدىلىگە مانا شۇ

ھاياتلىق پەيدا بولغانلىقىنى جەزم قىلىپ، پەخىرلىنىش ئىچىدە «ئوھ» دەيتتى. چۈنكى، مەڭلىك بۇ ئوغلىنى ئۆزىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى چېچەك ئاچقۇزىدىغان بىردىنبىر ئۈمىدى، دەپ قارايتتى. ئەلۋەتتە، بالا ئانامنىڭ ئۆچمنى ئالىمەن، دەپ ئاسانلىقچە ئۆز دادىسىغا زىيانكەشلىك قىلماسلىقى مۇمكىن. ئەمما، ئۆز تارىخىنى بىلىسچۇ؟ دادا بولغۇچىنىڭ مەڭلىكنى بۇلاپ ئالغىنىنى، ئۇنى ئېغىر ئاياغ باشقىلارغا تارتۇق قىلسا قاراپ تۇرغىنىنى، ئۆزىنىڭ سۇ ئۈستىدە قولۋاقتا تۇغۇلۇپ، ئادەمسىز يايلاقتا ئىسمى قويۇلغىنىنى، يەنە ئانىسىنىڭ چەككەن جەبىر - جاپالىرىنى ئاڭلىسىچۇ؟

مەڭلىكنىڭ كۆزىگە لىقىدە ياش تولدى ۋە باياتىنقى ئىسمىنى يەنە قايتا تەكرارلىدى:

— بۆرىنىڭ رەسمى چۈشۈرۈلگەن تۇغنى، پۇتكۇل بىمارلارغا شىپالىق ئاتا قىلغۇچى پېرىخونلار تەرىپىدىن باغلانغان تۇغنى، زۇلۇم - زۇلمەتنى پاچاقلاپ، كەلگۈسى ئادالەتكە يېتەكلەيدىغان تۇغنى مۇشۇ پەرزەنتىم قولغا ئېلىپ دۇنيانى سورىسا دېگەن ئارزۇيۇم بار. شۇڭا، بۇ تۇنجى بالامنىڭ ئىسمى تۇغلۇق بولسۇن...

دەسلەپتە «تۇغلۇق بولسا» دېگەندە تېڭىرقاپ تۇرغانلار كېيىنكى گەپلەرنى ئاڭلاپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى ھەمدە بالىنىڭ ئىسمىنى قەيەرنىڭ ئادىتى بويىچە قويۇشنى مەڭلىكتىن سورىدى.

— ئىسلام قائىدىسى بويىچە بولسۇن! — دېدى مەڭلىك كەسكىن قىلىپ.

شۇئان ھارۋىكەش ئېگىز دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ياڭراق ئاۋازدا، ئەمما شۇنچىلىك مۇڭ بىلەن ئەسىرگە ئەزان ئېيتتى، كەڭرى يايلاقتا بىر ئىزگۇ كوي، بىر مۇڭلۇق سادا تارالدى، قەلبلەرگە ئىللىقلىق ياغدۇردى. ئاندىن ھارۋا ئۈستىدىكى داستىخاندىن سىقىمداپ ئالغان قوناقلارنى كەڭ دالىغا چېچىشتى، پېتىر توقاچنى ئاغزىلىرىغا سېلىشتى، خۇشاللىق ئىلكىدە بىر ئېغىزدىن يەنە «ئادالەت سەركەردىسى بولسۇن، تۇغلۇق سەركەردە بولسۇن» دېيىشىپ ئۇنىڭ ئىسمىنى مۇبارەكلەشتى. كەڭرى دالىدا قويۇلغان بۇ ئىسىمغا كەڭ دالا،

ئۇچار قۇش،گۈل - گىياھ،دۆڭلۈكلەر گۇۋاھ بولۇپ قېلىشتى...

## 3

ئۇلار ئەتىسى ئاشۋاقتى بىلەن ئەۋلىيا غارىغا يېتىپ كەلدى. ئەمما، كەيىندىن «قۇۋ - قۇۋ»چىلارنىڭمۇ ئىز بېسىپ قوغلاپ كەلگەنلىكى مەلۇم بولدى. چۈنكى، ئۇلار ئېگىزلىكتە تۇرۇپ يىراقتا كېلىۋاتقان ئاتلىقلارنى كۆرۈپلا ئۇلارنى تونۇپ قالغانىدى. قىزىرىپ تۇرغان تېۋىلغا چېچەكلىرى ئەۋلىيا ئۆڭكۈرى ئالدىغا بەئەينى قىزىل تاۋار يايغاندەك مەنزىرە ھاسىل قىلغانىدى. پۈتكۈل ئەتراپنى ئۇنىڭ خۇش پۇراق ھىدى قاپلىغانىدى. ھارۋىكەش بۇ مەنزىرىدىن ھوزۇرلانغاچ «قۇۋ - قۇۋ» ئاۋازىنىڭ بارغانسېرى يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى سېزىپ، ھارۋىنى ئىتتىك ھەيدەشكە باشلىدى. ئۇ ھارۋىسىدىكىلەرنى ئۆڭكۈرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپلا، «قۇۋ - قۇۋ»چىلارنى ئازدۇرۇۋېتىش ئۈچۈن، ئۆزى يالغۇز قايتىپ چىقىپ باشقا ياققا قاراپ يول ئالغانىدى. ئۆڭكۈردىكىلەر ئۇنى كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا ئۇزىتىپ قالدى، ئۇنىڭغا ئامانلىق تىلىدى...

ھارۋىكەشنىڭ دىمىغىغا تېۋىلغا چېچەكلىرى ھىدى ھەر قېتىم ئۇرۇلغاندا، ئۆڭكۈردە قالغانلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى كۆڭۈل كۆزلىرىدىن بىرمۇبىر ئۆتەتتى. ئەۋلىيا ئۆڭكۈرىگە يېقىن بىر دۆڭلۈككە جايلاشقان بۇ مەھەللە قەدىمدىن تېۋىلغا مەھەللىسى دېيىلەتتى. بۇ جايدا پۈتۈنلەي تېۋىلغا ئۆسەتتى، تولاراق مال - ۋاران بېقىلاتتى، ھەتتا تاغقا يېقىن بولغاچقا، ياۋايى ھايۋانات، ئۇچار قۇشلارنىڭ تۇرلىرىمۇ كۆپ ئىدى. كۆز كۈنلىرىدە تېۋىلغا پىشىپ يېتىلگەندە، يىلتىزىدىن تا ئۇچىغا قەدەر ئۇتقاشتەك قىزىل ئورمانلىقتا ئايلىناتتى، بەزى تېۋىلغىلار بارماقتەك، بەزى قېرى تېۋىلغىلار كەتمەن سېپىدەك يوغىنايتتى، بۇ يەردىكىلەر تېرىقچىلىق قىلاتتى، مال باقاتتى. «قۇۋ - قۇۋ»چىلار ئاۋازى يېقىنلاشتى. بىراق، ھارۋىكەش قىلچىلىك جىددىيلەشمەي مېڭىۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان-

لىرىنى ھاياتىدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىش ، ئەرلەر قىلىشقا تېگىشلىك مەردلىك ، دەپ قارايتتى...

«قۇۋ - قۇۋ»چىلار بىرەر يۈزدىن ئوشۇق ئادەم ئىدى ، ھەممىسى قىلىچ - نەيزىلىرىنى يالىڭاچلاپ ، بىر قولىدا ئۇنى ئېگىز كۆتۈرگەن ، بىر قولىدا ئات چۇلۋۇرلىرى بىلەن قامچا تۇتقان ھالدا توپا - چاڭ چىقىرىپ كېلىۋاتاتتى . ئۇلارنىڭ كىيگەن قارا قالپاق ، قارا قوڭۇر بەلگە بېسىلغان چاپانلىرى چاڭ باسقان چىرايلىرى بىلەن ئوخشاپ كەتكەنىدى . ئۇلار شۇ تاپتا بەئەينى ئات ئۈستىدە قوغۇنلۇقتىكى قارانچۇققا ئوخشاپ قالغانىدى . ئۇلار كەڭ دالىدىكى يالغۇز ھارۋىكەشنى كۆرۈپ يىرتقۇچلاردەك ۋارقىراشتى ، قىلىچ - نەيزىلىرىنى ئوينىتىپ ، ئاتلىرىنى تەرەپ - تەرەپكە چاپتۇردى ، بىردەمنىڭ ئىچىدە چەمبىرەككە ئېلىپ ، ھارۋىكەشنى قورشاپ كېلىشتى .

— مەڭلىك ئىسمىلىك ئېغىر ئاياغ بىر ئايال ، يەنە بىر ئوغۇل بالا ، ئىككى ئەر مۇشۇ ئەتراپقا قېچىپ كەلگەن . سەن ئۇلارنى كۆردۇڭمۇ ؟ ياخشىلىقچە بىزگە ئېيت ، بولمىسا كاللاڭنى ئالىمىز !

«توختا ، مەن نېمىدىن قورقىمەن ؟ ئۇ بىر ۋەھشىيلەر . بەرىبىر بىزنى يەيدىغانلار ، ئۇنداق باھانە بىلەن ھامىنى بىزنى ئۆلتۈرگىنى ئۆلتۈرگەن . ئۆز قېرىنداشلىرىمنى ياۋۇزلارنىڭ چاڭگىلىدىن يوشۇرۇۋشۇم كېرەكقۇ ؟ »

«قۇۋ - قۇۋ»چىلار ئۇنىڭدىن يۇقىرىقى سوئاللارنى تەكرار - تەكرار سورىدى ، تېخىمۇ دەھشەت سېلىپ ، قىلىچ - نەيزىلىرىنى ھارۋىكەشنىڭ كۆز ، ماڭلايلىرىغا تەڭلىدى...

— ئېغىر ئاياغ ئايال دەمسىلەر ؟ مەن ماۋۇ ھارۋامدىكى جانىۋاردىن باشقا جانلىقنى كۆرمىدىم...

ئاستا - ئاستا ئاسماننى پۈتۈنلەي قاپقارا بۇلۇت قاپلىدى . ئەتراپقا قاراڭغۇلۇق يېيىلدى . ئاندا - ساندا تامچىلاۋاتقان يامغۇر «قۇۋ - قۇۋ» چىلاردا ئەنسىرەش تۇيغۇسى ئويغاتقاندەك قىلاتتى . چۈنكى ، تاسادىپىي قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتسە ، بۇ ئوچۇقچىلىقتا ئۇلار مۆكۈنگۈدەك يەر تاپالماسلىقىنى بىلەتتى . شۇڭا ، ئۇلار بىر تەرەپتىن ھارۋىكەشكە

ۋارقىرايتتى ، يەنە بىر تەرەپتىن دالدا تېپىش ئۈچۈن ئالدىرايتتى.
«ئايران تولا كەلگەن دالا ، دۆڭدە يول تولا» دەپ ، ئۇلار ئۈچراشقان ئاي دالىدا بىرنەچچە هارۋا يولى ، بىرنەچچە يالغۇر ئاياغ يوللار كېسىشكەنىدى ، ھەممىسى چىغىرتماقلىق ، چاتقاللىق ، قورايلىقلار بىلەن ئورالغانىدى . پەقەت بېسىلغان ،چىرىگەن چىغىرتماق ،قورايلار ئاز ـ تولا ھارۋا چاقى ، ئات تۇيىقى چۈشكەن ئورۇندا پەيدا بولغان توپىلىق بىلەنلا يوللارنى پەرق ئەتكىلى بولاتتى .
— ھە راست ، مەن باياتىنىراق سىلەر سورىغان ئادەملەرنى مانا ماۋۇ يول بىلەن كېتىۋاتقاندا كۆرگەنىدىم ،— دېدى ھارۋىكەش ئۇلارغا قاراپ .
— ئەمىسە سەنمۇ شۇ تەرەپكە ھەيدە ھارۋاڭنى !— دېدى «قۇۋ-قۇۋ»چىلار باشلىقى . ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدا بىرئاز كۈلكە پەيدا بولۇشتى ، ئۇلارمۇ ئات تىزگىنلىرىنى چاقچاقلىق بىلەن تارتىشتى . لېكىن ، دەل شۇ چاغدا يېقىنلا يەردىن ئاڭلانغان ئات تۇيىقىدىن ئۇلار يەنە ئورنىدا توختاپ قېلىشتى . ھايال ئۆتمەي بىرنەچچە ئاتلىق چىقىپ كەلدى . ئۇلارنىڭ ئەڭ كەينىدىكى ئاتقا نەسەب ئاكا بىلەن بىللە قالغان كارۋان بېشى مەھكەم باغلانغانىدى . باشقا ئاتتىكىلەر بولسا پۇقراچە كىيىنگەن «قۇۋ ـ قۇۋ»چىلار ئىدى .
كارۋان بېشىمۇ ، ھارۋىكەشمۇ بىر ـ بىرىنى ئاسانلا تونۇدى ، ئەمما بۇنى چاندۇرۇشمىدى . شۇڭا ، «قۇۋ ـ قۇۋ»چىلار خېلى بىر ھازاغىچە ھەر ئىككىلا تەرەپتىن ئۇلارنىڭ كۆتكەن تونۇشلۇق ھېسسىنى سېزەلمىدى ، ئاخىر «قۇۋ ـ قۇۋ»چىلار باشلىقى سورىدى :
— ئېيتىنە ، بىر ـ بىرىڭنى تونۇمسەن ـ يوق ؟
— ياق .
ھەر ئىككىلا تەرەپ ئوخشاش جاۋاب قايتۇردى ، «قىۇۋ ـ قۇۋ» چىلارنىڭ باشلىقى قىلىچ ئوينىتىپ كېلىپ ئۆز سۆزىنى قايتا ـ قايتا تەكرارلايتتى ، ھېلىلا چىپىۋېتىدىغاندەك ھەيۋە قىلاتتى ، ئەمما ھەرقانچە قىلىپمۇ «ياق»تىن باشقا جاۋابقا ئېرىشەلمىدى .
— سەن ئۇلارنىڭ قاياققا كەتكىنىنى كۆرگەن ؟— كارۋان بېشى-

دىن سورىدى ئۇلار يوپۇرۇلۇپ .
— بېشىم بۇنداق تۆۋەن تۇرسا قايسى تەرەپلىكنى قانداق پەرق قىلالايمەن ؟— دېدى كارۋان بېشى ئىنجىقلاپ .
— ئۇنى يېشىۋېتىڭلار !— بۇيرۇق قىلدى «قۇۋ - قۇۋ »چىلار- نىڭ باشلىقى .
كارۋان بېشى يېشىلىپ ئۆرە قىلىنغاندىن كېيىن ، ھەممە تەرەپ- كە خېلى ئۇزاق سىنچىلاپ قاراپ ، ئاندىن بىر تەرەپنى كۆرسەتتى ، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن تەرىپى مارۋېكەشنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىدى . بۇنىڭدىن مارۋېكەش ھەيران قالدى . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلە- سى ئوخشاشلا ئۆزلىرىگە توغرا ، ئەمما «قۇۋ - قۇۋ »چىلارغا خاتا بىرلا يولنى كۆرسەتكەنىدى .
«قۇۋ - قۇۋ »چىلار ئەمدى ئىشەنچ قىلدى ۋە ئەۋلىيا چوققا تەرەپتىكى يولغا قاراپ مارۋېكەش بىلەن كارۋان بېشىنى ئالدىغا سې- لىپ يۈرۈپ كېتىشتى .
ئەۋلىيا ئۆڭكۈرى خېلىلا ئارقىدا قالدى ، ئۇلار ماڭغان ئەۋلىيا چوققا يولى باشقا بىر تەرەپكە باراتتى ، ئۇنىڭ بىلەن ھەرگىزمۇ ئۆڭكۈر يولىغا چىققىلى بولمايتتى ، ئۆڭكۈر يولى باشقا بىر تەرەپتە قالغانىدى . بۇنىڭدىن خاتىرجەملەنگەن ئات ئۈستىدىكى ئىككىيلەن ئۆز خىياللىرى ئىچىدە كېتىۋېتىپ ، بىر - بىرىگە پات - پات قاراپ قويۇشاتتى . ئەمما ، ئالەم قاراڭغۇ بولغاچقا ، چىرايلىرىدىكى ئىپادىنى كۆرەلمەيتتى . «قۇۋ - قۇۋ »چىلار ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئات سېلىپ مېڭىۋاتاتتى .
بىردىنلا يامغۇر چېلەكلەپ قۇيۇلۇشقا باشلىدى . بارغانسېرى ئۆرلەپ تاغ ئېغىزىغا يېقىنلاشقان تۇزلەڭلىكتە ئۇلار يوشۇرۇنغۇدەك ھېچقانداق يەر كۆرۈنمەيتتى . يا ئەسكى تاملىق ، يارلىق ، دەرەخلىك ئۇلارغا ئۇچرىمىدى . چىلىق - چىلىق سۇغا چۆمۈلگەن «قۇۋ - قۇۋ » چىلار باشلىرىنى پات - پات ئۇياق - بۇياققا سىلكىپ يامغۇر تامچىلى- رىنى چاچرىتىپ قوياتتى . ئاخىر بىرنەرسىنى سەزگەندەك ، ئالدىدا پەرۋاسىز كېتىۋاتقان ئىككىيلەننى توختىتىپ :

— يەنە قانچىلىك ماڭىمىز ، ئوچۇق دە ھارامزەدىلەر ؟— دەپ ۋارقىراپ ئارقا - ئارقىدىن ئۇلارغا بىرنەچچە قامچا سېلىۋەتتى . ئەمما ، ئۇلار بىر ئېغىزدىن يولنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى ، شۇڭا يەنە يولنى داۋاملاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولۇشتى .

«بەلكىم ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنىڭ دېگىنى ، ئۇيلىغىنى بىر يەردىن چىقسا كېرەك . بۇ ئىككىيلەننىڭ ‹قۇۋ - قۇۋ› چىلارنى ئېزىقتۇرۇش يولىمىزنىڭ بىر بولۇپ قېلىۋاتقىنىنى دەيمەن !— دەپ ئويلايتتى ھارۋىكەش ،— لېكىن مەنغۇ ‹قۇۋ - قۇۋ› چىلارنى ئېزىقتۇرۇش ئۈچۈن بۇ يولغا ماڭغان . بىراق ، كارۋان بېشى ئۇلار بىلەن بىللە ئىدى ، نېمە سەۋەبتىن ئۇ يالغۇز قولغا چۈشۈپ قالغاندۇ ؟ باشقىلار قانداق ئەھۋالدىدۇ… »

يامغۇر تېخىمۇ شىددەتلىك يېغىشقا باشلىدى . تاغقا يېقىنلاشقانسېرى يامغۇر مۆلدۈرگە ئۆزگەردى ، «قۇۋ - قۇۋ »چىلار چىدىيالماي قېلىشتى . ئۇلار باشلىرىنى ئىككى قوللىرى بىلەن تۇتقان ھالەتتە تۈگۈلۈپ قالغانىدى ، ھەتتا بەزىدە ۋايجانلاپ ئىڭراپمۇ كېتەتتى . سەۋر قاچىسى توشقان «قۇۋ - قۇۋ »چىلارنىڭ باشچىسى ھارۋىكەش بىلەن كارۋان بېشىنى توختىتىپ :

— بىزگە پاناھلانغۇدەك جاي تاپ !— دەپ ۋارقىرىدى .

— بۇ جايدا پاناھلانغۇدەك يەر يوق ، بۇ دېگەن ئۆلۈم يولى !— دېدى ھارۋىكەش قىلچە قورقۇش ھېس قىلماي .

— سىلەر ئەمدى تۈگەشتىڭلار !— دەپ قاقاقلاپ كۈلدى كارۋان بېشىمۇ ،— جەسەتىڭلار مۇشۇ جايدا قاغا - قۇزغۇنلارغا يەم بولىدۇ !

«قۇۋ - قۇۋ »چىلارنىڭ باشلىقىنىڭ چىرايى دەھشەتلىك تۈسكە كىردى . ئۇ يېنىدىن قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئالدى - دە ، ئالدى بىلەن ھارۋىكەشنىڭ ، ئارقىدىن كارۋان بېشىنىڭ قورسىقىغا ئارقا - ئارقىدىن تىقىپ تارتتى ۋە ھەر ئىككىلا قېتىم تارتقان قىلىچنىڭ قېنىنى تىلىنى چىقىرىپ يالىدى .

— قايتىڭلار !— دېدى ئۇ غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋاز بىلەن .

ھارۋىكەش بىلەن كارۋان بېشى ياتقان يەر قىپقىزىل قانغا بويە-

ئىككى كەتكەن قالدۇرۇپ دەپ كىرەكسىز ئۇلار . كەتكەندى ىلىپ
تېخىمۇ يامغۇر . تۇراتتى قېتىپ جىمجىت يېنىدا جەسەت ئىككى ئات
ئىدى··· ياغماقتا قاتتىق

## سەككىزىنچى باب ئۆڭكۈردىكى مۇھەببەت

### 1

1341- يىلى، باھار.

«ئۆڭكۈر بولسىمۇ ئۆيۈڭ ياخشى، ئېيىق بولسىمۇ ئېرىڭ...» توۋا، بۇ ئۆڭكۈردە ئۆتكەن يەتتە يىلمۇ ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كەتتى دېسە! ئۇ— مېنىڭ شاپائەتچىم، ئۇ ماڭا بارلىق ۋۇجۇدى بىلەن تىرىشىپ غەمخورلۇقنى يەتكۈزدى. شۇنداق بولغاچقىلا بۇ يىللار گەرچە جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە بولسىمۇ خاتىرجەم ئۆتتۈۋاتىدۇ، ئوغلۇم تۇغلۇق ئۇنى ئاتا دەيدۇ، بويۇنلىرىغا ئېسىلىدۇ. ئات قىلىپ مىنىۋېلىپ چۇ - چۇ دەپ ھەيدەيدۇ، بۇدرۇق قوللىرى بىلەن ساقىلىنى سىيلاپ، ئۇنىڭغا بىر تاتلىق ئەركىلەيدۇ، ئۇمۇ بىردەم ئاستا، بىردەم ئىلدام ئاتتەك ئويناقلاپ پۇشقۇرۇپ ئۆڭكۈر ئىچىدىن تا ئۇنىڭ چىقىش ئېغىزىغىچە ئۇنى مىندۈرۈپ ئوينىتىدۇ، بەزىدە تۆگە- تۆگىلەك قىلىپ مۈرىسىگە ئېلىپ ئەركىلىتىدۇ. تۇغلۇق ئۇنى ئۆز ئاتام دەپلا تونۇيدۇ. ‹توۋا، دادا، سەن ئانامدەك نېمىشقا ياش ئەمەس، ساقاللىرىڭ، چاچلىرىڭ ئاپئاقلا كۆرۈنىدۇ، يۈزلىرىڭدىمۇ قورۇقلار كۆپرەك› دەپ ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئوغلۇمنىڭ سوئال قويۇپ تۇرۇۋالغانلىرىدا بەكمۇ ئۇيىلىمەن، ئۇنىڭدىن خىجىل بولىمەن. ئامالسىز ئوغلۇمنىڭ دىققىتىنى باشقا ياقلارغا ئېلىپ قاچىمەن، لېكىن ئۇچۇ؟ ئۇنداق سوئاللارغا ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەيدۇ، ھەتتا بالىغا چاقچاق تەرىقىسىدە: مەن بىر ياۋا چۆپنى بىلمەي يېۋالغاندىن كېيىن مۇشۇنداق قېرىپ كەتكەن ئوغلۇم، دەپ جاۋاب بېرىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالىدۇ. شۇڭا، تۇغلۇق بەزىدە زېرىككەنلە-

ررىدە ، ئۆخلاپ ئورنىدىن تۇرغان چاغلىرىدا ، تالا- تۈزگە چىقىپ كىرگەنلەردە« دادام قېنى ؟» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ···»
مەڭلىك ئۆڭكۈر ئىچىدىكى بوشلۇققا ئورۇنلاشتۇرۇلغان قاچا- قۇچا ، كىگىز ، ئورۇن - كۆرپىلەرنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ شۇلارنى ئويلاپ قالدى .
شۇنداق ، ئۇلار جاھاننىڭ غوۋغالىرىدىن قېچىپ بۇ خالىي ئۆڭ- كۈردە ساق يەتتە يىلنى ئۆتكۈزدى . نەسەب گەرچە ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ ، ئوۋغا ئۇستىلىقى بىلەن ئۇلارنى بىمالال بېقىپ كېلىۋاتات- تى . ئۇنىڭ ئۇستىگە 12 ياشقا كىرىپ قالغان يۇسۇپنىڭمۇ هازىر قولى خېلىلا ئىشقا تېگىپ قالغانىدى . نېمىلا بولمىسۇن ، بۇ يەتتە يىلنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈۋالغىنىدىن مەڭلىكمۇ خۇشال ئىدى . چۈنكى ، ئەم- دى ئۇ يەنە بىراۋغا توقال بولۇپ قېلىشنى ، خالىغانچە مال ئورنىدا باشقىلارغا سوۋغا قىلىنىشنى خالىمايتتى . شۇنداقتىمۇ مەڭلىك يۇر- تىنى ، قان قېرىنداشلىرىنى سېغىنمايمۇ قالمىدى . ئەمما ، ئوغلى تۇغلۇقنى ئويلاپ يەنىلا مۇشۇ يەرنىڭ لايىق ئىكەنلىكىنى تەن ئالدى ۋە يۇرت سېغىنچىنى مەجبۇرىي بېسىپ ياشىدى . ئۇنى هەرهالدا هازىر بۇ يەرگە كۆنۈپ قالدى ، دەپ قاراشقا بولاتتى···
مەڭلىكنىڭ خىيالىنى تۇغلۇقنىڭ ئۆڭكۈر سىرتىدىن ئاڭلانغان «ئانا - ئانا !» دېگەن جىددىي ئاۋازى ئۈزۈپ قويدى . ئۇنىڭ خىيالى- دىن خۇددى «ئانا ، ئانا ، سەن دېگەن ‹ قۇۋ - قۇۋ› چىلار كەلدى» دەپ خەۋەر ئاڭلايدىغاندەك تۇيغۇ كەچكەنىدى ، شۇڭا ئۇ ئىتتىك ئۆزى تۇرغان ئايلانما ئۆڭكۈر ئىچىدىكى ئۆيدىن ئۆڭكۈر ئېغىزىغا چىقىپ قارىدى . ئۇ تۇغلۇقنىڭ قولىدا بىر توپ چىغىرتماق بىلەن باغلانغان لەيلىقازاق گۈلىنى كۆردى .مەڭلىك ئوغلىنىڭ ئۆڭكۈرگە قاراپ گۈل- نى پۇلاڭلاتقان هالدا شۇنچىلىك خۇشال هالدا ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان- لىقىنى كۆردى .ئانا ئۆز ئوغلىغا قۇچاق ئاچتى- دە ،مەڭزىگە بىرنى سۆيۈپ قويۇپ ،بالىنىڭ قولىدىكى گۈلدەستىنى ئالدى ۋە ئۇنى بېشى- دىن ئېگىز كۆتۈرمەك بولۇۋىدى ،ئەمما ئۇنىڭغا كۈچى يەتمەي قالدى ، بۇ هالنى تۇغلۇقمۇ سەزدى بولغاي ،هەييارلىق بىلەن كۈلدى :

— ئانا ، مەن دېگەن چوڭ ئادەم هازىر ، ئەمدى مېنى ئات كۆتۈرمىسە ، سىز كۆتۈرەلمەيسىز...

— شۇنداق ئوغلۇم ، ھەقىقەتەن چوڭ بولۇپسەن ، كۈچكە تولۇپسەن ، سەن يەنە نەچچە يىلدىن كېيىن چوقۇم تاغنى تالقان قىلىدىغان باتۇرغا ئايلىنىسەن . شۇ چاغدا ھەممە ساڭا قايىل بولىدۇ ، سېنى بېشىدا كۆتۈرىدۇ . مېنىڭمۇ مۇراد - مەقسەتلىرىم شۇ چاغدىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ ، — دېدى ئانا سۆزىنىڭ ئاخىرىدا كۈلكىسى كۆز ياشقا ئايلىنىپ .

— قاراڭ ئانا ، تاغ باغرىغا باھار كەلدى ، ھەممە ياق گۈل - چېچەككە پۈركەندى . بۇنىڭدىن كېيىن سىزمۇ ئانچە - مۇنچە سىرتلارغا چىقىپ ، قولىڭىزدىكىدەك گۈللەرنى كۆرۈپ ، يۈراپ تۇرۇڭ ، — دېدى تۇغلۇق ئانىسىنىڭ كۆزىدىكى ياشنى كۆرۈپ ئۇنىڭ دىققىتىنى بۇراپ .

— ماقۇل بالام ، ماقۇل ، ئىگەم بەختىڭنى بەرسۇن ، شاھزادەم ، — ئانا تۇغلۇقنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى ، ئاندىن تۇغلۇقنى يېتىلەپ ئۆيگە كىردى .

— دادام كەلمەيدىغۇ ؟

— ھەئە ، كەلمەسلىكى مۇمكىن ئوغلۇم . ھە راست ، ئاۋاز چىقارمايلى ، ئاكاڭ ئويغىنىپ كەتمىسۇن ، ئۇ بۈگۈن كېچىچە يەنە بىئارام بولۇپ چىقتى .

ئانا تۇغلۇققا سۆزلەۋېتىپ ، ئۆتكۈر ئۆينىڭ تۆرىگە ئورۇن سېلىپ ياتقۇزۇپ قويغان يۇسۇپكە قارىدى ۋە ئۇنىڭ يېنىك تىنىپ ئۇخلاۋاتقانلىقىدىن كۆڭلى ئەمىن تاپتى ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئوغلى تۇغلۇقنىڭ قەددى - قامىتىگە خۇددى بۇرۇن ئۇنى كۆرمىگەندەك باشقىدىن ھەۋەس بىلەن قارىدى . تۇغلۇق شۇنداق ئاق ، قوللىرى بۇدرۇق ، يۈزلىرى يۇمىلاق ، ئۆزى گەۋدىلىك ، ئۆتكۈر كۆزلۈك ئىدى . «كۆز تەگمىسۇن ، ئوغلۇم ، مەن سەن ئۈچۈنلا ياشاۋاتىمەن...» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ئانا يەنە . دەل شۇ چاغدا يۇسۇپ جۆيلۈدى :

— ئانا ، ئانا... مەن سىزنى ئانا دەيمەن... مېنىڭ سىزنى ئانا دېگۈم بار...

مەگلىك يۈسۈپنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ خىيالغا پاتتى.

بىر كۈنى يۈسۈپ ئۇنىڭدىن سورىغانىدى :

— سىزنى ئانا دېسەم رەنجىپ قالارسىزمۇ ؟

— ياق ، رەنجىمەيمەن . ئانا دەۋېرىڭ ، ئانا دەڭ ، مەن بەربىر ئانىغۇ ؟— مەگلىك يۈسۈپنىڭ گېپىدىن تەسىرلەنگەنىدى .

— ئۇغۇ شۇنداق ، لېكىن سىز دادامغا قارىغاندا بەك كىچىككەن-سىز ، خۇددى ئاچامدەكلا... شۇڭا...

— ياق ، ياق . ئانا دەڭ ، ئانا بولۇشنى ياش بەلگىلىمەيدۇ ، پەقەت سىز مېنى ئانىدەك ھېس قىلالىسىڭىزلا مەن خۇش بولىمەن ، ئۆمرۈمدىكى چوڭ خۇشاللىقلارنىڭ بىرى شۇ بولىدۇ .

— ئۇنداقتا مەن سىزنى ئانا دەيمەن...

يۈسۈپ بىلەن بولغان بۇ پاراڭلاردىن كېيىن مەگلىك ئۇنى ئۆز بالىسىدەكلا كۆرىدىغان بولۇپ قالغانىدى .

«قىزىق ئىش ،— دەيتتى مەگلىك يەنە خىيال سۈرۈپ ،— يېقىن ئۆتۈپ ، بىر - بىرىگە بولغان ھەقىقىي مېھىر - مۇھەببەت ئۇزاق يىل داۋاملاشقانلار ئوتتۇرىسىدىمۇ ئۆزگىچە بىر ھالەت پەيدا بولامدۇ - قانداق ؟ توي قىلىپ ئۆي تۇتسىلا ، بالا - چاقا كۆرسىلا ئەڭ بەختلىك ئائىلە بولۇپ كېتىشى ناتايىن . ئۇ بەزى چاغدا شەكىلگىلا مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئۆرپ - ئادەت بولۇپمۇ قالامدىكىن دەيمەن . چۈنكى ، ئۇن-داقلار ئارىسىدا 〈 مىڭ بىر كېچە〉 دىكىدەك بىر - بىرىگە خىيانەت قىلىدىغان ئەر - ئاياللارمۇ بولىدىكەن ئەمەسمۇ ؟ ئۇنىڭغا قارىغاندا بىزنىڭ ئۆتۈۋاتقان بۇ كۈنىمىز راستىنلا بەختلىك بولسا كېرەك . گەرچە بىزنىڭ ئۆيىمىز يوق ، توي قىلمىغان ، ئەر - ئايال بولۇشمى-غان ، پەرزەنت كۆرمىگەن بولساقمۇ... ئۇ ماڭا ، مەن ئۇنىڭغا شۇنداق مېھرىبان ، سەمىمىي ئۆتۈۋاتىمىز ، پەرزەنتلىرىمىزمۇ بىزگە شۇنداق ئىللىق مۇئامىلىدە بولۇۋاتىدۇ . توۋا ، توۋا ، بۇنداق يېقىنلىق ، مې-

ھەر-ئامۇھەببەتنى ياشمۇ چەكلىيەلمەيدىكەن دېسە ؟ ئۇ ئەللىككە كىرىپ قالغان ئادەم، ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئايالىدىن ئالتە بالىسى بولغان . ئەمما، «قۇۋ - قۇۋ» چىلارنىڭ قىرغىنچىلىقىدا ئايالى ھەم يۇسۇپتىن چوڭ باللىرىنىڭ ھەممىسى قىرىلغان، چېپىلغان . مەن بولسام تېخى 25 ياشتىن ئەمدىلا ئاشتىم، شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭغا بولغان بۇ يېقىنچىلىقىمنى ھېچنېمە - ھېچنېمىگە تەڭ قىلالمايمەن .ئۇ ماڭا ھەم ئاكا ،ھەم ئاتا ، ھەم ئانا ،ھەم بىر تۇغقانلىق مېھرىنى ئاتا قىلدى . مۇھىمى ،يەنە ئەرلىك مېھرىدىنمۇ ئۇلۇغ مېھىر ئاتا قىلىۋاتىدۇ .ئاھ خۇدا ،ھەرقانچە گۇناھ قىلساممۇ مەن راستىنى دەۋاتىمەن...»

مەڭلىك شۇنداق خىياللار بىلەن تۇرۇۋاتقاندا ، تۇيۇقسىز يۇسۇپ يەنە جۆيلۇدى :

— كارۋان بېشى ئاكا ، سىز مېنى تۆگىنىڭ لوكىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ ، ھېچ يېرىمنى ئاغرىتماي ئېلىپ كەلدىڭىز ، چوڭ بولغىنىمدا سىزنى رازى قىلىمەن، بولامدۇ ؟... ھارۋىكەش ئاكا ، سىزنىڭ ھارۋىڭىز بەكمۇ جالاقلايدىكەن ، ئاستىراق ماڭسا بوپتىكەن... سىز... سىز يەنە ماڭا قىزىق گەپ قىلىپ بېرىڭ ، بولامدۇ ؟ ئاغرىۋاتقان يەرلىرىمنى ئۇنتۇپ قالاي... ئاستىمغا تاش پاتقاندەك بولۇۋاتىدۇ... كارۋان بېشى ئاكا ، مېنى تۆگە لوكىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويسىڭىزچۇ ؟...

يۇسۇپ سۆزلەپ تۇرۇپ يىغلاشقا باشلىدى . ئانا يۇسۇپنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇپ ئۇنى مىدىرلاتتى ، يۇسۇپ كۆزىنى ئاچتى . شۇ ھامان تۇغلۇق ئۇنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئولتۇردى ۋە يۇسۇپنىڭ قولىنى تۇتتى .

— ئاكا...

يۇسۇپ تۇغلۇققا كۆلۈمسىرەپ قارىدى ، لېكىن ئۇ ئورنىدىن تۇرماقچى بولغانىدى ، بېشىنى كۆتۈرەلمىدى...

— بولدى ، قوزغالما ئاكا ، يېتىۋەر...

ئانا سۇغا چىلانغان لۆڭگە ئېلىپ كېلىپ يۇسۇپنىڭ پېشانىسىگە قويدى...

— كارۋان بېشى ئاكام بىلەن ھارۋىكەش ئاكامنى چۈشۈمدە

كۆرۈپتىمەن ، ئۇلار بىلەن ئۇچۇمدىكىدەك سۆزلىشىپتىمەن ، لېكىن ئۇلار ماڭا بىر ئېغىزمۇ جاۋاب بەرمىگۈدەك ، مەن جىددىيچىلىكتە يىغلاپ كەتكۈدەكمەن...

— شۇنداق ، ئۇلارنىڭ روھى سېنى ئۇنتۇمايدۇ ، بالام ،— دېدى مەڭلىك ۋە تويۇقسىز ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. يۈسۈپ ۋە تۇغلۇق ئانىغا قاراپ ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قېلىشتى...

## 2

مەڭلىك نەسەب ئاكا بىلەن بولغان بىر قېتىملىق سۆھبەتنى ئەسلەپ قالدى :

«〈دۆلەت يۈزى ئاق〉 دەپ ، ئەسلىدە ئۇ چىرايلىق ، قاملاشقان ، ئوتتۇرا ياش ، گەۋدىلىك ئادەم ئىدى ، ئۇنىڭ كەڭ پېشانىسى داۋاملىق پارقىراپ ، يۈزىدىن كۈلكە كەتمەيتتى . كېيىنكى كۈنلەردە مال - بايلىقىدىن ئاجراپ بىزگە ھەمراھ بولۇپ قالغانلىرىدا ئەسلىدىكى چىرايى سولغۇن كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغانىدى ، شۇندىمۇ ئۇنىڭ كەڭ پېشانىسى يەنىلا يالتىراپ تۇراتتى . ھەر كۈنلۈكى بەش نۆۋەت تەرەت ئېلىپ ، جاينامازدا تۇۋا - ئىستىغپار ئوقۇپ ئولتۇراتتى . بۇنداق چاغلاردا 〈 خۇدا ، ياش ۋاقىتلاردا قىلىغان - ئەتكەنلىرىمىنى كەچۈرگىن !〉 دېگەن سۆزلەرنى كۆپرەك تەكرارلايتتى . ئەھۋالغا قارىغاندا ئۇ ناماز ئوقۇشنى پەقەت مال - دۇنيادىن ئايرىلىپ ، مۇساپىرچىلىققا قالغاندا باشلىۋالغان بولسا كېرەك ، دەپ ئويلايتتىم . چۈنكى ، بەزى چاغلاردا ئۇنلۇك ئوقۇغان ناماز سۈرىلىرىمۇ ئانچە تولۇق ئەمەس ، ئۆزى بىلىدىغانلا سۈرىنى قايتا - قايتا تەكرارلاۋاتقانلىقى مەلۇم بولۇپ قالاتتى .بىر كۈنى نامازدىن كېيىن ،ئۇ جاينامازدا ئولتۇرۇپ تويۇقسىز يىغلاپ كەتتى .ئۇنىڭ〈 ئانا ، ئانا〉 دېگەن بوقۇلداشلىرىلا ئاڭلىناتتى .ئۇ ،نامىزىنى توگەتكەندە مەن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدىم» .

«قاراڭ ، سىزنى قىزىم دېسەممۇ بولىدۇ ، سىڭلىم دېسەممۇ بولىدۇ. سىڭلىم دەي ، چۈنكى سىزدەك قىزىم يوق ، سىڭىللىرىم

بار ئىدى. بۇ دۇنيا ھەم سىرلىق، ھەم رەھىمسىز، رەزىل دۇنيا ئىكەن. چۈنكى، شۇنداق مېھرىبان، كۆيۈمچان ئانا - بالا (بىر تۇغقانلارغىمۇ ئادەتكەن)مۇ بىر - بىرىگە قارىيالمايدىغان كۈنلەر بولىدىكەن. بىز بەش قىز، بىر ئوغۇل پەرزەنت ئىدۇق، ھەممىمىز بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ئىدۇق. ئاتام قازا قىلىپ، ئانام بىلەن ئۆتكەنتۇق، ئانام بىزنى بەكمۇ ئارزۇلاپ باققانىكەن. ئەسلىدە بىز تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتقا ئانام مۇساپىر بولۇپ كېلىپ تۇرۇپ قالغانىكەن. بار-يوق تۇغقانلىرىنىڭ ھەممىسى ئاتا جەمەت تۇغقانلار ئىكەن. شۇڭا، ئانام خاپىچىلىق تارتسىلا ئۇلارغا ئېيتماي، بىزگە ئېيتاتتى، بىزمۇ ئانىمىزغا شۇنداق ھېرىسمەنىدۇق، ئۇنىڭغا كۆڭلىمىزدىكى توغرا-خاتا ئىشلىرىمىزنى بىمالال دەۋېرەتتۇق، پاراڭلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئانام بىلەن بولاتتى. لېكىن، كېيىن ھەممىمىز ئايرىم ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتتۇق، ئاخىرقى ھېسابتا ئانام يالغۇز قالدى، دەسلەپكى ھەپتىدە بىر نۆۋەت، بارا - بارا ئايدا يوقلايدىغان بولدۇق. مەن مۇشۇ نۆۋەتتىكى سەپەرگە چىققاندا ئانامنىڭ قېشىغا بارسام، ئۆزى يالغۇز دېمى سىقىلىپ، قۇرۇق ئۇستىخان قىياپەتتە يېتىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا مۇشۇك تۇراتتى، باشقا ھېچقانداق جانلىق كۆرۈنمەيتتى، بۇ ھال ھەقىقەتەن يۈرىكىمنى ئەزدى. ئانامنى يۆلىدىم، ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ ئولتۇرغۇزدۇم، ئېلىپ بارغان ناۋاتلىرىمنى سېلىپ چاي قىلىپ ئۇنى سورۇپ، تاتلىقىنى چىقىرىپ ئىچۈردۇم ۋە ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ سەپەرگە ئاتلاندىم. نەچچە كۈن ئۆتمەي ئۆزگە بىر شەھەردە تۇرۇپ ئۇنىڭ قازا قىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىدىم. مەن... مەن ئەسلىي بۇ قېتىمقى سەپەرنى ئەمەلدىن قالدۇرسام توغرا بولاتتى...»

مەڭلىك شۇنى ئەسلەپ ئولتۇرۇپ، كارۋان بېشىدىن ئايرىلغان ھېلىقى كۈنى كەچتىكى ئىشنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى:

شۇ چاغدا ھارۋىكەش كەتكەندىن كېيىن، كارۋان بېشى ھەممىنى ئىچكىرىگە كىرگۈزۈۋېتىپ، ئۆڭكۈر ئاغزىغا شاخ قاپلىۋەتتى ۋە ئۆزى گۈلخان يېقىپ ئولتۇردى. ئۇزاق ئۆتمەي «قۇۋ - قۇۋ» چىلارنىڭ ئاۋازلىرى يېقىنلاپ كەلدى ۋە كارۋان بېشىنى ئورىۋېلىشتى:

— سەن نېمە ئادەم؟

— يولۇچى!

— نەدىن كېلىپ، نەگە بارىدىغان يولۇچى؟

— مەقسەتسىز سەپەر قىلىدىغان جاھانكەزدى يولۇچى!

— نېمىشقا ئۆيۈڭدە سىڭگەن نېنىڭنى يەپ ئولتۇرمايسەن؟

— سىڭگۇدەك نېنىم بولمىسا...

— ئېيتە، سەن بىر ھارۋىلىق كارۋاننى كۆردۈڭمۇ؟

— ياق، كۆرمىدىم...

— ئەمىسە سەن بۇ يەرگە قانداق قىلىپ كېلىپ قالدىڭ؟

— جاھانكەچتى ئۈچۈن بۇنداق سوئال ئارتۇقچە...

كارۋان بېشى خېلىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالغاندەك قىلاتتى! نەسەب، مەئلىكلەر ئۆڭكۈر ئىچىدە ئۇلارنىڭ سوئال - جاۋابلىرىنى ئىنىق ئاڭلاپ تۇراتتى.

— بىزنىڭ سوئاللىرىمىزنىڭ ئارتۇقى يوق. بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭ، تېز ئېيت دەيمەن؟

ئەمدى كارۋان بېشى قىسىلىپ قالغاندەك قىلاتتى، شۇڭا ئۇ ئۈندىمىدى.

— تېز ئېيتە!— ئارقا - ئارقىدىن بىرنەچچە قامچا ئۇرۇلغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

— ئېيتە، سەن ئۇلارنى كۆردۈڭمۇ - يوق؟

— ياق، كۆرمىدىم...

— ھەممە ئەتراپنى ئاختۇرۇڭلار!— دېگەن بۇيرۇق ئاڭلاندى ۋە يەنە قامچىنىڭ ۋىشىلدىغان ئاۋازى كەلدى.

— بولدى، ئۇرماڭلار، مەن ئۇلارنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلىمەن...

— نەدە؟

— ئۇلار... ئۇلار... مانا ماۋۇ ياقتا...

— ئاھ، تۇگەشتۇق،— دېدى مەئلىك دىرىلدەپ تۇرۇپ توغلۇقنى باغرىغا باسقانچە.

لېكىن، ئاتلىقلار جىممىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇلار خېلى ئۇزاق مۆكۈنۈپ تۇرغاندىن كېيىن، نەسەب ئاكا چىقىپ كېتىپ، تېزلا قايتىپ كەلدى ۋە ئۇلارنى كارۋان بېشى باشقا ياققا باشلاپ كەتكەنلىكىنى يەتكۈزدى. نەچچە كۈن ئۆتكەندە نەسەب ئاكا كارۋان بېشى بىلەن هارۋىكەشنىڭ جەسىتىنى تاسادىپىي ئۇچرىتىپ قالدى ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىۋېتىپ كەلدى...

مەڭلىكنىڭ خىيالىنى ئۆڭكۈر سىرتىدىن كەلگەن بىر خىل ئەنسىز ئاۋاز ئۈزۈپ قويدى.

## 3

ئۆزىگە تونۇشتەك ئاڭلانغان ئاۋازدىن يۈسۈپمۇ ئەندىكىپ كەتتى ۋە بېشىغا قويۇلغان هۆل لۆڭگىنى ئېلىۋېتىپ، ئۇستىدىكى يوتقاننى بىر چەتكە قايرىۋەتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ هېچقايسىسى بۇنىڭ نېمە ئاۋاز ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەنىدى.

— ئوغلۇم يۈسۈپ، بولدى، هېچ گەپ يوق، خۇدا بىزنى ئۆز پاناهىدا ساقلايدۇ. ئۇزۇلۇپ قالىسىز، يېتىۋېلىڭ، — دېدى مەڭلىك.

— ئاكا، سەن دېگەن ئاغرىققۇ، بولدى قوزغالما، مانا مەن بار، مەنمۇ چوڭ بولدۇم. ئەمدى دۈشمەن كەلسە ئۆزۈم ئېلىشىمەن. مانا قارا، مۇنداق، — توغلۇق قىپقىزىل قىزارغان بىلەكتەك تېۋىلغا غولىنى قولىغا ئالدى - دە، ئۇنى ئۇياق - بۇياققا چۆرۈدى. پالتا سىپىدەك ئۇزۇنلۇقتىكى تېۋىلغا غولىنىڭ بىر تەرىپى نەيزىدەك ئۇچلانغانىدى، — مانا بۇ مېنىڭ نەيزەم، هەرقانداق دۈشمەننىڭ كۆكسىگە سانجىيمەن، شۇ هامان جان بېرىدۇ. مانا بۇ بېشى بولسا، — دەپ توغلۇق تېۋىلغا غولىنىڭ ئىككىنچى بېشىنى كۆرسەتتى، — بۇ تەرىپى بىلەن هەرقانداق دۈشمەننىڭ بېشىغا بىرنى سالسام، تىنماي جان بېرىدۇ، شۇنداقمۇ ئانا؟ بۇ راستتىنلا سىز ئېيتقان چۆچەكتىكى ئۇر توقماق دەڭا!

تۇغلۇقنىڭ بۇ گەپلىرى ئانىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۇردى ، يۇسۇپنى روھلاندۇردى .

ئۆتكۈرگە كىرگەن نەسەب ئاكىنى ھەممىدىن بۇرۇن تۇغلۇق كۆردى . ئۇ «دادا» دېگىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىۋىدى ، نەسەب ئاكىمۇ قولىدىكى قاپاق - خۇرجۇنلارنى ئۆتكۈر بوسۇغىسىدىلا تاشلاپ ، تۇغلۇقنى كۆتۈرۈۋالدى ۋە ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى . مەگلىك بولسا ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە كۆزىدىن ئاققان ياشلىرىنى يوشۇرۇپ ، توختاپ قالغانىدى . نەسەبمۇ بۇ چاغدا ئۇن - تىنسىز ئۇنىڭغا قارىغان پېتى تۇراتتى ، بۇ نېمىدېگەن قىيىن ئەھۋال - ھە ؟ شۇ تاپتا ھەر ئىككىيلەننىڭ يۈرىكىدە يوشۇرۇنغان كۆڭۈل سۆزلىرى كۆپ ئىدى ، سېغىنىش ئىنتىزارلىقلىرىچۇ تېخى !...

— ئامان كەلدىڭىزمۇ ؟

— ھە...

ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل مۇڭ چىقىپ تۇراتتى .

ئۇلار ئۇچراشقان ئۇزاق يىللار داۋامىدا سىناشتى ، بىر - بىرگە كۆڭۈل بېرىشتى ، ھەر ئىككىلىسى مۇھەببەتلىك كۆڭلىنى ھېچقانداق غايىۋى كۈچنىڭ توسۇۋالالمايدىغانلىقىنى بىلىشتى ، ئۇلارنىڭ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن قايناق ھاياتى بار ، يېرىم ئاچ ، يېرىم توق ، قورقۇنچ ، بۇلاڭ - تالاڭ ، تىل - ھاقارەت ، تاياق - توقماق ئاستىدا كۆرگەن كۈنلىرىمۇ ئاز ئەمەس . «شاھنىڭ قوينىدا تىترەپ ياتقۇچە ، گاداي قوينىدا ئويناپ يات» دېگەندەك ، ئۆزى يىرگىنىدىغان شاھ قولىدىن قۇتۇلۇپ ، گاداي ، قېرى قولىدا ئۇنىڭغا كۆيۈنۈشىنىڭ كۈزىسېرى ئېشىپ كېتىۋاتقانلىرىچۇ تېخى ! بۇ ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۆڭۈل سىرلىرى ، مانا بۇ سىرلار — مۇھەببەت سىرلىرى ، ھەقىقىي مۇھەببەت سىرلىرى . ئۇلار ئۇنى سىر پېتى يىللار داۋامىدا خۇددى ھازىرقىدەك ساقلاپ كېلىشمەكتە ئىدى . بۈگۈنمۇ شۇنداق قىلىشتى ، شۇڭا ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنىڭ ئالدىغا تاشلانغان قەدەملىرى يېقىن كەلگەندە توختاپ قالدى . گەرچە ھەر ئىككىسىنىڭ قۇچاق ئېچىپ بىر-بىرىنى باغرىغا بېسىپ كۆرۈشكۈسى كەلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ھايا

يول قويمىدى . مانا بۇ ھەقىقەتەن مۇھەببەتلىك كۆڭۈللەرنىڭ نازاكىتى . ئۇلار ئۆز مۇھەببەتلىرىنى پەقەت كۆزلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىدى .

نەسەب يۇسۇپنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ، كۆرگەنلىرى ھەققىدە ناھايىتى كۆپ ئىشلارنى سۆزلەيتتى .

— ئاتا ، — دېدى تۇغلۇق نەسەب ئاتىسىغا بۇركۇتتەك كۆزلىرىنى تىكىپ تۇرۇپ پاراڭ ئارىلىقىدا ، — بايىقى سىز ئېيتقان «قالغان ئەۋلاد» دېگەن ئارغىماق ھازىر قەيەردىكەن ؟

دۇنيادا ئاجايىپ ئىشلار بولىدۇ . بەزى ئىشلار مەقسەتلىك ، نىشانلىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ ، نىشانغا يېتىلىدۇ . ئەمما ، بەزى ئىشلارنىڭ ئويلىغاندەك چىقىشى مىڭدىن بىر ، ھەتتا مۇمكىن ئەمەس دەپ قارالسىمۇ ، ئەمما تەقدىرنىڭ كارامىتى بىلەن ئۇ ئۆز جايىنى تېپىپ قالىدۇ . ئېسەن بۇقىنىڭ «قالغان ئەۋلاد» دەپ تامغا بېسىلغان ئارغىماقنى كەڭرى دالىغا قويۇۋېتىشى ئەنە شۇنداق بىر گادىرماچ تۈيغۇ ئىچىدە ئۆزىنىڭ تۇغۇلغۇسى پۈشتىنىڭ سەدىقىسى ئورنىدا قىلىنغان ئىشى بولسىمۇ ، ئەمما ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئېسەن بۇقىنىڭ ئويلىغىنىدىن نەچچە ھەسسە ھالقىپ ، ئەقلىنى لال قىلغۇچى تاسادىپىيلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى...

— ئوغلۇم ، ئۇ بىر يەردە تۇرمايدىكەن . كەڭرى دۇنيا ئۇنىڭ ماكانى ئىكەن . پۈتكۈل يۇرت - يۇرتتا يۈرۈپ ، ھېچقانداق چەۋەنداز ، پالۋان ، سەركەردە قولىغا چۈشمەيۋاتقان ئاتنى سەن تۇتۇپ مىنىۋالامسەن - يا ، باتۇرۇم ؟ — دېدى ئۇ تۇغلۇقنى ئەركىلىتىپ .

تۇغلۇق ئۈندىمىدى . ئەمما ، ئۇ كۆڭلىدە «ئۇ قانداق ئارغىماق بولغىيتتى ، ھېچكىم مىنەلمىگۇدەك ؟... مەن ئۇنى تاپالىغان بولسام ، چوقۇم مىنىۋېلىپ ، كەڭرى تەبىئەت قوينىدا پەرۋاز قىلاتتىم...» دېگەنلەرنى ئويلىدى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ .

ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ جۈشقۇن ھەم ئات مىنىشكە ماھىر بولۇپ يېتىشكەن تۇغلۇقنىڭ پۈتۈن خىيالى ئەنە شۇ ئارغىماقتىلا قالدى ، ئۇ ھەتتا بىرنەچچە قېتىم ئۇنى مىنىۋېلىپ چۈشىمۇ كۆردى...

# توققۇزىنچى باب سايرام دۆلدۆلى

## 1

تۇن بويى ئۇخلىماي تاڭ ئاتقۇزغان ئۆڭكۈردىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۆڭكۈر ئىچى غۇۋا يورۇغان چاغدىمۇ تېۋىلغىدىن چىقىرىلغان مايغا چىلانغان جىنچىراغنىڭ ئۆچۈپ قېلىشىنى يادىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇنىڭدىن چىقىۋاتقان سېسىق ئىسمۇ ئۇلارنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلگەنىدى. بىر چاغدا تۇغلۇق ئاتىسىغا قاراپ:

— ئاتا، بىز شۇنداق خۇشال، ئەمما سىز ئانامدىن دائىم ئۆزىڭىزنى يىراق تۇتىسىز. بۇ نېمە سەۋەبتىن؟ ئېيتىڭە، سىز بىزنىڭ ئۆز ئاتىمىزمۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

بۇ گەپ شۇنداق تۇيۇقسىز قويۇلدىكى، ئۆڭكۈر ئىچىدىكىلەر بىر- بىرىگە قاراشقان ھالدا ھاڭ -تاڭ قالدى. بۇ ئۈن - تىنسىز جىمجىتلىقنى ھېچكىم بۇزالمايدىغاندەك قىلاتتى. مەڭلىكمۇ، نەسەب ئاكىمۇ بۇنىڭغا قايىل قىلارلىق جاۋاب بېرىش ھەققىدە ئويلانماقتا ئىدى. تۇغلۇقمۇ كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ، ھېلى نەسەب ئاكىغا، ھېلى ئانىسىغا، ھېلى يۇسۇپكە قاراپ، ئۆز سوئالىغا جاۋاب ئىزدەيتتى. ئۇ ئاخىر ئانىسىغا «سىز جاۋاب بېرىڭ» دېگەن مەنىدە قارىدى.

بۇ ئەھۋال مەڭلىكنىڭ يۈرىكىنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى، ئۇمۇ ھەيرانلىق ئىچىدە بىردەم نەسەبكە، بىردەم يۇسۇپكە قارايتتى، ئاخىر ئۇ:

— نېمىلەرنى دەۋاتىسەن، بالام، سىلەر بىزنىڭ ئۆز ئوغلىمىز، ئۇ دېگەن سېنىڭ داداڭ، — دېدى ئاناردەك قىزىرىپ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى نەسەب ئاكىنىڭ كۆزى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. نەسەب ئاكا

مەڭلىكنىڭ كۆزىدىن بىر خىل قەتئىيلىكنى كۆرگەندەك بولدى . دەل شۇ چاغدا تۇغلۇق :

— دادا ، ھېلىقى سىز دېگەن «قالغان ئەۋلاد» دېگەن شاش ئارغىماق ھازىر قەيەردىدۇ ؟ ماڭا شۇ ھەقتە سۆزلەپ بەرسىڭىز ! —

نەسەب تۇغلۇققا قاراپ ئويلىنىپ قالدى : «ھەي ، سەن ئۇ شاش ئاتقا نېمانچە يېپىشىۋالدىغانسەن ؟ سەن قارىغاندا ئاناڭنىمۇ ئۇنتۇپ ، شۇ ئارغىماقنى خىيال قىلىۋاتقان ئوخشىمامسەن ؟ ئاناڭ خانلىقتىن ، ھۆكۈمرانلىقتىن ، بايلىق - باياشاتلىقتىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچتى ، ئاخىر كېلىپ ماڭا ئوخشاش سەرگەردان ، قېرى ، كۆرۈمسىز نەسەبنى بالىسىغا كۆرۈنۈشتە بولسىمۇ ئاتا قىلىشنى تاللىدى . چۈنكى ، ئۇ مېنى ساپ ، توغرا ، ساداقەتمەن ، بىلىملىك دەپ قارايتتى . ھەقىقەتەن سەن خانىش ئويلىغاندەك چوڭ بولدۇڭ ، ئاتا تەربىيىسى ساڭا سىڭدى . ئەمدى قانداقمۇ مەڭلىكنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدىغان ئۇ گەپنى مەن ئاشكارا قىلاي ؟»

نەسەب ئاكا خىيالدىن قايتىپ ، ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئۆڭكۈر ئالدىغا چىقىپ بىر تاش ئۈستىدە ئولتۇردى . تاغنىڭ تۆۋەن تەرىپى ئاجايىپ يېشىللىققا ، گۈزەللىككە پۈركىنىپ ياتاتتى . تاغنىڭ ساپ ھاۋاسىغا قوشۇلۇپ ئاللىقانداقتۇر خۇش پۇراقلار بىرگە ئۇچۇپ كېلەتتى . تۇغلۇقمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ باياتىنقى سوئالىنىڭ جاۋابىنى ئېلىش ئۈچۈن كۈتۈپ تۇراتتى .

— ئوغلۇم ، بۇ خەلق ئاغزىدىكى رىۋايەت ئىكەن . ئەمەلىيەتتە ئۇنداق تامغىلىق ئارغىماق يوق…

— سىز باياتىن ئارغىماق بار ئىكەن ، دېگەنتىڭىز . سىز يالغان ئېيتىشنى بىلمەيتتىڭىز…

نەسەب تۇغلۇققا قارىدى . ئۇ نەسەب ئاكىدىن ئۈمىدسىزلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى .

— پەقەت بىرلا شاش ئات بارمىش ، ئۇ «سايرام دۇلدۇلى» دېيىلىدىكەن .

— سايران دۇلدۇلى ؟ ئۇ قانداق ئاتتۇ ؟ نېمىدەپ ئۇنىڭغا بۇ نام

قويۇلۇپ قالغاندۇ؟ ئۇمۇ شۇنداق باشقىلار مىنەلمەيدىغان دۇلدۇلمىكەن؟ — تۇغلۇق يەنە جانلىنىپ كەتتى.

— ئوغلۇم، سەن مېنى يامان يەردىن قىستاپ تۇرۇۋاتىسەن. مەن ساڭا بۇ ھېكايىنى ئېيتىپ بەرسەم بېرەي، لېكىن سەن ماڭا بىر ئىشقا ۋەدە بېرىسەن!

— ۋەدە بېرىمەن ئاتا، ۋەدە بېرىمەن. مۇبادا ۋەدەمدىن يانسام...

— ياق، ياق. مەن سېنىڭ قەسەمخور بولماسلىقىڭنى تىلەيمەن، مەن ساڭا ئىشىنىمەن. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ئاناڭنى ئايايسەن، ئاناڭ ئازار يەيدىغان كۈنلەر كېلىپ قالسا مەن ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيمەن. بىر ئۆمۈر ئۇنىڭ ئالدىدا قارا يۈز بولۇپ قالىمەن، ئۇ چاغدا بۇ دۇنيا ماڭا ھارام بولۇشى تۇرغانلا گەپ جۇمۇ!

— بولىدۇ. ئانامغا ئازار بېرىش ئۇچۇن ئەمەس، ساداقەتمەن بولۇپ ياشاش — بۇ مېنىڭ بىردىنبىر ئارزۇيۇم، نىشانىم. ماڭا ئىشىنىڭ ئاتا! — تۇغلۇق چاقناپ تۇرغان بوركۇتنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزىنى نەسەب ئاتىسىدىن نېرى قىلماي تىكىلىپ ئولتۇردى.

تۇغلۇقنىڭ نېمە ئۇچۇن «قالغان ئەۋلاد»، «سايرام دۇلدۇلى» دېگەن ناملار ئانامغا، سىزگە ئازار كەلتۈرىدۇ؟ دەپ سورىمىغانلىقى نەسەبكە بىر ئاز ئاراملىق بەرگەندەك قىلدى. ئەمما، ئۇ يەنىلا ئات ھەققىدە ئېغىز ئاچالمىدى. كىچىك ۋاقتىدا ئاتىسىدىن ئاڭلىغان سايرام كۆلىگە مۇناسىۋەتلىك ھېكايىنى قانداق بولۇپ باشلىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى...

## 2

ئەلمىساقتىن تارتىپ مەشھۇر شەھەرلەر، تەختىراۋانلار دۆڭلۈك، تاغ-داۋانلار ئۈستىگە قۇرۇلىدىغان بولغاچقا، قەدىمىي شەھەر ئورنى سايراممۇ ئېگىز تۆپىلىك ئۈستىدە ئىدى. شۇڭا، كۆككە تاقاشقان قىيا تاشلار ئۈستىدە ئاق بۇلۇتلار ئۈزۈپ، ئەركە شاماللار توختىماي ئۇرۇلۇپ، سايرام ئېتەكلىرىدە قىپقىزىل تاۋارلاردەك ئېچىلغان

چۈغلۈق گۈللىرى ئاستا تەۋرىنەتتى ، ئۇنىڭ يېقىملىق ، پۇراقلىق ھىدىنى شاماللار ئەتراپقا تەكشى تارقىتاتتى . شۇنىڭغا يارىشا خىلمۇ خىل كۆي - سادالار ياڭرايتتى ، ئۇنىڭغا يەنە سايرامنىڭ قىرغاقلىرىغا ئۇرۇلۇۋاتقان ئاق بۇژغۇنلارنىڭ شاۋقۇنى قوشۇلاتتى . قارىسا يەرمۇ كۆك ، ئاسمانمۇ كۆك ، سايرامنىڭ شۇنداق گۈزەل مەنزىرىسى ھەر-قانداق جاننىڭ خىيالىنى ئەسىر قىلىپ ، ئۇيغا سالاتتى . ئەسىرلەردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بۇ ھال نەسەب ئاتا خاتىرىسىدە قەسىدە ، قىسسە بولۇپ يېزىلىپ قالغاندى .

قەدىمكى زامانلاردا سايرام شەھىرى گۈزەل ھەم بىر ئاۋات يەر ئىدى . ئادەملەر ئۇ يەردە ئەركىن ، سەمىمىي ، ساداقەتمەن ياشايتتى . بۇ شەھەر يامان نىيەتلەردىن خالىي ئىدى . سايرامنىڭ كوچىلىرىدا رەستىلەر رەتمۇرەت ئىدى . بۇ شەھەردە پاسىبان بولۇپ گۈزەل دىل-بەر ، چېچى سۇمبۇل چۈغلۈق دېگەن خاقان ئۆتكەنىدى . ئۇ ، كىشى-لەرگە شۇنداق غەمگۇزار ، ساداقەتمەن خاقان ئىدى . شۇڭا ، ئۇنىڭ ئىلكىدە ياشىغان پۇقرالار بىر - بىرىگە بەكمۇ ئەسرا ئىدى .

بۇ شەھەردە ئىككى چوڭ تاغ سېپىلى بار بولۇپ ، ئۇنىڭدىكى ھەربىر تۇپ گىياھ شەھەر مۇھاپىزەتچىلىرىدەك كۆرۈنەتتى . شۇڭا ، بۇ شەھەرگە ھېچقانداق ياۋ ئاياغ باسالمايتتى ، مۇبادا شۇنداق يامان نىيەتلەر سېزىلگەن ھامان ئۇلار يا ئوقتا ، يا تاش - توقماقتا ۋەيران بولاتتى . سايرامنىڭ كۆزى دەپ ئاتالغان ، ئۇنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ئورنىتىلغان «پولات قاپقا» بار ئىدى . ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بۇلاق كۆزى ، فونتان چاچقۇلىرى شەھەرنى گۈزەللىككە پۈركەيتتى ، شۇڭا ئەل «پولات قاپقا»نى ئەلنىڭ «ئالتۇن تاۋىقى» دەپ ئاتىۋالغاندى . ئۇنىڭدىكى ھەقىقەتەن شۇنداق سۈزۈك - زۇمرەت سۇ بەئەينى ئابىھايات كەۋسىرىدەك تەنگە ئارامبەخش ئېتەتتى . ھەر يەر - ھەر يەردىن بۇ كەۋسەر سۇ تامچىلىرىغا تەشنا بولۇپ سەيياھلار كېلەتتى ، قانغۇچە ھۇزۇرلىنىپ ئىچىپ كېتەتتى ، ئۆز يۇرتلىرىغا ئېلىپ كېتىشەتتى . بۇ ھەقتە سايرام بويىدىكى تاغۇتاشلاردا سەييياھلار يېزىپ قالدۇرغان : «پالانى شاھنىڭ مەلىكىسى بۇ زۇمرەت سۇدىن ئىچىپ ،پەرزەنتسىز

ئۆمۈر بابىغا خاتىمە بەرگەن— پەرزەنت كۆرۈش ئۇنىڭغا نېسىپ بولغان»، «پالانى شاھ خانىشى ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ، ھېچقانداق شىپا تاپالماي، زۇمرەت سۇدىن ئىچىپ تولۇق ساقايغان» دېگەندەك يالدامىلار كۆرۈنەتتى، شۇڭا ئۇ قاپقا يېنىغا ئۇچار قۇش، جان - جانىۋارلار يېقىن كەلمەيتتى، ئادەم زاتىمۇ كۆپ تۇرمايتتى، پەقەت ئۇنىڭ تۆت يېرىدىن تامغىلانغان، ھەربىر تامغىدا بولسا ئوخشاش ئويۇلغان مۇنداق خەتلەر كۆزلەرگە چېلىقاتتى: «ئېچىلمىسۇن قاپقا ئاغزى، مۇبادا ئېچىلسا ۋەيراندۇر باھار - يازى». بۇنىڭغا شەھەر پۇقرالىرى قاتتىق ئەمەل قىلاتتى، شۇڭا شەھەر داڭلىق بەخت - سائادەت بۆشۈكى دېيىلىپ، ئۇنىڭ شۆھرىتى پۈتۈن زېمىنغا تاراپ كەتكەنىدى. سايرام شەھەرمۇشەھەرلەردىن كەلگەن سەيياھلاردا سېخىي داستىخانلىرى، قوزا - تايچاق، ئالتۇن - كۈمۈشلىرى، مەدەنلىرى بىلەن چوڭقۇر تەسىرات قالدۇراتتى. لېكىن ،بۇ يەر بەزى قىزىل كۆز سەيياھلارنىڭ كۆزىنى قىزارتتى، ئىچ - باغرىنى ئېچىشتۇردى…

ئەنە شۇ سەۋەبتىن، يامان نىيەتلىك سەيياھلار ئۆز يۇرتلىرىنىڭ شاھلىرىغا دەپ قوشۇن تارتىپ سايرامغا ھۇجۇم باشلىدى. ئەسلىدە چوغلۇقنىڭ تۇتقان يولى باشقىلار بىلەن ئورۇشماي، تىنچ ياشاش ئىدى، يەنى ئۇ «سول ئېگەككە سالغانلارغا ئوڭ ئېگەكنى تۇتۇپ بېرىش كېرەك» دەپ ئويلايتتى. بىراق، ياۋ ئىلگىرىلەپ شەھەر پۇقرالىرىنى قىردى، لەختە - لەختە قان ئاققۇزدى، ئاخىر شەھەر پۇقرالىرى ئۆز خاقانىغا ئىلتىجا قىلدى:

— بىز شاپائەت ئىزدىگەن بىلەن ئۆزگىلەر بىزگە شاپائەت قىلمايدىكەن، قانغا قان، جانغا جان ئېلىش نېسىپ بولغاي!

بۇ ئەل ساداسى چوغلۇق خاقاننى ئويغاتتى. ئۇ، لەشكەر باشلاپ ياۋغا قارشى جەڭ باشلىۋەتتى. لېكىن، تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقمىغاندەك، دەل ۋاقتىدا ياۋغا قارشى جەڭ ئېلىپ بېرىلمىغاچقا، چوغلۇق لەشكەرلىرى ئارقىمۇئارقا مەغلۇپ بولدى. شەھەر گوزەللىكى قاراڭغۇ ئىس - تۈتەك، قانۇياش، ھەسرەت - نادامەتكە چۆمدى. چوغلۇق لەشكەرلىرى پۈتۈنلەي قان دەرياسىغا غەرق بولدى، ئۇلار قىرى -

ياش دېمەي قارا - قويۇق قىرىپ تاشلاندى. گۈل - گۈلىستانلار مۆۋقۇشلار ماكانىغا ئايلاندى، پەقەت خاقان چۆغلۇقلا بىرنەچچە كېچە-كۈندۈز ياۋ قوشۇنلىرى بىلەن تەنھا ئېلىشتى، ئاخىر ئۇمۇ بىر تال گۈلگە ئايلىنىپ كەتتى. ياۋ كۆڭلى يەنە ئەمىن تاپمىغانىدى، ياۋ ئۆز غەلىبىسىدىن كۆرەڭلەپ، لەشكەرلىرىگە ئالتۇن قاپقاقنى بۇزۇشقا بۇيرۇدى. ئۇلار ھەرىكەتكە كېلىپ قاپقا ئاغزىنى بۇزۇشقا تۇتۇنغاندا تۇيۇقسىز قارا بوران چىقتى، ئارقىدىن قاتتىق گۈلدۈرماما - چاقماق چاقتى، قاپقا بىردىنلا ئۆڭكۈرگە، ئاستا - ئاستا سۇ دېڭىزىغا ئايلاندى، ھەممىيلەن سۇ ئاستىغا غەرق بولدى. ياۋنىڭ پۈتكۈل غەرەزى بەربات بولدى، شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ چوڭ كۆلگە ئايلىنىپ، ئۇنىڭ نامى شەھىرى سايرامدىن سايرام كۆلىگە ئايلانغانىدى.

— ئاتا، سايرام كۆلى دېگەن يەر بىز تۇرۇۋاتقان يەردىن قانچىلىك يىراقلىقتا ھازىر؟

— قانچىلىك دەمسەن؟ ئۇنىڭغا ھېلىقى قومۇشتىن ياسالغان قولۋاق بىلەن بۇ ئەزىم دەريادىن ئۆتسەڭ، ئون كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ بارغىلى بولىدۇ.

— ئۇنداقتا ماڭا شۇ يەرنى كۆرسەتسىڭىز بولمامدۇ، ئاتا؟ مەن بۇ جىمجىت تاغلىقتىن، ئۆڭكۈردىن بەكمۇ زېرىكتىم. مېنىڭ شۇ تاپتا قەھرىمان خاقاننىڭ سىمۋولى — چۆغلۇق گۈللىرىنى ھىدلىغۇم، ئۇ يەردىكى «قالغان ئەۋلاد» ناملىق تامغا بېسىلغان ئاتنى كۆرۈپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ...

— ياق، ياق، ئوغلۇم، قالايمىقان خىياللاردا بولما. ئۇ يەرگە بېرىش دېمەك — مەڭلىك ئاناڭنى ئوتقا سېلىش دېگەنلىكتۇر، «قۇۋ-قۇۋ»چىلارغا يەمچۈك قىلىۋېتىش دېگەنلىكتۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئاناڭنى ئىزدىشى تېخىچە داۋام قىلىۋاتماقتا. مەن سەندىن ۋەدە ئېلىۋالغان باشتا...

نەسەب ئاتا بىلەن ئوغلى توغلۇق ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت ئەنە شۇ تەرىقىدە ئاخىرلاشتى، لېكىن ھەر ئىككىسى ئۆز نىيەتلىرىدىن يانمىدى.

# ئونىنچى باب جاۋابسىز قالغان سوئال

## 1

بەزى چاغلاردا «باشقىلار ئاڭلىمىسۇن» دەپ پىنھان تۇتۇلغان سۆز جەمئىيەتكە تېخىمۇ تېز تارقىلىپ كېتىدۇ.

ئاشۇ بىر قېتىملىق سۆھبەتتىن كېيىن، نەسەب ئاتا بىلەن تۇغلۇق ئوتتۇرىسىدا سايرام كۆلى توغرۇلۇقمۇ، ئارغىماق ھەققىدىمۇ گەپ بولۇنمىدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بۇ گەپتىن قەستەن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈردى. چۈنكى، تۇغلۇقنىڭ قەلبىدە ئاتا ـ ئانىسىغا كېلىدىغان دىل ئازارلىق ئايان بولغانىدى...

بۈگۈن سەھەردىلا ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن تېۋىلغىلىققا چىقتى. تەبىئەت شۇنچىلىك گۈزەل ئىدى. ھەممە ياقتىن بىر خىل ھاياتبەخش ساپ ھاۋا ئۇرۇلۇپ تەننى راھەتلەندۈرەتتى، ھەرخىل خۇش پۇراق ھىدلار دىماغنى غىدىقلايتتى. بۇغا — مارالغا تولغان بۇ ئاقباش قارىغايزارلىق تاغ ئېتىكى «بۇغرا تاغ» دېيىلەتتى، ئۇ يەردىن بىرنەچچە بەل ئارتىلغاندا كۆرۈنىدىغان ھەيۋەتلىك تاغ ئېتىكى «چوڭ بۇغرا» دەپ ئاتىلاتتى.

بۈگۈن ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن تېۋىلغىلىقنى ئارىلاپ، چوڭ بۇغرادىن قايتىپ بۇلاققا كېلىپ، ئاندىن كىچىك بۇغرادىكى باراقسان تېۋىلغىلىقتا توختاشتى. تەبىئىي يىلتىز ئۈستىدىن بۆرتۈپ چىققان پالتا سىپىدەك بىغىر رەڭ باشلىق بىرنەچچە تېۋىلغا غولىنى كېسىپ يۇدۇۋالغان نەسەب تەرلەپ ـ پىشىپ ئولتۇرغان يېرىگە ئاران قويدى، تۇغلۇق بولسا تېۋىلغىلىقتىن تېرىۋالغان غاز ـ ئۆردەك، تورلۇك مال ـ ۋاران تىۋىتلىرى قاچىلانغان ئىككى كۆزلۈك ئالا خۇرجۇننى ئاستىغا

سېلىپ ئولتۇردى .

— ئاتا ،— دېدى تۇغلۇق ھارغىن كۆزلىرىنى تىكىپ ،— «گۆھەرنى تاشقا ئۇرما» دېگەن زادى قانداق مەنىدە ئېيتىلغان گەپ ؟

نەسەب مەڭدەپ قالدى . بۇ سۆزنى ئۇنىڭ قايسى مەنىدىن سوراۋاتقانلىقىنى سەزدى . ئۆز كۆڭلىدە «كۆرگەن كۈرگەننى قىلىدۇ ، دېگەندەك ، ئۇ مېنىڭ سۆزلىگەن ، دېگەنلىرىمدىن تەلىم ئالغان گەپ ، ھەقىــقەتەن ئۇمۇ نەسەبىــنىڭ بالىــسى بولــغۇدەك...» دېگەنلەرنى ئويلىدى .

تۇغلۇقمۇ ئاتىدىن سەزگۈر كەلدى . ئۇ ، ئاتىسىنىڭ سورىغان سوئالغا تېز جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى بىلەتتى . بۈگۈن بولسا ئۇنىڭ سوئالىغا تېز جاۋاب ئەمەس ، بەلكى سوئالنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ گەپنى ئۆزى يۆتكىۋەتتى .

— ئاتا ، بايىقى تىزىقتىكى مارجانلىرىڭىزنى ئېلىڭە ، قايتا كۆرۈپ باقاي...

نەسەب قوينىدىن ئۇزۇن تىزىقچە مارجاننى ئالدى - دە ، تۇغلۇققا سۇندى .

— پاھ ، ئاتا ، بايا بۇنى مارجان دەپتىمەن ، تېڭىزلىقىدىن ياسالغان مارجانكەنغۇ بۇ ، بۇنى ئاكام يۇسۇپكە بېرەمسىز ؟

— شۇنداق ئوغلۇم ، ئۇ تالاي قېتىم مۇشۇ نەرسىنىڭ گېپىنى قىلغانىدى...

— پاھ ، ئەمدى يۇسۇپ ئاكام بۇنى يېنىدىن ئاجراتمايدىغان بولدى - دە !

— شۇنداق ئوغلۇم ، ساڭىمۇ كېرەك بولسا...

— ياق ئاتا ، ماڭا ئۇ كېرەك ئەمەس ، يېنىڭىزدا تۇرغان تېڭىزلىغا غولىدىن توقماق ياساپ بېرىڭ ، مەن شۇنى ياخشى كۆرىمەن .

— نېمە قىلىسەن ئۇنى ؟— نەسەب قىزىقىپ سورىدى .

تۇغلۇق خېلى ئۇزاققىچە ئۈندىمىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى بەكمۇ يىراقلارغا تىكىلگەنىدى...

— مېنىڭ كۆڭلۈم شۇنى خالاۋاتىدۇ ، ئاتا ! مەن قولۇمغا قورال

ئالسام ، جەڭ قىلسام دەيمەن...

— كىم بىلەن قىلىسەن ئۇ جەڭنى ؟

— كىمدە كىم ئاتا - ئانامنىڭ دۈشمىنى ، ئەلنىڭ رەقىبى بولسا ، شۇنىڭ بىلەن...

نەسەبنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان خۇشاللىق ياشلىرى ئېڭەكلىرىدىن سىزىقچە تارتىپ چۈشتى . توغلۇق بۇ ھالنى كۆرۈپ مەقسىتىنى ئۇچۇق ئېيتتى .

— ئاتا ، سىز ماڭا سۆزلەپ بەرگەن «ئۇر توقماق» چۆچەكىدىكى ئۇر توقماق مانا مۇشۇ يەردىن چىققانمىكىن دەيمەن . سىز چۆچەكنى ئاخىرلاشتۇرۇپ : «ئوغلۇم ، مەنمۇ تالاي قېتىم شۇنداق توقمىقىم بولغان بولسا ، ئاناڭنى — مەڭلىكنى قان يىغلاتقانلارنىڭ ، ئەلگە زۇلۇم سالغانلارنىڭ ئەدىپىنى بېرەتتىم» دېگەنىدىڭىز . ئويلاپ باقسام ، ئۆزىلا ھەرىكەتلىنىدىغان توقماقنىڭ تېپىلىشى ناتايىن . ئۇنى چوقۇم بىر ئادەم تۇتمىسا ، ئويناتمىسا بولمايدۇ . شۇڭا ، بىر توقماق ياساپ بەرسىڭىز ، مەن ئۇنى «ئۇر توقمىقىم»غا ئايلاندۇرسام ، يامانلارنى جازالاپ ، ياخشىلارنى خاتىرجەم قىلسام دەيمەن...

نەسەب ئۇندىمەي ، توغلۇققا قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى . شۇ تاپتا ئۇ «نېمىلا بولمىسۇن ، بۇلارنىڭ قېنىدا ئەجداد قېنى بار ئەمەسمۇ ، چىڭگىزخاندىن باشلىنىپ ، ھازىرغىچە داۋاملاشقان بۇ ئەۋلادلار قايسى جەڭدە قورقۇنچاقلىق قىلغان ؟ قايسى قىرغىنچىلىقتىن ئۆزىنى تارتقان ؟...» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزمەكتە ئىدى .

— بۇ گېپىمگە قوشۇلماسىز ، ئاتا ؟

— ھە ، ياق ، ئۇنداق ئەمەس ،—... نەسەب سۆزىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى ۋە توغلۇقنىڭ سۆزلىرىدىكى چوڭقۇر مەنىلەرنى ئويلاپ خىيالغا چۆكتى .

## 2

نەسەب توغلۇقنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىگە قاراپ ، «نېمىلا بولمى-

سۇن ، بۇ بەربىر ئاتا بالىسى ئەمەسمۇ ؟» دەپ ئويلىدى ۋە ئۇنىڭ مەقسىتىنى باشقا ياققا بۇراپ ، مۇنداق بىر ھېكايەتنى سۆزلەپ بەردى :

پەلەك تەتۈر كەلگەن زامانلار بولسا كېرەك ، قۇت تاغ باغرىدا ئەقىللىق ، دانىشمەن پۇقرالار جەبىر - زۇلۇمدا قېلىپ ، نادان ، زالىم ئادەملەر شەھەر ، يۇرت سوراپتىكەن . بەئەينى «ئارپا - تالقان تۇلۇمدا ، بۇغداي - قوناق كۆلۈڭدا» دېگەندەك چاغلار ئىكەن . شۇڭا ، ئەل-يۇرت بارغانسېرى خارابلىشىپ ، بەكمۇ نىمجان ، بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قاپتۇ . چۈنكى ، ئوردىدىكى كېڭەشلەرگە ، مەسلىھەتلەرگە ھېچقانداق ۋاقىتتا يۇرت ئىچىدىن بىرەر بىلىملىك دانىشمەن ، پۇقراپەرۋەر ، ساداقەتمەن ئادەم قاتنىشالمايدىكەن . بۇ ھال داۋاملاشقانسېرى يۇرت نامراتلىشىپتۇ . ئاخىر بېرىپ يۇرتنىڭ دەردى - كۈلپىتى ئېشىپتۇ ، بەزىلەر يۇرتنى تاشلاپ سىرتقا قورساق بېقىش كويىدا قېچىپتۇ ، يەنە بەزىلەر ئۆز يۇرتىدا ۋاقىتسىز قازا تېپىپتۇ ، ھەتتا قانچە ئىزدىسە ، يۇرت ئىچىدە دانىشمەن ، ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر تېپىلمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قاپتۇ . ئەنە شۇنداق زوراۋانلىق ۋە زورلۇق سەۋەبلىك ئەل بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشۈپ ، ئەلنىڭ زالىم ئەمەلدارلاردىن رايى قايتىپتۇ ، يۇرت خارابلىشىپ ، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتىمۇ ھالاكەتلىك تەقدىرگە يۈز تۇتۇپتۇ ، ئۇلار بۇ ئىشنى ئوڭشاش ئۈچۈن ھېچقانداق ئاقىلانە تەدبىر تاپالماپتۇ ، باشقا يۇرتلاردىن ئۆلىما ۋە دانىشمەنلەرنى تەكلىپ قىلسىمۇ ، بۇ يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۆزلىرىگە كۈن بەرمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە كەلمەپتۇ . ئاخىر ئامالسىز قالغان ئەمەلدارلار ئەلنى بۇلاپ - تالاپتۇ ، بۇلاپ ئالغان مال-ۋاران ، دەپنە - دۇنيالىرىنى باشقا يۇرتلارغا ئېلىپ قاچماقچى بولۇپ ، ھارۋا ، ئېشەك ، تۆگىلەرگە ئارتىپ قاچىلاپتۇ .

دەل شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇيۇقسىز يۇرتتا قالغانلار ئارىسىدا مۇنداق ۋەھىمە تارقىلىپتۇ :

— ئاخشام پالانى ئەمەلدارنىڭ قېچىش ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان مال - دۇنياسى قاچىلاقلىق تۆگە - ئېشەك توپىنى بىر كىچىك كۆك بۆرە خۇددى قويلارنى ئالدىغا سېلىپ ماڭغاندەك ھەيدەپ ئېلىپ كې-

تىپتۇ .

— بۇگۈن ئاخشام يەنە شۇ كۆك بۆرە بىر ئەمەلدارنىڭ مال - ۋارانلىرىنى ھەتتا مىنىدىغان ئاتلىرى بىلەن قوشۇپ ئېلىپ كېتىپتۇ .

— بەزىلەر كۆك بۆرىنى يوقاتماقچى ئىكەن ، ئەمما ئۇنىڭغا قارشى چىقماق ئۇچۇن تەييارلانغانلارنى ئەمەس ، ھەتتا شۇنداق ئويلىغانلارنى سېزىۋالغان كۆك بۆرە ئۇلارنىڭ ئۇچەي - باغىرلىرىنى تىلىپ تاشلاپتۇ...

بۇ خىل ئەنسىز خەۋەرلەر يۇرتنى ئېغىر ۋەھىمىگە ساپتۇ ، نەپسانىيەتچى ئەمەلدارلار ئاخىر بۇ ۋەھىمە سەۋەبىدىن يۇرت باشقۇرۇش ، مال - دۇنيا يۆتكەشنى تاشلاپ ، ئىشىكلىرىدىن باش چىقىرالماس دەرىجىگە يېتىپتۇ . ئۇلار ئەمدى مال - دۇنيالىرىنى ئەمەس ، ئۆز جانلىرىنى ساقلاپ قېلىش كويىغا چۈشۈپتۇ . كۆك بۆرە ھەققىدىكى بۇ گەپلەرنى بەزىلەر مۇنداق دەپمۇ ئۆزگەرتىۋاپتۇ :

— ئەسلىدە ئۇ كۆك بۆرە ئەمەس ، مۇشۇ يۇرتلۇق دانىشمەن بىر ئاتا - ئانىنىڭ پەرزەنتى ئىكەن ، بالا كىچىك ۋاقتىدا ئاتا - ئانىسىنى مۇشۇ يۇرتتىكى نادان ۋە زالىم ئەمەلدارلار قىيناپ ئازاب ئىچىدە ئۆلتۈرگەنىكەن ، بۇ پاجىئەدىن قورققان ئۇلارنىڭ سەبىي پەرزەنتى شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدە كۆزدىن غايىب بولغانىكەن ، بۇ ۋەقە يۈز بەرگىلى خېلى يىللار بولۇپتىكەن . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ھېلىقى سەبىي بالا شۇ تاغلىقلاردا يىغلاپ يۈرۈپ كۆك بۆرىگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ ھەم ھازىر ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەنتىنى ئېلىۋېتىپتۇ .

ئەسلىدىمۇ شۇنداق ئىكەن . ئاشۇ بوۋاق تۇغۇلغان زامانلاردا كاللا دېسە ، پاچاق دېمىگەنلەرنىڭ كۈنى تەس بولغانىكەن . ئۇنداقلارنىڭ بەزىلىرى ئاچ قالدۇرۇلۇپ ، بەزىلىرى تاياق - توقماق دەستىدىن كۈنىگە يۈزلەپ - يۈزلەپ ئۆلۈپ تۇرىدىكەن ، بۇ ھال بارغانسېرى كۆپىيىپتۇكى ، ئازايمىغانىكەن . شۇڭا ، يۇرتمۇ گۈلىستانلىقتىن گۆرىستانلىققا ئايلىنىپ ، يىرتقۇچ قۇشلار ماكانى بولۇپ قالغانىكەن . بۇ يەردە جەسەتلەرگە تويۇنغان ئىتلاردىن سىرت ، تاغۇتاش كامىرلىرى-

دا ياتقان بۆرە قاتارلىق يىرتقۇچلارمۇ جەسەتكە تولغان يۇرتقا كۆچۈپ كەپتۇ. ئۇلار تەييار جەسەتلەرنى يەپ تويۇنغان بىر كۈنى بايىقى ئاتا- ئانىسىدىن ئايرىلغان پەرزەنتنى يىغلاپ تۇرغان يېرىدىن بىر بۆرە يېيىش ئۈچۈن ئېلىپ كەتكەنىكەن. ئەمما، ئۇ ئانا بۆرە بولغاچقا، بۇ بالىغا مېھرى چۈشۈپ قالغانمۇ - قانداق، ئۇن نەچچە يىل ئۇنى ئۆزى ياتقان ئۆڭكۈردە بەئەينى بالىسىدەك بېقىپتۇ، ئۇ كىچىكە تولۇپ- تۇ، ياۋۇزلۇقتا چېكىگە يېتىپتۇ. ئۇنىڭ رەڭگىرويى بەھەيۋەت، ئۆزى كۈچلۈك بۆرىلەردىنمۇ قۇدرەتلىك ھالەتكە كەپتۇ، ئۇنىڭ ئۇس- تىگە ئىنسانىي تۇيغۇغا ئىگە بۇ ئادەمىي پەرزەنت قەلبىدە ياۋۇزلۇققا قاتتىق ئۆچمەنلىك ئۇلغىيىپتۇ. ئىنتىقام دېگەن بۇ ئۇقۇم ئۇنىڭدا ئاتا - ئانا جەسىتىنى كۆرگەن كۈنىدىن باشلاپ كۈچەيگەنىكەن. ئۇنىڭ بەئەينى بۆرە تېرىسىنى كىيىۋالغاندەك، ھەممە ئەزاسىنى تۈك قاپلاپ كەتكەندە ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن يۇرتقا كەپتۇ. ئارقىدىن ئۇنى باق- قان، ئۇنى بىلىدىغان تونۇش - بىلىش بۆرىلەرمۇ يېتىپ كەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ قوشۇنى ناھايىتى كۈچلۈك بۆرىلەر قوشۇنىغا ئايلىنىپ زالىملارغا ھۇجۇم باشلاپتۇ. ياۋۇزلارنىڭ شەھەرنى تاشلاپ قاچقىنىنى قېچىپ، ئۆلگىنى ئۆلۈپ تۈگەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، يۇرت بايىقى كۆك بۆرىگە قاپتۇ. گەرچە ئۇ مەلۇم جەھەتتە كۆك بۆرىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قېنىدا، ئېڭىدا ئىنسانىي تۇيغۇ، ئاڭ مەۋجۇت ئىكەن. شۇڭا ئۇ، يۇرتتىن چىقىپ كەتكەنلەرنى قايتا ئۆز يۇرتىغا جەم قىلىپ، دانىشمەن- لەرنى قايتىدىن ئەتراپىغا توپلاپ، يۇرتنى قايتا قۇرۇپ چىقىپتۇ. كۆك بۆرە شۇ يۇرتقا شاھ بولغاندا، ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بۆرىلەر قوشۇ- نى يۇرتنى بايىقى ئادەمىي كۆك بۆرىگە بېرىپ، ئۆزلىرى تاغ - دەشتلەرگە قايتىپتۇ.

— ئاتا، بۇ ھېكايىڭىزنىڭ بۆرىگە مۇناسىۋەتلىك ئالدىنقى ھېكا- يىڭىزدىن مەلۇم جەھەتتە پەرقى بار ئىكەن. ئالدىنقى ھېكايىڭىزدە يۇرت خەلقى قوشنا ئەل تەرىپىدىن يوقىتىلغاندىن كېيىن، پەقەت پۇتلىرى كېسىۋېتىلگەن بىرلا بالا ھايات قالغانلىقى ۋە ئۇنى چىشى

بۆرىنىڭ ئوزۇقلاندۇرۇشى بىلەن ساق چوڭ بولغانلىقى، كېيىنچە بۆرە بۇ بالىدىن ھامىلدار بولۇپ تۇغۇلغاندىن كېيىن، بۇ بالا ياۋ لەشكەرلىرى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقى، بۇ چاغدا بىر ئەۋلىيا ھېلىقى بۆرىنى غەربىي دېڭىزنىڭ شەرقىدىكى ئىدىقۇتنىڭ غەربىگە جايلاشقان شىمالىي تاغقا ئاپىرىپ قويغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس نامى بولۇپ، كېيىنكى تالاي ئەللەرنىڭ شۇلارنىڭ نەسلى دەپ قارالغانلىقى بايان قىلىنغاندى.

— شۇنداق، ئوغلۇم، بىزدە بۆرە ھەققىدە بەك كۆپ چۆچەكلەر بار. مەن كىچىك چېغىمدىن باشلاپ بۇ ھەقتە بەك كۆپ چۆچەكلەرنى ئاڭلىغانمەن، ساڭا شۇلارنىڭ بىر قىسمىنىلا سۆزلەپ بەردىم. مەن ھەر قېتىم بۇ ھەقتىكى چۆچەكلەرنى ئەسلىسەم ياكى سۆزلىسەم، قېنىم دولقۇنلاپ، ۋۇجۇدۇمغا كۈچ تولغاندەك بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، مەن دېگەن، ياق، بىز دېگەن بۆرىنىڭ ئەۋلادلىرى، ئوغلۇم…!

— ئۇنداقتا مەنمۇ كۆك بۆرىنىڭ نەسلىمۇ، ئاتا؟— دېدى ھېكايەتكە چوڭقۇرلاپ چۆكۈپ كەتكەن تۇغلۇق.

— شۇنداق ئوغلۇم، بىز ھەممىمىز كۆك بۆرىنىڭ نەسلى، سەن تېخىمۇ شۇنداق. سېنىڭ چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتىش ئۈچۈن تىرىشىمەن، دېگىنىڭنىڭ ئۆزىلا بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ.

نەسەبىنىڭ خىيالىدىن «ئۆزلىرىنى كۆك بۆرە دەپ ئاتىۋالغان تۆمۈرچىن نەسلىنىڭ قېنى تۇغلۇقتا بار ئەمەسمۇ؟ شۇڭا ئۇنى يەنىلا ئاتا بالىسى دېگىنىم تۈزۈك ئوخشايدۇ…» دېگەنلەر كەچتى.

تۇغلۇقمۇ بىردەم خىيالغا پاتقاندىن كېيىن، سورىدى:

— ئاتا، سىز نېمىشقا مېنىڭ ھېلىقى ئارغىماقتا مۇناسىۋەتلىك سوئاللىرىمدىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرىسىز؟

ئاتا ئەمدى تۇغلۇقنىڭ چىڭ يەردىن چۈشۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

— سېنىڭ «قالغان ئەۋلاد» دەپ تامغا بېسىلغان ئارغىماقنى كۆرۈش ئۈچۈن سايرامغا ئېلىپ بارامسىز، دېگەن سوئالىڭغا جاۋاب بەرمىگىنىم پۈتۈنلەي ئاناڭنىڭ دىل ئازابىغا قالماسلىقى ئۈچۈن؛

خالاس . بۇ ئارزۇيۇڭنى ئاناڭغا دېيىشنى لايىق كۆرمىدىم . چۈنكى ، سەن بارماقچى بولغان ئۇ جاي دەل ئۇنىڭ يۈرىكىنى يەيدىغان ، ھېلە-ھەم زەھەرلىك قۇرتتەك يەپ كېلىۋاتقان «قۇۋ - قۇۋ »چىلار ماكانى . ئۇ يەرگە بېرىش دېگەن گەپ ئانا يۈرىكىنى تېخىمۇ قۇرۇتۇش دېگەن گەپ ئوغلۇم . شۇڭا ، مەن بۇ ھەقتە ئاناڭ ئالدىدا ئېغىز ئاچالمايمەن . ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق ئاتىلىق بۇرچۇمنى ئالدىڭدا ئورۇندايمەن . ئوغلۇم تۇغلۇق ، مېنى بۇ ھەقتە قىينىما . ئەڭ ياخشىسى ئاناڭغا ئۆزۈڭ ئېيت ، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت ئال ، ئۇ نېمە دېسە مەن جان-تېنىم بىلەن شۇ يولدا ماڭىمەن ، بولامدۇ ؟

— ماقۇل ئاتا ، ئانامدىن سوراي !

نەسەب بىلەن تۇغلۇق ئوتتۇرىسىدىكى پاراڭلار ئاخىرلاشقاندا ئۇلار ئۆڭكۆر ئۆي ئالدىغا يېقىنلىشىپ قالغانىدى...

## ئون بىرىنچى باب تەقدىرنىڭ چاقچىقى

### 1

نەسەب مەڭلىك بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— قارىغاندا، سىز بۇ ئۆڭكۈردە بەك ئۇزاق تۇرالمايدىغان ئوخشايسىز. تۇغلۇقنىڭ قېنى دولقۇنلاۋاتىدۇ، ئۇ ئۆزىگە لايىق مەيدان، ماكان ئىزدەۋاتىدۇ...

مەڭلىكنىڭ يۈرىكى «قارت»تىدە قىلىپ قالدى. ئەمما، ئوچۇق بىرنەرسە دېيىشكە پېتىنالمىدى.

— ھەر ئېھتىمالغا قارشى سىزنىڭ «مەڭلىك» دېگەن ئىسمىڭىزنى بىر مەزگىل يوشۇرۇپ يۈرسەڭ بولغۇدەك. بەلكىم بۇ سىزنىڭ ئامانلىقىڭىز ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. چۈنكى، ئەمدى مەن سىزدىن ئايرىلىپ قالسام بولمايدۇ. سىزنىڭ ماڭا ئاتا قىلغان ئىللىق مېھرىڭىزدىن قەلبىم شۇنچىلىك لەززەتلىك ھېسلارغا چۆمۈلىدۇ، خۇددى مېنى مېھىر - مۇھەببەت كەۋسەرلىرىڭىزدە سۇغارغاندەك ھېس قىلىمەن...

— بوپتۇ، شۇنداق قىلايلى. سىز خۇش بولسىڭىز، مېنىڭمۇ كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ. چۈنكى، مېنىڭ ھاياتىم پەقەت سىز بىلەن خۇشاللىق تاپىدۇ، سىزدىنلا ھۇزۇرلىنىدۇ ھەم قايغۇنى يىراققا قاچۇرىدۇ. سىز مەن ئۈچۈن بەك سۆيۈملۈك، ھاياتىم سىزدىنلا مۇھەببەت لەززىتىنى كۆردى، مەن سىزگە دېدىمغۇ، تاپقانلا نەرسەم، ھەتتا كۆڭۈل دەردىمنى ۋە سىرىمنى سىزدىن ئايىمايمەن.

— ئەلۋەتتە شۇنداق، — دېدى نەسەب تەستىقلاپ.

— مېنىڭ سىزدىن بىر گەپنى سورىغۇم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى

مەڭلىك ئۆيلىنىپ ئولتۇرۇپ، — سىز باياتىن تۇغلۇق سەۋەبلىك بۇ يەردە ئۇزاق تۇرالمىغۇدەكمىز، دېدىڭىز. دېمىسىمۇ، تۇغلۇق بىلەن تېۋىلغىلىقتىن قايتقىلى بىرنەچچە كۈن بولۇپ قالدى، مەن ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ قالدىم. ئۇ ماڭا كۈندە بىرنېمە دېمەكچى بولغاندەك كىردۇ، ئەمما ئېغىز ئاچماي چىقىپ كېتىدۇ. بۇرۇنقىدەك شوخ، ئېتىك ئەمەس، مەن بۇ ھەقتە ئۇنىڭدىن نېمە بولدى دەپمۇ سورىدىم، ئۇ ماڭىمۇ ھېچنېمە دېمىدى. مەن ئويلايمەن، ھەقىقەتەن ئۇ سىزنى بەك ياخشى كۆرىدۇ، گېزى كەلگەندە مېنىڭدىن چارە بىلىدىغانلىقىنى يۈز تۇرانە ئېيتىدۇ. ئۇ: «دادام بىلەن بىرگە بولسام زادىلا زېرىكىش ھېس قىلمايمەن، ئۇ ماڭا ناھايىتى ياخشى پاراڭلارنى، ھېكايىلارنى سۆزلەپ بېرىدۇ» دەيدۇ. ئۇ سىز بىلەن تېۋىلغىلىقتا بولغىنىدا بىرەر گەپ-سۆز ئۆتكەنمىدى؟ ماڭا دېسىڭىز، مەن سىزدىن يەنە بىر مەرتىۋە ئۆتۈنۈپ قالاي! ئەمدى دەڭ، مېنى قىينىماڭ، شۇ تاپتا باللارنىڭ ھېچقايسىسى يوق، تېۋىلغىلىقتا كەتتى...

مەڭلىك شۇنداق دېگەچ ئاستاغىنە نەسەبنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويدى. نەسەب بىر نەرسىدىن ئەنسىرىگەندەك، جىددىيلەشكەن ھالدا مەڭلىكنىڭ چاچلىرىنى سىيلىدى:

— سىز ماڭا ھەقىقىي سۆيگۈنى تونۇتتىڭىز. ئىلگىرى مېنىڭ راستىنلا بىرنەچچە پەرزەنتىم بولغان. ئۇلارنىڭ ئانىسى بىلەن شۇنداق چىرايلىق ئۆتكەن. ئۇ، تۇرمۇش مەجبۇرىيىتى سەۋەبلىك ئۆتكەن چىرايلىقمۇ، يا شۇ كۈنلەردىكى جەبىرلەردە يېنىمدا پەقەت شۇنىڭ ئۆزى بولغانلىقىدىن، خۇددى يېنىڭدا كىم ئولتۇرسا چىرايلىقمىڭ شۇ دەپ ئۆتكەن چىرايلىقمۇ، بىلمەيمەن، ھەرھالدا ئۇ ماڭا بەكمۇ قەدىردان ۋە سۆيۈملۈك تۇيۇلاتتى. شۇنى تەن ئېلىش كېرەككەنكى، مۇھەببەت باللا تۇغمايدىكەن، مۇھەببەت مۇھىمى ئىنسان سۆيگۈسىنى تۇغدىكەن. ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ھېلىقى مۇناسىۋەت مۇھەببەتكە باقمايمۇ بالا تاپالايدىكەن. قاراڭ، بۇ بەئەينى سىز كۆرگەن ھېلىقى ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىگە ئوخشايدۇ، تۇغلۇق دەل شۇنىڭ دەلىلى ئەمەسمۇ؟ ئارىدىن ئون يىل ئۆتتى، بۇ يىللار شۇنداق مۇھەب-

بەتلىك ئون يىل بولدى ، لېكىن ئارىمىزدا بالىمىز يوق . راستىنى ئېيتسام ، ئۆيلەنگىنىمىز توغرا ، توغلۇق مېنىڭدىن بىر نەرسىنى سوراۋاتقىلى ئۇزاق بولدى ، لېكىن مەن ئۇ سورىغان گەپنى سىزگە دېمىدىم ، سىزنىڭ دىلىڭىز ئاغرىسا مېنىڭمۇ ئاغرىيدۇ ، مۇھىمى سىزنىڭ مېنىڭدىن بىر مىنۇت نېرى بولۇشىڭىزغا چىدىمايمەن . مۇھەببەتلىك مۇشۇ كۈنلىرىمىزگە ياۋۇز قول ، شورلۇق ئېغىز ئارىلىشىپ قالسا ، ئالدى بىلەن قېرى جېنىمنىڭ تۈگەشكىنى شۇ ! سىزنىدمۇ شۇنداق دەپ ئويلايمەن ، توغلۇقنىڭ دېگەنلىرىنى سىزگە دېمەي كەلگىنىم شۇ سەۋەبتىن بولغان .

— بۇگۈنچۇ ؟ ئەمدى دەمسىز ؟

— بوپتۇ ، دەي ، بىراق ئېغىر ئېلىپ كەتمەڭ ، بولامدۇ ؟ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ بىر قىسىم گەپلەرنى دېيىشىپ قالدىم . شۇڭا ، ھەممە ئىشقا مەن سەۋەبچى . ئۇ سىزنىڭ ھېلىقى قاباھەتلىك ھايات كەچۈرمىشىڭىزنى بىلمەكچى بولۇۋاتىدۇ .

— بولدى ، دېمەڭ ، مەن چۈشەندىم . ئاھ خۇدا ، بۇنىڭغا مەن سەۋەبچى دەمسىز ؟ ياق ، ياق ، ئۇنىڭغا ھېچكىم سەۋەبچى بولالمايدۇ . چۈنكى ، سىز بىلەن مېنىڭ بۇنداق مۇھەببەتلىك ئادەملەر بولۇپ تونۇشقانلىقىمىزغا بىراۋنى سەۋەبچى دېيىشكە ئەرزىمدۇ ؟ ياق ، چۈنكى بىز يا بىر يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ، ھەتتا بىرەر نۆۋەت كۆرۈشكەنلەرمۇ ئەمەس ، بىرەرسىمۇ بىزنى ئۇچرىشىڭلار دەپ نەسىھەت قىلغانمۇ ئەمەس . «يولدا قوشۇلغان يولداش بولمايدۇ» دېگەن سۆزمۇ بەزىدە توغرا بولماي قالىدىكەن . بىز يولدا تونۇشتۇق ، يولدا قوشۇلدۇق . خۇددى بىزنىڭ تونۇشلۇقىمىزدا سەۋەبچى بولمىغىنىدەك ، بۇ ئىشتا بالامغا سىز «قالغان ئەۋلاد» تامغىلىق ئارغىماق ، «قالغان ئەۋلاد» تامغىلىق سايرام دۇلدۇلى دەڭ بەرىبىر . بۇ دېيىشلىرىڭىزگە ھەرگىز ئۇنىڭ چوڭ قىزىقىشى ، ئىزدىنىشى ، ئويلىنىشى سەۋەب بولالمايدۇ . بۇمۇ ماڭا كېلىۋاتقان يەنە بىر تەقدىرنىڭ چاقچىقى بولسا كېرەك ، بۈگۈن يېنىڭىزدا — سىز بىلەن مانا بۇ تاغ كامىرىدىكى ئۆتكۈر ئۆيىمىزدە ئولتۇرۇۋاتىمىز . سىز مېنى ، مەن سىزنى بىر ئۆمۈر

ياخشى كۆرىمىز . مۇشۇنىڭ ئۆزىلا راست . مۇشۇنىڭ ئۆزىگىلا بىز قا-
دىر . چۈنكى ، دۇنيادىكى بىز مۇسۇلمانلار كۆز ئالدىمىزدىكىنى بە-
لىشكە ، يىغىپ ئېيتقاندا ، هازىرقىلا ئىشنى بىلىشكە ، قىلىشقا قادىر
بولالايمىز . كېيىنكى ئىشلارنىڭ تەقدىرى بىزنىڭ قولىمىزدا ئەمەس .
شۇڭا ، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن...

## 2

«〈قالغان ئەۋلاد〉 ئارغىمىقى ھەققىدىكى گەپلەر راستىمدۇ ؟
توغلۇق نېمىدەپ ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالغاندۇ ؟ ئاتلاشلارغا قارىغاندا ،
ئۇ ئات ئۇزاق يىللار مابەينىدە پۈتكۈل موغۇلىستاننىڭ يېزا - قىشلاق-
لىرىدا چېپىپ يۈرۈپ ، ھېچقانداق ئىنسان بالىسىنى ئۈستىگە قون-
دۇرماي كەلگەنمىش . ئەمدى ئوغلۇم توغلۇقنى ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ
قالىدۇ دەپ كىممۇ ئويلىغان ؟ بەلكىم مېنى جان تىرىكىپ ئىزدەيدى-
غانلارمۇ ئەمدى سەل بېسىقىپ قالغاندۇ . شۇڭا ، ئوغلۇمنىڭ تىلىكى-
نى يەردە قويماسلىقىم كېرەك»...
مەڭلىك ئاخىر شۇنداق ئويغا كەلگەنىدى . ئۇ ، بۇ ئويىنى نەسەب-
كىمۇ ئېيتتى .
— مەن ئۇچۇن تارتقان جاپالىرىڭىز ئاز بولمىدى ، — دېدى ئۇ
نەسەبكە ، — مېنى بەخت - شادلىققا ئېرىشتۈرۈش يولىدا ھەقىقەتەن
كۆپ ئىشلارنى قىلدىڭىز . سىزنىڭ بۇ خىل پەزىلىتىڭىزگە مەندە
قىلچە شەك يوق . بۇ قېتىم مەن سىزنى يەنە سۆرەپ يۈرىدىغان
بولدۇم . شۇڭا ، توغلۇقنى ئېلىپ ئۇ تەرەپلەرگە بېرىپ باقايلى .
بەلكىم مېنىڭ ئۇ يەرگە بېرىشنى توغرا تېپىشىم يەنە بىر قېتىملىق
تەقدىرنىڭ چاقچىقىدۇر . ئەگەر مۇبادا بىز ئۇ يەرگە بېرىپ ، مەن
«قوۋ - قوۋ»چىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسام‌مۇ سىزدىن ھەرگىز
ئۈمىدسىنى ئۈزمەيمەن . مەن مەڭگۈ سىزگە مەنسۇپ . «ئالتۇن ئوتتا
تاۋلىنىدۇ» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ ، سىز مېنىڭ ئوت ئىچىدە
تاۋلانغانلىقىمنى كۆرىسىز . مەن ھەرگىزمۇ سىزدىن باشقا بىرەرسىگە

مەنسۇپ ئەمەس ، پەقەت سىزگە ، سىزگىلا مەنسۇپ ! شۇڭا سىز مەندىن ئەنسىرىمەڭ ، مېنىڭ ئارزۇيۇم ئوغلۇمنىڭ رايىنى سىناپ كۆرۈش ، ئۆز رايىمىزنىمۇ ، تەقدىرىمىزنىمۇ سىناپ كۆرۈش . ئوغلۇم «قالغان ئەۋلاد» ئارغىمىقىنى كۆرسە كۆرمەمدۇ ؟ ئۇنىڭ بىلەن بىزنى قانداق تەقدىر ـ قىسمەتلەر كۈتۈۋاتقانلىقىنى بىزمۇ كۆرۈپ باقساق ، نەسەب...

ئۆڭكۈر سىرتىدىن ئاڭلانغان تونۇش ئاۋاز مەڭلىكنىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ قويدى .

3

ياخشى نىيەتلىك ئادەملەر ياخشى تائام ، ياخشى گەپلەر ئۈستىگە چۈشىدۇ ، شۇنداقلا ياخشى كۆڭۈللۈكلەرنىڭمۇ ئويلىغانلىرى بىر يەر-دىن چىقىدۇ...

تەقدىر نېسىپ ئەتكەن ياخشى نىيەتلىك مەڭلىك بىلەن نەسەب ئىككىسىنىڭ تەقدىر ـ قىسمىتى ئوخشاش ئەمەس تۇرۇپمۇ ئوغلى تۇغلۇقنىڭ ئارزۇسى ئۈستىدىكى ئويى بىر يەردىن چىقىپ قالدى . سىرتتىن ئاڭلانغان تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ تۇرغان ئاتا ـ ئانا ھايال ئۆتمەي ئۆڭكۈر ئىشىكىدىن يۇسۇپ بىلەن تۇغلۇقنىڭ خۇشال ھالدا كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، قەلبىگە ئىللىق سېزىم تارالدى . مەڭلىك ئۇلارنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇپ ، ھەر ئىككىسىلەن ياخشى كۆرىدى-غان ئۆپكە ـ ھېسىپنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى ، شۇنداق قىزغىن كۈلكە ـ چاقچاق ئىچىدە تائام يېيىلدى . «ئاۋۋال تائام ، ئاندىن كالام» دېگەن ئەجداد تەلىمى بويىچە جىم ئولتۇرۇپ تائام يېگەن تۇغلۇق تائامدىن كېيىن يەنە بىرنەرسە دېمەكچىدەك ئاغزىنى ئۈمەللىدى :

— ئانا ، مەن بىر گەپنى سىزگە دېسەم خاپا بولارسىزمۇ ؟»

مەڭلىك نەسەبكە قاراپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى : «ئاھ خۇدا ، بۇ ئالەمدە ئىنسانلارنىڭ قىسمەتلىرىنى نېمانچە كۆپ ، نېمانچە سىر-لىق ياراتقانسەن ؟ بۇ ئالەمنى چوڭ بىر سارايغا ئوخشاتساق ، بىزلەرنى

بولسا ساراي قونالغۇچىلىرى، مېھمانلىرى قىلىپسەن. شۇڭا، ھېچ-
قانداق ئىنسان ئالەم سىرلىرىنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتەلمەيدۇ، بۇ ئالەم
سارىيىدىن باقىي دۇنيا سارىيىغا كېتىپ قالىدىكەن. بۇ ئالەمنىڭ
قىزىقارلىقلىقى، سىرلىقلىقى ساراي مېھمانلىرىنى يەڭگۈشلەپ تۇرۇ-
شىدا بولسا كېرەك. مەنمۇ ئاللا يارىتقان ئادەم ئىدىم، ئۆزۈمنى ئۆزۈم
نەچچە مىڭ مەرتىۋە چاپقۇم كەلدى، بىئەجەل ئۆلگۈم كەلدى، ھەتتا
بولمىغىنىدا چاچلىرىمنى چۇۋۇپ تاشلاپ پايانسىز قۇم بارخانلىرى
ئارىسىدا چېرىنىدىگە ئايلىنىشقىمۇ رازى ئىدىم. قىينالغىنى ھامىنى
قىينىلىدىكەن، بۇمۇ ئاللانىڭ تەقدىرى ئوخشايدۇ دەپمۇ قارىدىم.
چۈنكى، بۇ ئالەمگە تۆرەلگىنىمىزدە كۆرگۈلۈكلىرىمىز پېشانىمىزگە
يېزىلىپ، ئۇ ئالەمدە ئۆزى پۈتكەن تۈگۈچنى ئاللا ئۆزى يەنە سوئال-
سوراق قىلىپ يېشىدىكەن، بۇ ئىشلارغا ئەلھۆكمىلىللا دېگەنىدىم،
لېكىن يەنىلا بۇ سەۋەبنىڭ ئالىمى ئىكەن. ماڭا نەسەب ئاز بولمىغان
ئەجىرلەرنى سىڭدۈردى، مەن ئۇنىڭ زورى بىلەن ياشاشقا قايتا ئىن-
تىلدىم: شۇ قەدەر ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تۇغلۇق تۇغۇلدى. ئۇ ھازىر
ئون ياشقا كىردى. بۇ جەرياندا نەسەب مېنى باقتى، قايتا ئادەم
قىلدى. شۇنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئوغلۇم تۇغلۇقنى
شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويغىنىم نېمىسى؟ ئۇنىڭسىز ئۇنىڭ
ئارزۇسىغا ئالدىراپ قوشۇلسامچۇ؟ ئاش بەرگەنگە مۇشت بەر بولۇپ
قالمىغاندۇ - ھە؟ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئەجرى ھەر ئىككىمىزنىڭ ئاتىسى،
پاسىبانى ھېسابىدا ئەمەسمىدى؟

بۇ دۇنيادا ئاتا - ئانا، بىر تۇغقان ھەقىقەتەن تېپىلماس غەمگۇ-
زار، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ شۇنداق غەمگۇزار دانالاردىن
بولۇشى ناتايىن، شۇڭا «يېنىڭدا كىم ئولتۇرسا چىرايلىقىڭ شۇ،
يېشىڭنى كىم سىيلىسا ماشايىقىڭ شۇ» دېگەن گەپ بار! بۇنىڭغا
قارىغاندا، شۇ تاپتىكى غەمگۇزارىم پەقەت نەسەب. مەن ئوغلۇمنى دەپ
ئۇنىڭدىن باش تارتسام ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا مەندىن نارازى بولۇشى
ئېنىق. ئوغلۇمغا دېگەن سۆزۈمنى — دەسلەپ دېگەن گېپىمنى قايتۇ-
رۇۋالسام بولامدۇ - نېمە؟ راست، تۇغلۇق مېنىڭ پۈشتۈم. ئۇنىڭدا

مېنىڭ ئىلىك مېيىم - قېنىم بار، لېكىن مەن ئۇنىڭغىلا ئەمەس، نەسەبىكىمۇ ئۆزرىخاھلىق ئېيتاي، ئالدىدا ناماقۇل بولاي…»

شۇ تاپتا مەڭلىكنىڭ خىياللىرى شۇنداق كۆپ ئىدى، نەسەبىمۇ ئۆڭكۈر ئۆيدىكى تاش ئۇستەلگە قاراپ خىيال دەرياسىغا غەرق بولغانىدى: «ئىنسان بىر تۆشۈكتىن چىقىپ، يەنە بىر تۆشۈككە كىرگۈچە كۆپ ئىشلارنى كۆرىدىكەن. لېكىن، كۆرۈش قىسمەتلىرى ھەرگىز ئوخشىمايدىكەن. توغرا، مېنىڭ ئوغلۇم يۈسۈپ ھەقىقەتەن مۇھەببەتلىك ئانىدىن تۆرەلدى، شۇڭا بۇ يولدا مېنىڭ ھېچقانداق ئەرزىيىتىم بولمىدى، لېكىن تۇغلۇقچۇ؟ ئۇ بەئەينى قاباھەتلىك چۈش بۆشۈكىدە دۇنياغا كەلدى، بۇ ۋەقە مەڭلىكنىڭ ھاياتىدىكى ئۇنتۇلماس ئىش ئىدى، بۇ ئىش ئۇنى ئوڭايلا قاتتىق ئازابلايدۇ، شۇڭا مەن ئۆلگەنىنىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك، تۇغلۇقنىڭ يارىسىغا تۇز سېپىدىغان ئىشنى ئۇنىڭ ئالدىدا قىلسام بولمايدۇ. بۈگۈن ئۇ ھەممىنى بىلگەن بولسىمۇ، مەن نامۇۋاپىق ئويلىماسلىقىم كېرەك، ھەتتا ئۇنىڭ كۆڭلىگە زىت شەپىمۇ بەرمەسلىكىم لازىم. ئۇ شۇنچىلىك ئېغىر مۇشەققەت، ئاغرىنىشنى ئۆز ئىچىگە سىغدۇرۇپ كېلىۋاتقان تۇرسا، تۇغلۇق بۈگۈن ئون ياشقا كىرگەن تۇرسا، شۇ يىللارنىڭ ھەر كۈنى ئۇنىڭ ئۈچۈن تولغاق ئىچىدە ئۆتۈۋاتقاندەك تۇرسا، ئۇ ھېلىمۇ چىدىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئېيتقىنى، قىلغىنى قىلغان بولغىنى تۈزۈك. چۈنكى، ئۇنىڭ كۆڭلى ئۆزىنىڭ قىلغىنى بىلەنلا خۇشال بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇنچىلىك بولسىمۇ ئازادىلىك، ئاراملىق بەخش ئەتسەك نېمە بوپتۇ؟…»

— ماقۇل، بىز ئەتىلا يولغا چىقايلى، مەن تەييارلىق قىلاي، — دېدى نەسەب كەسكىن قىلىپ، — گەرچە بۇرۇن بىز مۇشۇ ئۆڭكۈردە مەڭگۈ ياشاپ قالايلى، دېيىشكەن بولساقمۇ، ئەمما بىزمۇ ھامان ئەل ئىچىگە تەشنا ھەم موھتاج. بەلكىم مۇشۇ قېتىملىق سەپىرىمىز بىزنى يېڭىچە بىر تۇرمۇشقا باشلار.

مەڭلىك ئۇنىڭغا قارىدى. ئەمما، نەسەبنىڭ چىرايىدىن رەنجىش، ئامالسىزلىق ئەمەس، بىر خىل سەممىمي كۆيۈمچانلىق بىلە-

ـنىپ تۇراتتى .

شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ چېھرىلىرى نۇرلىنىپ، «قالغان ئەۋلاد» ئارغىمىقى بار ئىكەن دېيىلىۋاتقان سايرام شەھىرى كۆز ئالدىدا ئۆز گۈزەللىكى بىلەن تېخىمۇ جۇلالىنىپ ئەكس ئەتمەكتە ئىدى .



## ئون ئىككىنچى باب مۇشكۇل سەپەر

### 1

— «گادايي بولساڭ كۆچۈپ باق» دەپ ، ئۆتكۈزمىزدە خېلىلا ئۆي بىساتى بار ئىكەن ، ئىككى توپاقتا چاتغىراق قىلىپ بېسىپتۇق ، ھەپتىدىن ئاشتى ، مېڭىۋاتىمىز . تېخىچە يول - داۋانلار تۈگىمەيۋاتىدۇ ، يول ئۇزارغانسېرى مەن خىجىل بولۇۋاتىمەن ، ھېلىمۇ ياخشى ، «يازدا يېپىنچا ئال ، قىشتا ئوزۇق» دەپ ، ئۆزىمىزنى غەملەپ ماڭغىنىمىز ياخشى بولغانىكەن ، بولمىغاندا قانچىلىك مۇشكۇلاتقا دۇچ كېلەتتىمىزكىن - تاڭ ؟ !

— خاتىرجەم بولۇپ مېڭىۋېرىڭ ، مەڭلىك . ئىنسان دېگەن پەقەت ھۇزۇر - ھالاۋەتنىلا قوغلاشماستىن ، مۇشۇنداق جاپا - مۇشەققەتلەرنىمۇ تارتىپ كۆرگەندە ئاندىن خاتىرجەم ئۆيلەرنىڭ قەدرىگە يېتىدۇ . ئەگەر بىز ئۆزىمىزنى بىر-بىرىمىزگە سادىق دەپ ھېس قىلساقلا ، ھەرقانداق جاپا - مۇشەققەت بولسىمۇ يېڭەلەيمىز . شۇڭا ، دۇنيادا مۇھەببەتنى ئۇلغايتىدىغان ، كۈچەيتىدىغان كۈچ ئۆزئارا غەمخورلۇقتىن ، كۆيۈنۈشتىن كېلىدۇ . ئېھتىمال بۇ خىل كەچۈرمىشلەرنى ھەممىلا ئادەم باشتىن كەچۈرمەسلىكى مۇمكىن ، ئەمما بىز شۇنداق كەچۈرمىشلەرنى باشتىن ئۆتكۈزدۇق ھەم ئۆتكۈزۈۋاتىمىز . سىز بۇنى بىلگەچكە چىداۋاتىسىز ، مەن نېمە ئۈچۈن چىدىيالمىغۇدەكمەن ؟ سىز ئۆز ھاياتىڭىزدا خوۋلۇقتىن كۆرە ، رىيازەتنى يەتكۈچە تارتتىڭىز ، ئېسىل شاھانە كىيىملەر ، ئالتۇن بېزەكلەر ، نەپىس زىبۇ زىننەتلەرگە ئالدانمىدىڭىز . بۇنى سىزگە دۇختەۋى بېرەلەيتتى . بىراق ، سىز ئۆزىڭىز ياقتۇرمايدىغان ئادەم بىلەن بىرگە بولۇپ ، ياخشى يەپ ،

ياخشى كوْن كۆرۈشنى خالىماستىن ، ئاخىرقى ھېسابتا قوۋمى- يۇرت-لارنىڭ ئارىسىدا ، ئۆتكۈردە جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈشنى تاللىدى-ڭىز . موھتاجلىق ، ئاچارچىلىق ، يوقسۇزلۇقتا باش ئەگمىدىڭىز ، ئۆز غورۇرىڭىزنى ئەلا بىلىپ ، يەنىلا ئۆزىڭىزنى خۇشال ھېس قىلىۋاتىسى-ڭىز ، مەن نېمىشقا ئۇنداق قىلالمىغۇدەكمەن ؟ سىز بىلەن بولغان بۇ سەپەر ماڭا جەبىر ئەمەس ، ئوتتەك قىزغىن ياشلىقنى ، ئىللىق مېھرى-بانلىقنى ، كۆيۈمچانلىقنى ھېس قىلدۇرۇۋاتىدۇ . راست ، مەن ئوت-لۇق مۇھەببەت بۆشۈكىدە تەۋرىنىپ مېڭىۋاتىمەن ، شۇڭا سىز ھەر-گىز باشقىچە ئويلىماڭ . قاراڭ ، مەن جاپا تارتقانسېرى رەڭگى- رۇخ-سارىم ياخشىلىنىۋاتىدۇ ، روھىم شۇنداق كۆتۈرەڭگۈلىشىۋاتىدۇ . يەردىن ، يا كۆكتىن بولسۇن ، ھەرقانداق نەرسىنى يۇلۇۋالغۇم كېلىد-ۋاتىدۇ . شۇنىڭ ھەممىسى مۇھەببەتنىڭ كۈچى ، سىزنىڭ ئىلھامى-ڭىز ، مەڭلىك !

— دەيمىنا ، قارىسام نەچچە كۈندىن بېرى پىيادە مېڭىۋاتىسىز ، مېنى ئاسراپ توپاق ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويدىڭىز ، بارغانسېرى ئۆرىگە مېڭىۋاتىمىز ، كۈننىڭ سوغۇق بولۇۋاتقىنى ، يا قورسىقىڭىزغا ئىستىقراق بىرنەرسە قىلىپ بېرەلمەيۋاتىمەن . يېمەك - ئىچمىكىڭىز تېخى غورىگىل ، يېتىش - قوپۇشلىرىڭىز تېخى قاتتىق - يىرىك بولۇۋاتىدۇ . باللار دەيسىز ، ئۇلارنىڭ تاش يېسە ئاش بولىدىغان ، تاشنى ياستۇق ، ياپراقنى يېپىنچا قىلسىمۇ ئۇخلاپ قوپىدىغان ۋاقتى-لىرى ، لېكىن سىزنىڭ ئۇنداق ئەمەس ، شۇڭا...

— مېنى قېرى دېمەكچىمۇسىز ؟— دېدى نەسەب كۆزىنى قىسىپ .

— ياق ، سىز مېنىڭ نەزىرىمدە ئەمدىلا 30غا كىرگەن ئاق ئاتلىق شاھزادە...

ئۇلار شۇنداق گەپ - سۆزلەر بىلەن يولنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى . يۇسۇپ بىلەن توغلۇق بولسا بىردەم ئۇلارنىڭ ئالدىدا ماڭاتتى ، بىردەم ئارقىلىرىدا قالاتتى ، گاھ سۇ بويىدا ئولتۇراتتى ، گاھ تاغ تېرەكلىرى ئاستىدا يېتىۋالاتتى ، گاھىدا يول بويلىرىدىن خىلمۇخىل گۈل -

چىچەكلەرنى ئۈزۈۋېلىپ ، توپاقتا مىنىپ مېڭىۋاتقان ئانىسىغا تەقدىم قىلاتتى ، بەزىدە نەسەبكە بەرمەك بولۇپ ، باغلام گۈلنى ئۇنىڭغا سۇنات-تى ، گۈلدەستىنى ئاتىسىنىڭ بۇرنىغا تەگكۈزۈپ پۇرىتاتتى .

تۇيۇقسىز مەڭلىك مىنگەن توپاقنىڭ ئالدىدىن توشقاندەك بىر نەرسە ئۆتۈپ كېتىۋىدى ، توپاق ئۈركۈپ كېتىپ ئىتتىكلا ئارقىسىغا قايرىلدى . مەڭلىك شۇ هامان يىقىلىپ يېشىل چىملىق ئۈستىدە يېتىپ قالدى ، نەسەب ئاكا كۆتۈرۈپ مېڭىۋاتقان خورجۇننى تاشلىۋې-تىپ ، مەڭلىكنىڭ قېشىغا كەلدى . يۈسۈپ ، تۇغلۇق قاتارلىقلارمۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئانىسىنىڭ پېشانىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتۈشكە باش-لىدى . مەڭلىك يىقىلغان يېتى قوپالماي «ۋايجان»لاپ ياتاتتى . نە-سەب ئۆمرىدە بۇنداق ئالاقزادە بولمىغان ، قورقۇنچ ئىچىدە قالمىغان . ئۇنىڭ چىرايىدا قان قالمىغانىدى !

«خەتەرلىكمۇ - نېمە ؟— دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى نە-سەپ ،— ئۇ مەن بىلەن ئۆتكەن شۇنچە ئېغىر كۈنلەردىمۇ بۇنچىلىك ۋايسىمىغانىدى ، تۇغلۇقنى تۇغۇش ئالدىدىكى تولغاق ئازابىدىمۇ ئۇن-چىلىك قىينىيالمىغانىدى ، بۇ مۇشكۈل سەپەردىكى ئازاب - ئوقۇبەت-لەرگىمۇ پىسەنت قىلمىغان ، مەڭلىك هەرگىز هېرىشنى ، دادلىنىش-نى بىلمەيتتى ، ماڭا مەدەت بەرگەنىدى ، ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈم-دىكى ئويلىغانلىرىمنى ئالدىن بىلىۋالاتتى ، ماڭا مەدەتكار بولاتتى ، مەن ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق پىداكارانە خىسلەتلىرى بىلەن پەخىرلىنەت-تىم ، خۇش بولاتتىم ، يېمىسەممۇ ، ئىچمىسەممۇ ، يېگەن - ئىچكەن ، ئوينىغانلاردىن بەتتەررەك ئۆتەتتىم . شۇنچە تېتىك ، مەغرۇرانە يۈرەت-تىم . بەلكىم ئۇ ئۆزىدىكى پۈتكۈل كۈچ ، چىدام - غەيرەتلىرىنى مېنىڭ راھىتىم ئۈچۈن بەخش ئېتىۋېتىپ ، ماغدۇرسىزلىنىپ كەت-كەندۇ... »

تىنىمسىز «ۋايجان ، ۋايىيەي»لەۋاتقان مەڭلىكنىڭ ئېچىنىشلىق ئىڭراشلىرى نەسەبنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلاتتى . ئۇ مەڭلىكنىڭ بەدىنىنى سىيلايتتى ، باشلىرىنى ئۇۋۇلايتتى ، هېلىدىن - هېلىغا مەڭزىنى مەڭزىگە ياقاتتى . ئۇنىڭ تۇتقانلا يېرىدىن ئوت يالقۇنجىغان-

دەك ئىدى . لۆڭگىنى قايتا ـ قايتا مۇزدەك سۇغا چىلاپ ئالماشتۇرۇپ پېشانىسىگە قويۇۋاتسىمۇ ، قىزىتمىسى پەسلەي دېمەيتتى...

مەڭلىك خېلى ئۇزاقتىن كېيىن سەل ئەسلىگە كېلىپ ، ئوغۇل-لىرىغا ، نەسەبكە قارىدى ، ئاندىن ھاسىراپ تۇرۇپ دېدى :

— نەچچە يىللار ئىلگىرى بىر نۆۋەت مۇشۇنداق ئاغرىغانىدىم . بۇ كېسەل بەك جىددىيلەشسەم ، قورقسام ئاندىن مەلۇم بولىدىغان ئوخشايدۇ . بۇ كېسەلنىڭ دەسلەپ تۇتقان چېغى ئانام قازا قىلغان ۋاقىت ئىدى . ماڭا شۇ ئىش بەك ئېغىر كەپتىكەن . بۇ ئاغرىق شۇنىڭغا ئوخشاۋاتىدۇ . تەڭ يولدا بۇ نېمە ئىش ئەمدى ؟... ئاھ ، خۇدا !...

— خاتىرجەم بولۇڭ ، بۇ ھامان سەۋەب ئالىمى . «سەۋەب قىل-سالڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» ئەمەسمۇ ؟ مەن چوقۇم ئۇستا تېۋىپ تېپىپ كېلىپ سىزنى ساقايتىمەن !— نەسەب شۇنداق دېدى - دە ، ئوغلى يۇسۇپ بىلەن تۇغلۇقنى ئانىسىنىڭ يېنىدا قالدۇرۇپ ، ئۆزى كۇنېپېتىش تەرەپكە — شەپەق نۇرىغا پۈركەنگەن جىمجىت دالىدا يۈرۈپ كەتتى .

## 2

ئادەتتىكى بالا مىجەزىدىن ئالاھىدە ئۆزگىچە چوڭ بولغان تۇغلۇق ئانىسى يېنىدا ئاكىسى يۇسۇپ بىلەن قالغاندىن كېيىن ، ئانىسىنىڭ ئۆيقۇغا كەتكەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ سۇپسۇزۇك ئايدىڭ كېچىدىكى دالا مەنزىرىسىدىن ھۇزۇر ئېلىش ئويىغا كەلدى .

كۆكتە ئونبەش كۇنلۇك تولۇنئاي جەۋلان قىلاتتى ، شۇنچە بۈيۈك ئېگىزلىكتىكى قارىغايزارلىقلار روشەن يورۇقلۇقتا دانىمۇدانە كۆرۈ-نەتتى . تۇغلۇققا ھەر تۈپ قارىغاي تاغ جېسەكچىلىرىدەك بىلىندى . يېشىلزارلىقتىكى رەڭگارەڭ تاغ گۈللىرى بولسا ئانىسى مەڭلىك تىك-كىدىغان كەشتە گۈللىرىدەك ئىدى . خىلمۇخىل يېقىملىق خۇشناۋا ئاۋازلارچۇ تېخى ! شارقىراپ ئېقىۋاتقان تاغ سۇلىرىنىڭ ئاۋازلىرىغا

تەڭكەش بولغاندەك ، قەيەرلەردىندۇر زىل ئاۋازلار قوشۇلاتتى ، بۇ مەنزىرە قانداقمۇ تۇغلۇقنى ھاياجانلاندۇرمىسۇن ؟ گۈزەللىك كىشىلەرنى ھەرقانداق چاغدا ئىختىيارسىز ئۇمىدۋارلىققا باشلايدۇ ، نېمە ئۈچۈندۇر ، تۇغلۇقمۇ تۇرۇپلا ئۇمىدلىنىپ ، قۇشلارنىڭ خىلمۇخىل سايراشلىرى ، تاغ سۇلىرىنىڭ شارقىرىغان شاۋقۇنلىرىغا مەپتۇن بولۇپ تۇرۇپ قالدى .

تۇغلۇق ئىختىيارسىز ھالدا ئانىسىنىڭ يېنىدىن خېلىلا يىراقلىشىپ ، يېشىلزارلىقنى بېسىپ ئۆتتى ، خىلمۇخىل گۈل - گىياھلار ئۇنىڭ ئاياغ ئاستىدا قېلىۋەردى . ھەتتا خىلمۇخىل مېۋە چېچەكلىرى ھۇپپىدە كۆرۈنگەن دەرەخلەرمۇ ، ئادەم ، ھايۋان سىياقىدا كۆرۈنگەن قانچە - قىيا تاشلارمۇ ئارقىدا قالدى . بىر چاغدا تۇغلۇق قارىغايزارلىق ئېتىكىگە يامىشىۋېتىپ ، تاڭ ئېتىپ قالغىنىنى ھېس قىلدى . ئۇ بەك يىراقلاپ كەتكىنىدىن سەل ئەنسىرىگەندەك قىلدى ، شۇنداقتىمۇ نەسەبىنىڭ تېۋىپنى تېپىپ كېلىشى ئاسان ئەمەس دەپ ئويلاپ ، يەنىمۇ كۆپرەك جاينى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ، ھارغىنىغا قارىماي مېڭىۋەردى ، توختىماي ماڭدى ، قارىغايزارلىق ئارىسىدىكى ئاق چېدىر ئۆيلەردىن بىرقانچىسىدىنمۇ ئۆتتى . بىر چاغدا تۇيۇقسىز «ھايت - ھۇيت» ، «قۇۋ - قۇۋ» دېگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى . ئۇ ، ئانىسىدىنمۇ ، ئاتىسىدىنمۇ «قۇۋ - قۇۋ»چىلار توغرىسىدا ناھايىتى كۆپ ھېكايىلارنى ئاڭلىغانىدى . ئەمما ، ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ ، كۆزى بىلەن كۆرمىگەنىدى . ھازىر بۇنداق ئاۋازلار خېلىلا يىراقلاردىن ئاڭلانغاندەك قىلاتتى . ئانا ئۇنىڭغا «شۇ ئاۋازلار ئېسىمگە كەلسە يۈرىكىم شۇركۇندۇ ، قورقىمەن» دەيتتى . تۇغلۇقمۇ ئازراق قورققاندەك ھېس قىلدى ، شۇنداقتىمۇ ئۇ قانداق مەخلۇقلارنىڭ ئاۋازلىرى ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغاچقا ، يەنە ئالغا قاراپ مېڭىۋەردى . ئۇزاق ئۆتمەي يېقىنلا يەردىن «قۇۋ- قۇۋ» دېگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى .ئالدى تەرەپتىن يەنە «ئاۋۇ ياققا كەتتى ،ھوي ، ئالدىغا ئۆت دەيمەن» ، «ئەستا ، يەنە قاچتى !» دېگەندەك ئاۋازلارمۇ ئاڭلىناتتى .

تۇغلۇق قويۇق دەرەخلىك ئارىسىدا تۇرۇپ جىمجىت هالدا يېقىنلا چوڭقۇرلۇقتىن ئاڭلىنىۋاتقان ئاتلىقلارنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق تۇتتى:
— كۆرۈنمەيۋاتىدۇ، بايىلا ئاۋۇ قىرغاقتا ئوتلاۋاتاتتى.
— ھەتتەڭ، ماڭا يولۇقسىچۇ، ئۇنى تۇتۇپلا مىنىۋالسام...
بىر ئۆمۈر قوغلىنىپ يۈرۈپمۇ نى - نى باھادىر، چەۋەندازلارغا تۇتۇق بەرمىگەن تۇلپار سەندەك قوڭالتاققا باش ئېگەتتىمۇ؟...
تۇغلۇقنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى، ئۇ ئۆزى ئارزۇ قىلغان ماكانغا كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى ھەمدە شۇ دەقىقە ئىچىدە ئارزۇسىغا يېتىدىغاندەك تۇيغۇغا كەلدى. شۇڭا، تۇغلۇق ئارغىماقنى ئىزدەپ بارماقچى بولدىيۇ، لېكىن ئانىسىنىڭ ئەگراشلىرى يادىغا يەتتى، ئاتىسىنىڭ، ئاكىسى يۈسۈپنىڭ ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئارزۇسى يولىدا ئىسسىق ئۆككۆردىن چىقىپ مۇشەققەت چېكىۋاتقانلىقلىرىنى ئەسلىدى. شۇڭا، ئاۋۋال شۇلار بىلەن جەم بولۇپ، ئاندىن بۇ جايغا كېلىشنى ئويلاپ، كەلگەن يولى بىلەن كەينىگە قايتتى، لېكىن ئۇنىڭ يۈمران قەلبىدە بىر چەكسىز شادلىق ئوينايتتى. ئۇ بولسىمۇ ئۆز ئارزۇسىدىكى ماكان ئىچىدە تۇرغانلىقى ئۇنىڭ باللىق قەلبىدە بىرخىل ئۇلۇغۋارلىق تۇيغۇسىنى ئويغاتقانىدى.
شۇغىنىسى، تۇغلۇق قايتىشىدا يولنى خاتا مېڭىپ قويدى. ئۇ ئاغرىق ئانىسىغا يېقىنلىشىشنىڭ ئەكسىچە، بارغانسېرى يىراقلىشىپ كەتمەكتە ئىدى...

## 3

نەسەب بىلەن تېۋىپ بىر ئاتقا مىنىپ يولغا چىققانىدى. تېۋىپ ناھايىتى گەپخۇمار ئادەم بولۇپ، ئازراق گەپ بولسىلا چۆچەك، رىۋايەتلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەيتتى.
— ئىنسان دېگەن ئاش - نان ئۇرۇقى، سەن بۇياققا مېڭىشتا ئايالىڭ بىرنېمە يېگەنمىدى؟
— يىغلىلىپ چۈشۈشتىن بىرەر سائەت بۇرۇن ئازراق غىزا

يېگەن .

— ئۇنداقتا قورقمىساڭمۇ بولىدۇ ، يامىنى غىزا يېمىگەن ئاغرىق-تىن قورقۇش كېرەك . قارىماققا ئايالىڭغا بەكمۇ كۆيۈنىدىكەنسەن ، ئۆزۈڭمۇ تۈزۈك ئادەم كۆرۈنىسەن . سۆزلىرىڭگە قارىغاندا تارىخمۇ بىلىدىكەنسەن ، كۆرگىنىڭمۇ كۆپتەك قىلىدۇ ، مۇشۇ تاپتىكى ھالى-تىڭدە ھەقىقەتەن ئۆزۈڭنى ئويلىمايدىكەنسەن . ئۆيۈمگە يالاڭ ئاياغ بېرىپسەن ، ئۈستۈڭدىكى كىيىملىرىڭنى ئىت تالىغۇەتكەندەك جۇل - جۇل بولۇپ كېتىپتۇ . يۈزلىرىڭ مورلانغان ئىزلار بىلەن تولۇپ ، سىزىقچىلاردا قان داغلىرى كۆرۈنىدۇ . زادى نېمە بولغىنىڭنى بايا سورىمىدىم ، پەقەت ئۆيۈمگە تەكلىپ قىلدىم . ئىسسىققىنا بىر چىنە چاي ئوتلىغۇالسۇن دېدىم . چۈنكى ، بۇ ھەقتە مۇسۇلمان بىر يىگىت ماڭا مۇنداق ھېكايەت قىلىپ بەرگەن : «ھەزرىتى ئەلى ھەر قېتىم جەڭ ياكى بىرەر يەردىن كەلگەندە ئۆيىدە قالغان ئايالىدىن ئۆزى يوق ۋاقتىدا باشقا ئادەم كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى سوراشنى ئادەت قىلغا-نىكەن . ئۇ بىر كۈنى جەڭگاھتىن ھارغىنلىق ئىچىدە قايتىپ ،ئەمدىلا 〈ئۇھ〉 دەپ ئۆزىنى تاشلىشىغا ، ئايالى ئۇنىڭغا〈ئۇ كەلدى ، بۇ كەلدى〉 ... » دەپ سۆزلەپ كېلىپ ، ئاخىرىدا ھەزرىتى ئەلى كېلىش ئالدىدا بىر جوھۇتنىڭ تۆگە بىلەن كېلىپ - كەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ . ھەزرىتى ئەلى ئۇنىڭدىن نېمە دېگەنلىكىنى سوراپتۇ . ئۇ كېلىپ «ھەزرىتى ئەلى بارمۇ ؟» دەپ سورىغۇدى ، «يوق» دەپ جاۋاب بەر-سەم ، «ئۇنداقتا ئۇ كەلسە شۇنى دەپ قويۇڭ ، بۇ ئىشىك بوسۇغىسىنى يۆتكىۋەتسۇن» دەيدۇ . ماقۇل دېدىم . بىز شۇنىلا سۆزلەشتۇق . ئۇ تۆگە ئۈستىدە سۆزلىدى ، مەن ئىشىكتىن بېشىمنى چىقىرىپ تۇرۇپ ئاڭلىدىم . گەپ تۈگىگەندە جوھۇت تۆگە بېشىنى بۇراپ ياندى . مەن ئىشىكتىن بېشىمنى تارتىپ ، ھويلىغا كىرىپ كەتتىم . بولغان ئەھ-ۋالنى ئاڭلىغان ھەزرىتى ئەلى ھارغان - ئاچقىنىغا قارىماي ئېتىنى مىنىپ بايىقى تۆگە بىلەن قايتقان جوھۇتنىڭ ئارقىسىدىن ئات ساپتۇ ھەم بىرھازا ئۆتكەندىن كېيىن جوھۇتنى ئۆيىگە باشلاپ كەپتۇ . ئۇنىڭ ئايالى بۇ چاغدا مېھمانىنىڭ ئالدىغا خۇشال چىقىپتۇ ، ئۇنى تۇرلۇك

تائاملار بىلەن كۈتۈۋېلىپ يولغا ساپتۇ. قايتىدىغان ۋاقتىدا جوھۇت: «بوسۇغىنىڭ يۆتكەلمەي تۇرغىنى تۈزۈك ئوخشايدۇ» دەپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ. ھەزرىتى ئەلى بۇ ئەھۋالغا قارىتا مۇنداق دەپتۇ: «بەندىلەرنىڭ ھەممىسى بىر ياراتقۇچى تەرىپىدىن يارىتىلغان، ھەممىسى ئىززەت - ھۆرمەتكە موھتاج، بولۇپمۇ مېھمان ئۆيگە كەلگەندىكەن، ھېچنېمىگە قارىماي ئىززەت قىلىش ئائىلە ئىگىسىنىڭ بۇرچى. چۈنكى، ئىشىك بوسۇغىسى قاچانلا بولمىسۇن ئاياللارنىڭ ئوبرازى بولىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ دەسلەپ ‹بوسۇغا يۆتكىۋېتىلسۇن، كېيىن يۆتكەلمىسۇن دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى ساڭا قارىتىلغان. شۇڭا، بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلساڭ بولىدۇ›... ماڭا بۇ تەلىم بەكمۇ ياققان، شۇڭا ئۆيگە كىم كەلمىسۇن، شۇ سۆزنى ئەسكە ئالىمەن. سەن كەلگەندە، ئۆيدە ئايالىم بولمىسىمۇ، ئۆزۈم ساڭا چاي ئۇتلاتقىنىم شۇ، سەن ئۆيۈمگە بارغاندا قىدىرىپ يۈرگەنلەر ئۈستىدە ئاۋۋال گەپ قىلىپ بەرمىدىمغۇ؟ ئەنە شۇلاردىمۇ گەپ بار! ھازىر جاھان پاتپاراق بولۇپ كەتتى. ھېلىقى ‹قالغان ئەۋلاد› دېگەن تامغا بېسىلغان ئارغىماقنىڭ گېپى نەدىن چىقتى دەيمەن، خۇددى ھەممە ئادەم شۇ ئاتقا ئاشىق بولغاندەك قىلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. بايمۇ شۇنىڭ غېمىدە، نامراتمۇ شۇنىڭ كويىدا. ئۇ ھەقتىكى گەپلەرمۇ ھەرخىل. راست شۇنداق ئارغىماق بارمۇ - يوقمۇ، بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ...

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ‹قالغان ئەۋلاد› دېگەن تامغا بېسىلغان دۇلدۇل كۈسەن خانى ئېسەن بۇقىنىڭ دۇلدۇلى ئىكەن. ئۇ مەڭلىك ئىسىملىك بىر قىزنى مەجبۇرىي خانىشلىققا ئېلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۇنىڭغا بېرىلىپ كەتكەنىكەن. چۈنكى، ئۇ شاھ بولسىمۇ، ھېسسىياتلىق ئادەم ئەمەسمۇ؟ ئەمما بۇ خانىشنى چوڭ خانىش باشقا بىرىگە سوۋغا قىلىۋېتىپتۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ بويىدا بار ئىكەنمىش. شۇنىڭغا ئۆكۈنگەن شاھ ئەڭ ئامراق ئېتىغا ‹قالغان ئەۋلاد› دېگەن تامغا بېسىپ قويۇۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ بۇ قىلغىنى شاھلىقنى شۇ ئەۋلادىغا تەقدىم قىلماق بولغانلىقى ئىمىش. دېيىشىمۇ، موغۇللار ئەزەلدىن ھوقۇقىنى ئۆز نەسلىگە مىراس قىلىپ قالدۇرۇشقا سەل قارىغان

ئەمەس... »

«ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ ، ئەمدى بۇ ئارغىماقمۇ مەڭلىك ۋە تۇغلۇق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا ـ ھە... » دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن نەسەب دېدى :

— قارىغاندا بۇ ئىشنى خېلى ئۇبدان بىلىدىكەنسىز ـ دە ؟

— مەن دېگەن شۇلارنىڭ — موغۇللارنىڭ نەسلى .

ئۇلار پۇتۇنلەي ئارغىماقنىڭ گېپىنى قىلىپ دېگۇدەك يول يۈردى . ئات كەينىگە مىنگەشكەن نەسەب موغۇل تېۋىپىنىڭ ھەر خىل پاراڭلىرى بىلەن مەڭلىك بار جايغا كەلگەنلىكىنىمۇ بىلمەيلا قالدى .



# ئون ئۈچىنچى باب ئانىنىڭ ئازابى

## 1

يۈسۈپ تولىمۇ پاراكەندە ئىدى . ئۇ تۈنۈنىڭ شۇ قەدەر ئۇزاق بولىدىغانلىقىنى تۈنجى قېتىم ھېس قىلدى . يۈسۈپ ھېلىدىن - ھېلىغا قورۇق ئوت - چۆپلەرگە ئوت ياقاتتى ، تاش قىزىتىپ ، ئۇنى لاتىغا يۆگەپ ، مەڭلىكنىڭ ئوڭ بېقىنىغا باساتتى ، ئىسسىق ئۆتكەندە مەڭلىكنىڭ ۋايجانلىغان ئاۋازى پەسلەيتتى ، ئىسسىق سوۋۇغاندا مەڭلىكنىڭ ئوڭ بېقىنى تېخىمۇ ئاغرىپ ، ئۇنى ئازابلايتتى . مەڭلىكنىڭ ئازابىغا چىدىمىغان يۈسۈپ تاشنى يەنە قىزىتاتتى ، ئالماشتۇرۇپ باساتتى ، قوشۇمچە ئۇنىڭغا ئاز - ئازدىن چاي بېرەتتى ، پۈتۈن بىر تۈن ئۇنىڭ ئىشى شۇنداق داۋاملاشتى ، لېكىن ئانىنىڭ ئازابى ھېچ يېسىلىدىغاندەك قىلمايتتى . ئۇنىڭ ئىسسىق ئۆتكۈزگەن ئوڭ بېقىنى بارا - بارا ئىششىپ قالغاندەك كۆتۈرۈلۈپ بېرىۋاتاتتى . ئازابقا چىدىمىغان مەڭلىك يۈسۈپكە نەگە بارسا يېنىدا ئېلىپ يۈرىدىغان ساپال چىراغنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى ، ئاندىن ئۆزىمۇ قوزغىلىپ ئولتۇردى ۋە ئېگىنىشىپ چىراغ يورۇقىدا ئۆز بېقىنىغا قارىدى . يۈسۈپنىمۇ قاراشقا دالالەت قىلدى ۋە ھەر ئىككىيلەن توقاچ سوپۇندەك پولتايغان ئەتنى كۆردى ، ئەت قورساقتىن ئۆسۈپ چىققاندى ، ئۇ يەر بەئەينى قوي يىغلاڭغۇسىدەك پارقىراق ھەم نېپىز كۆرۈندى . يۈسۈپنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ قالدى . مەڭلىكمۇ ئۆزىدىن ئەنسىرەپ قالغانىدى . شۇڭا ، ئۇ لېۋىنى چىڭ چىشلەپ تۇرۇپ يۈسۈپكە دېدى :

— ئوغلۇم ، داداڭ تېۋىپ تاپالمىغان ئوخشىمامدۇ ؟ تۇغلۇق نەگە كەتتى ؟ مەن بولالمايدىغان ئوخشايمەن ، مۇبادا بۇ كۆپۈپ چىققان جاي

تېشىلىپ كەتسە مەن يوق ئوخشايمەن، ئوغلۇم! ئۇلار چاققان كەلسە بولاتتى...

يۇسۇپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ قولىدىن نېمە كەلسۇن شۇ تاپتا؟ تۇغلۇق تېخى يوق...

ئاپئاق قار، كۆپكۆك مۇزلار تېخى بۇ زېمىننىڭ تىك چوققا، يانپاش تاغ ئېتەكلىرى، قارىغايزارلىقلاردىن پۈتۈنلەي ئېرىپ تۈگىمىگەنىدى. شۇڭا، يالاڭ كىيىملىك يۇسۇپ سوغۇق ئازابىدىن جاغىلداپ تىترەپ چىقتى، خىلمۇخىل قورقۇنچلۇق ئاۋازلار ھېلىلا ئانا- بالىنى يالماپ يېۋېتىدىغاندەك ۋەھىمە پەيدا قىلاتتى. مەڭلىكنىڭ «ۋايجان» لىشى پات - پات ئاڭلىنىپ دالىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى. بىر كېچە ئەنە شۇنداق ئۆتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە تۇغلۇقنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكى مەڭلىك ئانىنى تېخىمۇ ئەندىشىگە سالاتتى، يۈرىكى ئۆرتىنەتتى. ئۇ «تۇغلۇق بۇ سوغۇق ۋە قورقۇنچلۇق كېچىدە قەيەرلەردە يۈرۈۋاتقاندۇ؟ بىرەر پېشكەللىككە ئۇچرىمىسىلا بولاتتىغۇ؟ قىيا تاشلار ئارىسىدا قالغانمىدۇ؟ يىرتقۇچلارغا دۇچ كەلگەنمىدۇ؟ قاراقچىغا ئۇچرىغانمىدۇ؟...» دېگەندەك خىلمۇخىل ئويلاردىن خالىي بولالمايۋاتاتتى. يۇسۇپ شۇ تاپتا ئاغرىق ئانىسىغا، ئاتىسى كەلسە ئۇنىڭغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي تىت - تىت بولاتتى. لېكىن، بۇ يەردىن ئايرىلىپ ئۇنى ئىزدەش ئامالى يوق ئىدى. چۈنكى، ئانا بارغانسېرى قىيىنىلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ھالى پەسىيىشكە، ھالسىزلىنىشقا باشلىغانىدى. تاڭمۇ ئاتتى، باھار ئەتىگەنلىكى باشلاندى، يا تۇغلۇق، يانا نەسەبتىن دېرەك يوق ئىدى، ئانا ئازابلانغانسېرى يۇسۇپنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ئېسەنگىرەپ قېلىۋاتاتتى، تەمتىرەپ يۈرۈپ، بىردەم سۇ، بىردەم ئىسسىق تاشنى ھازىرلايتتى، مەڭلىكنىڭ بېقىنىغا باساتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئامالىلىرى ھېچقانچە تەسىر قىلاي دېمەيتتى، ئانا بىردەم ئۆزىنى ئۇياقتا، بىردەم بۇياقتا ئۇراتتى، ئۇنى چىلىق - چىلىق قارا تەر باستى.

## 2

تېۋىپ بىلەن نەسەب ئەتىسى ئەسىر بولاي دېگەندە كەلدى. ئۇلارنىڭ كېلىشىگە ساقلاپ تۇرغاندەك، مەڭلىكنىڭ قورسىقىدىكى قوي يىغلاڭغۇسىدەك كۆرۈنگەن جاي يېرىلدى، ھەممە ئالاقزادە بولدى. مەڭلىكنىڭ بېقىنىدىن ئاق يىرىڭ ساقىپ چۇشۇشكە باشلىدى، تېۋىپنىڭ چېكە تومۇرلىرى كۆپتى، ماڭلىيى تەرلىدى. ئۇ مەڭلىكنىڭ بېقىنىنى بېسىپ يىرىڭنى ئېقىتىۋەتتى. تېۋىپ قولىدىكى قاچىنى بىرنەچچە قېتىم يۆتكىدى...

— توۋا، — دەيتتى تېۋىپ، — بۇ ئاجىزەنىڭ ئىچ - قارنى قانيىرىڭغا توشقان ئىكەنغۇ؟! ھېلىمۇ چىداپتۇ، ئەمدى يارىنىڭ ئېغىزىنى ئېتىش بىر گەپ. قېنى، بۇ مېنىڭ قولۇم ئەمەس، لوقمان تېۋىپنىڭ قولى، تېۋىپ — ھەممىگە جان ئاتا قىلغۇچى. شۇڭا، ئۇنى سەۋەب ئالىمى دەيدۇ. تېۋىپتا پەقەت ئادەم قۇتقۇزۇش پەزىلىتى بار. ئۇ، دىن ئايرىمايدۇ، تەبىقە ئايرىمايدۇ، قەبىلىۋازلىق قىلمايدۇ، شۇڭا لوقمان ھېكىمنى بىزمۇ ھۆرمەت قىلىمىز، بىزمۇ ئۇنىڭ يولىنى تۇتىمىز. مانا شۇ تاپتا ئۇ ماڭا بىلىم بېرىۋاتىدۇ، بۇ ئاجىزەنى قۇتقۇزۇش يولىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ، قۇرۇق لاتا تېپىڭلار، قازاننى تېز قايىنىتىڭلار، تۇز ھازىرلاڭلار، تار يىپ ئۆززۆمدە بار، ئۇنى شۇنىڭدا تىكىمىز، تۇز بىلەن تېرىنى تازىلايمىز، قورقماڭلار، ئەمما تېز بولۇڭلار، جاراھەتكە سوغۇق ئۆتۈپ كەتسە بولمايدۇ...!

باياتىندىن بېرى قېتىپلا تۇرۇپ قالغان نەسەب بىلەن يۇسۇپ تېۋىپنىڭ سۆزى بىلەن قايتا ھەرىكەتلەندى، ئۇنىڭ ھەربىر كۆرسەتمىلىرىنى شۇئان ئورۇندىدى، مەڭلىكنىڭ ئاۋازى پەسەيدى، ئۇ ھالىدىن كەتكەندەك ئىدى، تېۋىپ مەڭلىكنىڭ يىرىڭ ئېقىپ بولغان يېرىگە لاتا كەپلىگەندى.

سوغۇق بولۇۋاتقىنىغا قارىماي، تېۋىپنىڭ ماڭلايلىرىدىن تەر قۇيۇلۇۋاتاتتى، ئۇچىسىدىكى ئاق كۆڭلىكىمۇ چىلىق - چىلىق ھۆل

بولۇپ كەتكەنىدى . ئۇ ، يىڭنىگە ئىنچىكە يىپنى ئۆتكۈزدى ، بىر چىنە تۇز ئۈستىگە سۇنى ئىلەشتۈردى ، ئۇنىمۇ يىپنىغا قويدى ، قولىنى قايتىدىن يۇدى ، ئاندىن تۇز بىلەن زىدە ئېغىزىنى يۇدى ، ئۆلۈش ئالدىدىكى قۇشقاچ ئاغزىدەك ئېچىلىپ تۇرغان جاراھەت ئېغىزىنى تازىلىدى ، ئاندىن مەڭلىككە ئازراق غىزا بېرىشنى بۇيرۇدى ، نەسەب ئۇنىڭغا ئۆز قولى بىلەن قوشۇقتا ئاز - ئازدىن ئېلىپ ئاتىلا ئىچۈردى .

— ئۇزۇقلۇق يېتەرلىك بولدى ، ئۇ ئەمدى بەرداشلىق بېرەلەيدۇ ، — دېدى تېۋىپ شاكىراپلانغان سۇ بىلەن يېرىلغان تېرە ئەتراپىنى قايتا يۇيۇۋېتىپ ، ئاندىن مەڭلىكنىڭ بېشىنى تۇتقان نەسەبكە ھەم ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى يۇسۇپكە دېدى :

— دىققەت قىلىڭلار ، ئۇنىڭ تېنى مىدىرلاپ كەتسە بولمايدۇ !

تېۋىپ جاراھەت ئەتراپىنى تارتىپ پۇرۇشكە باشلىدى ، ئاندىن پۇرۇلگەن تېرىنى تىكىشكە باشلىدى . مەڭلىكنىڭ ئاۋازى قايتىدىن دالىنى بىر ئالدى ، مەڭلىك ھەرىكەتلىنىش ئۈچۈن جان - جەھلى بىلەن تىركىشەتتى ، لېكىن نەسەب يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇراتتى :

— ئاھ ، جېنىم ، سەن ھايات — مەن ھايات ، چىدا ، چىداشلىق بەر !

يۇسۇپمۇ يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇراتتى :

— جېنىم ئانا ، چىداڭ ، سىز — بىزنىڭ شام چىرىغىمىز . چىداشلىق بېرىڭ !

ئۇلار قايتا - قايتىلاپ يالۋۇراتتى ، تېۋىپ بولسا تەرلەپ - پىشىپ جاراھەتنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن تىكىۋاتاتتى . نىھايەت مەڭلىكنىڭ قورساق تېرىسى تىكىلىپ ، تۇز سۈيى بىلەن يۇيۇلۇپمۇ بولدى ، ھالىدىن كەتكەن مەڭلىك تىمتاس ھالدا ئۇيقۇغا كەتكەندەك بولدى ، تېۋىپ باشقىلارنى خاتىرجەم قىلىپ مۇنداق دېدى :

— پاتمانلاپ كىرگەن ئاغرىق مىسقاللاپ چىقىدۇ . ئۆزۈڭلارنىڭ لوقمان ھېكىم تېۋىپىڭلارغا ئىشەنچ باغلاڭلار . مەن شۇنىڭ ئۇسۇلى بويىچە داۋالاش ئېلىپ باردىم . بەك مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى . ئۇ

جەزمەن ساقىيىپ كېتىدۇ، خاتىرجەم بولۇڭلار!

تېۋىپنىڭ سۆزى نەسەبنى خاتىرجەم قىلدى. ئۇلارنىڭ چىرايىدا خۇشاللىق جىلۋىسى پەيدا بولدى.

تېۋىپ بۇ يەردە بىر كېچە تۇرۇپ، مەڭلىكنى كۆزىتىپ، ئۇنىڭ ساقىيىشىغا ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن، كەتمەكچى بولۇپ خوشلاشتى. ئاتا - بالا ئىككىيلەن مىننەتدارلىق ئىچىدە خېلى يەرگىچە كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ تېۋىپنى ئۇزىتىپ قويدى...



# ئون تۆتىنچى باب جاھانكەزدى دەرۋىشنىڭ بايانى

## 1

بۇ قەدىمىي يۇرت موڭغۇل قەبىلىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ قالغان بولۇپ، جۇڭغار ئويمانلىقىغا ھەرقايسى شەھەرلەردىن كېلىدىغان ماللار، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىدىغان سەييادلار يىلسىرى كۆپەيگەنىدى. كېيىنكى يىللاردا چىڭگىزخان موڭغۇل ئىمپېرىيىسى-نىڭ تەسىر كۈچى تارىم ۋادىسىنىڭ ئەتراپىغا كېڭەيدى. بۇ چاغدا جۇڭغار ئويمانلىقى چىڭگىزخاننىڭ ئەڭ مۇھىم شەھىرى — قورغانى بولدى. ئۇ ئاسىيادىكى چوڭ ئىمپېرىيە خاقانى مۇھەممەت خارەزىم شاھقا ھۇجۇم قىلىشتا جۇڭغار ئويمانلىقىغا ئەسكەر توپلاپ ھۇجۇم باشلىماق بولغانىدى. چۈنكى، خارەزىم شاھ ئاسىيانىڭ قالغان زېمى-نىدا قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلىنىپ، ئورۇن جەھەتتە پۈتكۈل ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيا، ئىران ئېگىزلىكى ۋە رۇم دىيارىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرماقتا ئىدى. شۇڭا، تارىمغا يېتىپ كەلگەن چىڭگىزخان قوشۇنى ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىشتا شىمال تەرەپنى بۆسۇش ئېغىزى قىلىپ، جۇڭغار ئويمانلىقىنى مەركەز قىلدى. بۇ ئورۇندىن تۈنجى قېتىم ئوتتۇرا ئاسىياغا بۆسۈپ كىرىشنى پىلانلىغانىدى. ئەمەلىيەتتە-مۇ چىڭگىزخاننىڭ خارەزىم ئىمپېرىيىسىگە ئاتقان تۇنجى ھۇجۇم ئوقى ئەنە شۇ زېمىننى ئىستېلا قىلىش بىلەن باشلانغانىدى. بۇ ۋاقىت 1218-يىلىغا توغرا كېلەتتى. شۇ يىلى چىڭگىزخان ۋەزىرلەر يىغىنى چاقىردى، خارەزىم ئىمپېرىيىسىگە قوشۇن تارتىش قارارىنى چىقار-دى. كېيىنكى يىلىنىڭ بېشىدىلا 200 مىڭ كىشىلىك موڭغۇل

قوشۇنى چىڭگىزخاننىڭ بىۋاسىتە قوماندانلىقىدا ئورخۇن دەرياسى بويىدىن سەپەرگە ئاتلاندى . قاڭقاي تېغىنى بويلاپ غەربكە يۈرۈش قىلدى ، ئالتاي تېغىدىن ئۆتتى . شۇ يىلى يازدا ئېرتىش دەرياسى بويىغا كەلدى . بۇ يەردە چىڭگىزخان شىجۇ (غەربىي دىيار ) ئۇيغۇرلىرىنىڭ سەردارى بارچۇق ئارت تىكىن بىلەن كۆرۈشتى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىغا ئورۇنلاشتى .

ئاردىن بىرنەچچە ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن ، شاھلىق تەختىگە ئېسەن بۇقا — چىڭگىزخاننىڭ 6- ئەۋلادى چىقىپ قالدى . دەسلەپكى يىللىرى ئۇ كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشلىرىنى بەك كۆپ ئېلىپ باردى ، موغۇلىستاننىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىكىنى خېلى يۇقىرى كۆتۈردى . بىراق ، كېيىنچە ئۇ توغرۇلۇق ھەرخىل مىش - مىش پاراڭلار كۆپىيىپ ، يۇرتنى بىر خىل ئەنسىزلىك قاپلاپلا تۇرىدىغان بولۇپ قالدى .

— بەلكىم ئېسەن بۇقىنىڭ ئوردىسىدىكى ئىشلارنى ، ئېسەن بۇقىنىڭ ئەھۋالىنى ھېلىقى جاھانكەزدى دەرۋىش بىلىشى مۇمكىن . ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ، ئۇ ئوردىغا كىرىپ ئېسەن بۇقىنى كۆرۈپتۇ . ھېچكىمگە گەپ - سۆز قىلمىغان ئېسەن بۇقا ئۇنىڭغا چىراي ئېچىپتۇ . بەئەينى كونا سەپەرداشلاردەك كۆرگەن - بىلگەنلىرى توغرىسىدا تولۇق بىر كۈن سۆزلىشىپتۇ . شۇڭا دەيمەن ، جاھانكەزدى دەرۋىش بىلەن پاراڭلىشىپ كۆرگەن بولساق بۇ سىر ئېچىلاتتى ،— دېدى شۇنداق ۋەھىمىدىن ئەنسىرەپ يۈرۈۋاتقان سوغدى بەگ ھۇزۇرىدىكى بىر قېتىملىق يىغىلىشتا بىر مويسىپىت .

— ئۇنداق بولسا ، جاھانكەزدى دەرۋىشنى ئىزدەيلى !— دېدى سوغدى بەگ .

كۆپچىلىك شۇنداق قارارغا كەلدى . ھەممىنىڭ قەلبىدە جاھانكەزدى دەرۋىشنى ئىزدەش ئىستىكى تۇغۇلدى . چۈنكى ، ئوردىدا شامال چىقسا ، سىرتنى بوران باسىدۇ . ھەرقانداق ئىشنى ئالدىن بىلىپ ، ئۇنىڭ ئۇچۇن كۆڭۈلدە تەييارلىق قىلغاننىڭ زىيىنى يوق . ئۇلار ئاۋۇل - ئاۋۇللارغا ، يايلاق - يايلاقلارغا ئات چېپىپ يۈرۈپ كېتىشتى . تۆت پەسلى ئېنىق بۇ ۋادىنىڭ ھەر پەسلىدە ئۆزىگە خاس

ئويۇن - تاماشىسى بولاتتى، بولۇپمۇ قارلۇقلار ئويۇن - تاماشىغا ئامراق ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ياشاۋاتقان بۇ زېمىن تۇپرىقى مۇنبەت، ئاجايىپ گۈزەل جاي ئىدى، ئەتراپى تۈزلەڭ كەتكەن ياپيېشىل يايلاق ئىدى. ئۇنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىدە ئاق بۇلۇتتەك ئاق كىگىز ئۆيلەر، راۋاقلار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى؛ يايلاقنىڭ ئىككى قاسنىقى ئېگىز، تىك تاغ چوققىلىرى ئىدى. ئۇ يەرلەردە بىر - بىرى بىلەن بوي تالاشقاندەك كۆككە تاقاشقان زىچ قارىغايزارلىقلار كۆرۈنەتتى، هاياتلىق سادالىرى بۇ ماكاندا توختىماي ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قىشنىڭ كۈنى دەسلەپكى قار ياغقاندا باشلانغان قارلىق ئويۇنى راۋاق، كىگىز ئۆيلەردە نۆۋەت بىلەن باشلىنىپ كېتەتتى.

مانا بۈگۈنمۇ قار لەپىلدەپ يېغىۋاتاتتى. پاختىكىتەك چۈشكەن قار بىردەمدە قىشلاق يايلىقىنى كۆمۈۋەتتى. بۇ هال يىللاردىن بېرى ئانچە كۆپ ئۇچرىمىغانىدى. قار مال - ۋاران ئوتلايدىغان ئوتلاقلارنى پۈتۈنلەي چۈمكىۋەتكەنىدى. بۇ، قىشلاقتىكى چوڭ ئاپەت هېسابلىناتتى. بورۇن بۇنداق چۈشكەن قار ئۇچقۇنلىرىنى «ئالتۇن كۇرەك» دەپ ئاتىلىدىغان، توختىماي چىقىدىغان شامال ئۇچۇرۇۋېتەتتى. بۇ نۆۋەت چۈشكەن قارغا «ئالتۇن كۇرەك» شامىلىنىڭمۇ كۈچى يەتمەيدۇ. جاهانكەزدى دەرۋىشنى ئىزدىگۈچىلەر بۇ قاردا دەم ئالماستىن بەزىدە قارلىق ئويۇنى بولغان ئۆيلەرگە چۈشۈپ ئويۇن - تاماشىسىغا داخىل بولاتتى. كۈن ئېچىلسا يەنە ئىزدەشنى داۋاملاشتۇراتتى، يېزا - قىشلاقلارنى ئارىلايتتى.

ئاخىر ئۇلار دەرۋىشنى — بوز ئاتلىق بوۋاينى ئوتتۇرىغا ئېلىپ يېتىپ كېلىشتى. ئۇزۇنغىنە قارا جۇۋا كىيگەن، بېشىدا سېرىق تۇلكە تۇماق، تۇماقنىڭ قۇيرۇقى ئارقا تەرەپكە ساڭگىلىغان، قارا بەستلىك ئادەم — جاهانكەزدى دەرۋىش ئات ئۈستىدە ئولتۇراتتى. ئۇ، شاش ئاق بوز ئاتنىڭ تىزگىنىنى قەدەمدە بىر تارتىپ سىلكىپ قوياتتى، ئات يۇلقۇنغانچە ئالدىغا ئۆتۈشكە هەرىكەت قىلاتتى. ئۇلار مەنزىلگە يېتىپ كەلدى. تەييارلانغان ئۆيلەرنىڭ بىرىگە ئۇنى باشلاپ ئېلىپ كىردى. هەممەيلەن ئالدى بىلەن ئاررا قىتىن غىزالاندى،

ئارقىدىن جاھانكەزدى دەرۋىش شەرىپىگە زىياپەت بېرىلدى. داستىخاندا يېمەك - ئىچمەك شۆنچىلىك مول ئىدى، غىزا يېيىلىپ بولدى. جاھانكەزدى دەرۋىش غىزادىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈردى:

— كۆرگىنىمدىن كۆپتۈر كۆرمىگىنىمىز، كۆرمىگەننى كۆرسەن ئۆلمىگىنىمىز. كۆرگەنلەرگە قارىغاندا زېمىندا ئۆزگىرىش بوپتۇ. خان جەمەتلىرى ئەسلىدىكى جەمەت يولىدا ماڭماپتۇ. ئۇلار ئەلگە مۇسىبەت، غەم - قايغۇنى يۇكلەپ، ئۆز ئارزۇسى يولىدا ئات سابپتۇ. يىراق يۇرتلاردىن چىققان شامال زېمىنغا بالايىئاپەت كەلتۈرۈپتۇ. شۇڭا، غەزەپتىن دەريالار كۆۋەجەپ، دېڭىزلار تېشىپتۇ، قارا بۇلۇتلار كۆپىيىپ، قار - يامغۇر ئەدەپتۇ. ئەسلىدە ئالدى بىلەن ئوردا مۇئەككەللىرى نىيەت - ئىقباللىرىنى رۇسلىسا بولاتتى. ئەل جاپادىن قاچمىغاي، كېيىن كېلىدىغان ھالاكەتنى ئويلىغاي! ئامىن... !

دەرۋىش كېيىن باشقىلارنىڭ تەكلىپى بىلەن بۇ ھەقتە ھېكايە باشلىدى...

**2**

مەلۇم بىر يىلنىڭ باھار پەسلى ئىدى. قەدىمىي ئوت شەھىرىنى ئىستېلا قىلىش مەقسىتىدە چىڭگىزخاننىڭ ئالتىنچى ئەۋلادى ئېسەن بۇقا تۇيۇقسىز يامان بىر ئاقىۋەتكە دۇچ كەلدى. ئۇ ئۆزىگە تەۋە زېمىندا زور قىزغىنچىلىقلارنى ئېلىپ بارغانىدى. ئىنسان قېلىپىدىن چىققان زۇلۇم - زۇلمەت ئۇنىڭ قانلىق قىلىچى ئاستىدا ئىنسانلارغا بالا - قازا ياغدۇردى، قان - ياشلار ھەممە يەردە دەريا بولۇپ ئاقتى، يىغا - زار پەلەكنى بىر ئالدى. ئۇ ئەنە شۇنداق ۋەھشىيلىكلەرنى سادىر قىلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەڭلىك قىزنىڭ گۈزەللىكىگە مەپتۇن بولغان ئېسەن بۇقا ئۇنى ئۆز ھۇجرىسىغا ئېلىپ مېڭىشنى بۇيرۇغانىدى. لەشكەرلەر قىپقىزىل قان ئىچىدىن قانغا بويالغان ساھىبجامالنى مەجبۇرىي سۆرەپ ماڭدى، ئۇ قارشىلىق قىلىۋىدى، بىرنەچچەيلەن بىرلىكتە قول - پۇتلىرىنى باغلاپ، لەشكەر بېشى ئات

ئالدىغا ئېلىۋالدى . قىز شۇنداق قىلىپ شۇ دەقىقىدە ئۆز زېمىن ـ قورۇسى ، قانغا بويالغان قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدى . ئۇنىڭ نالىسى ، كۆز يېشى ئېسەن بۇقىغا ھېچقانچە تەسىر قىلمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى . ئۇ ئوردا سارىيىغا يۆتكەپ كېلىنگەن بۇ قىزنى خانىشلىققا قوبۇل قىلغانلىقىنى جاكارلىدى...

ھاياتتا كۆرمىگەن ئىشلار يۈز بېرىدۇ ، ئادەملەر ئۆتىدۇ . شاھلار-مۇ ، گادايلارمۇ ، زالىملارمۇ ، ئالىملارمۇ ، ئاپەتلىك ئىشلارمۇ ، كۆ-ڭۈللۈك ئىشلارمۇ بىللە مەۋجۇت بولىدۇ . لېكىن ، گۈزەللىك ھامان گۈزەللىكنى نامايان قىلىدۇ . گۈزەللىك گۈزەللىكى بىلەن دۇنيانى گۈزەللەشتۈرىدۇ ، ئادەمدە زوق ـ شوخ قوزغايدۇ ؛ ئادەملەرمۇ گۈزەل-لىككە ئىنتىلىدۇ ، ئۇنى خالايدۇ ، سۆيىدۇ ، ئۇنىڭ ئوت ـ پىراقىدا كۆيىدۇ ، ئۇنىڭ شەيداسىغا ئايلىنىدۇ . بۇ ئىنسانلار ئۈچۈن ئورتاق ھېس ـ تۇيغۇ ھېسابلىنىدۇ . شۇنداق بولغاچقا ، ئېسەن بۇقا ھەرقانچە ھاقارەتلىك سۆزلەرنى ئاڭلىسىمۇ ، ئۇ قىزنىڭ جېنىنى ئالمىغان ، ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ ھۇجرىسىغا ئېلىپ كەلگەنىدى . ئەمما ، ئۇ كۆزىدىن غايىب بولدى ، ئۆزگە جايغا كەتتى...

قارامتۇل ، قوپال ئۇستىخان ، پاكار بويلۇق كەلگەن ، تېخى 50 ياشقىمۇ كىرمىگەن ئېسەن بۇقا ئۆمرىدە قىز يوقالغان كەچلىكى تۇنجى قېتىم قاتتىق ئازابلاندى . شۇ كېچىسى ئۇنىڭ ھۇجرىسىدىن «ئاھ ، ئاھ... » دېگەن نادامەتلىك سادالار ، ئۇھسىنىشلار ئۈزۈلمەي چىقتى . ئېسەن بۇقىنىڭ خانىشلىرى بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى كىرىپ ئۇ-نىڭدىن قورقۇپ تۇرۇپ يوقلايتتى ، ھەتتا سانغۇنلارمۇ ئەنسىرەپ ئار-قىمۇئارقا ئېسەن بۇقىنىڭ يېنىغا كىرىپ تۇراتتى ، ئەمما ئۇنىڭدىن ھەممىيلەن ئوخشاشلا دەشنەم يەپ قايتىشاتتى . مانا شۇ كەچلىكى ئېسەن بۇقا ئۆز ھۇجرىسىدا ئۆزىنى بىر ئۇياققا ئۇرۇپ ، بىر بۇياققا ئۇرۇپ ، ئۆكۈزدەك ھۆركىرەپلا چىقتى . بۇ ھال پۈتكۈل ئوردا ، لەشكەر سارايلىرىنى ۋەھىمىگە سېلىۋەتتى ھەم بۇ تۇيۇقسىز ھالەتتىن ھەممە ھاڭ ـ تاڭ قالدى .

تېخى تاڭ سۈزۈلمىگەنىدى . ئۇ ئۆز ھۇجرىسىدا پۈتكۈل سانغۇن-

لارنى ھازىر قىلدى . ئۇلار شۇنداق ھەيۋەت بىلەن تەق تۇرۇشاتتى ، ئۇلار رەڭگىرويى ، پۈتكۈل تەقى - تۇرقى كۆمۈردەك قارا كۆرۈنگەن ئۆز شاھى — ئېسەن بۇقىنىڭ بۇ ھالىتىدىن بىر تۇرۇپ قورقۇشاتتى ، بىر تۇرۇپ ھەيران بولۇشاتتى . چۈنكى ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق يىل جەڭدە بىللە بولغان بۇ لەشكەر باشلىقلىرى ھەرقانداق ياۋۇز ، قىيىن جەڭدە ئۇنى بۇ ھالەتتە زادىلا كۆرمىگەنىدى . ئېسەن بۇقا ئۆز ئەۋلادى بولغان شاھلاردەك ياۋۇز ، كەسكىن ، باتۇر ئىدى . بۈگۈن ئۇنىڭدا شۇنداق ياۋۇزلۇق ، تېخىمۇ قورقۇنچلۇق ھالەت پەيدا بولدى . ئىشارەت بىلەن ئىش باشقۇرىدىغان شاھ ئېسەن بۇقا ئۇلارغا توختىماي ۋارقىرايتتى ، جارقىرايتتى . بۇ ۋارقىراشنىڭ مەنىسى «قۇۋ- قۇۋ»چىلار ھەرىكىتى ، قىزنى قوغلاش بۇيرۇقى ئىدى . ئۇ ئاخىر پۈتكۈل لەشكەر باشلىقلىرىنى ئۆز ھۇجرىسىدىن ئارقىمۇئارقا قول ئىشارىسى بىلەن ھەيدەپ چىقىرىۋەتكەنىدى . مانا ، ئېسەن بۇقىنىڭ ئەتراپىدا قالغان نۆكەرلەر ، خانىشلار ، مۇلازىملار تىرىپىرەن بولۇشتى ، ھەتتا ئۇنىڭ ھالىدىن ئەنسىرەپ چاقىرىپ كېلىنگەن تېۋىپلارمۇ ھېچقانداق چارە-تەدبىر قىلالمىدى ، شاھ ئۇلارنىمۇ ئۆز ھۇجرىسىدىن قوغلىۋەتكەنىدى .

كېيىنكى كۈنلەردە ئېسەن بۇقا ئۆز ھۇجرىسىدىن چىقمايدىغان بولۇۋالدى . ئۇ پەقەت بىرلا سۆزنى تەكرارلايتتى . ئۇ بولسىمۇ «ئۇنىڭدىن خەۋەر بارمۇ؟» ئېسەن بۇقا تۇرۇپلا قوللىرىنى سۆيەتتى ، ئۇزۇن قارا چاپانلىرىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشەتتى ، ئارقىدىن ئاق كۆڭلەك پەشلىرىنى سۆيەتتى ، يەنە تۇرۇپلا ئۆز ھۇجرىسىدىكى ئىشىك بوسۇغۇسىدىن تارتىپ ، ھۇجرىغا قويۇلغان كارىۋاتقىچە بولغان يەرلەرنى ئىككى ئالىقىنى بىلەن سىيلايتتى ، ئارقىدىن قول ئالىقانلىرىنى سۆيەتتى . ئېسەن بۇقا يەنە يېنىدىن تاۋاردىن تىكىلگەن گۈللۈك خەيدىن بىر پارىنى ئېلىپ ، ئۇنىڭ ھەممە يېرىگە مەڭزىنى يېقىپ چىقاتتى ، ھەتتا كارىۋاتقا سېلىنغان ئۇزۇن كۆرپىلەرنى پۇرايتتى . ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان خانىشلار ، نۆكەرلەر ھەيران قېلىشاتتى ، بارا - بارا ئۇلار بۇ ئىشنى چۈشەندى . چۈنكى ،

ئىسەن بۇقاخان يەنە ۋارقىراپ ، مۇلازىم ، خانىشلارغا قىزنىڭ دەسلەپ-كى قان كىيىمىنى تېپىشنى بۇيرۇيتتى . لېكىن ، قىزنىڭ ئۇ چاغدى-كى كىيىملىرى يوق ئىدى . ئامالسىز قالغان نۆكەرلەر قانغا بويالغان باشقا كىيىمنى ئېلىپ كەلگەنىدى . ئۇنى خانىشلار ئۇنىڭغا ئېلىپ كىرگەندە ئۇ خۇشال كۈلۈپ ، كىيىملەرنى بۇرنىغا ئەكېلىپ پۇرايت-تى ، تەنلىرىگە سۈركەيتتى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىسەن بۇقاخاننىڭ روھىي ھالىتى ھەممەيلەنگە چۈشىنىشلىك بولۇپ قالغانىدى .

مانا شۇنداق قىسمەتلەر ئىچىدە ئارىدىن يىللار ئۆتتى . ئىسەن بۇقا ئوت شەھىرىگە قەدەم باسمىدى . ئەمما ، باشقا يۇرت - ئەللەر ئۇنىڭدىن ئەنسىرەشمەكتە ئىدى . چۈنكى ، ئۇ ئاۋۋال يوقاپ كېتىپ ، ئارقىدى ھۇجۇم باشلايتتى . ئەمما ، شۇنىڭدىن كېيىن ئىسەن بۇقا قىرغىنچىلىق خاراكتېرىنى ئالغان ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بارمىدى . ئەكسىچە ، ئۇ بىر خىل رەھىمدىل ، ئادالەتپەرۋەر شاھقا ئايلىنىپ قالدى . ئۇ «مەن قول ئاستىمدىكى ئەمىرىم بولغان شىراۋۇل دۇختە-ۋىننىڭ قولىدىن مەڭلىكنى چوقۇم قايتۇرۇپ ئەكېلىمەن» دەپ ئويلى-غانىدى . ئەمما ، ئىسەن بۇقىنىڭ لەشكەرلىرى مەڭلىك سوۋغا قىلىن-غان جايدىنمۇ قۇرۇق قول قايتىپ كەلدى . چۈنكى ، ئۇلارمۇ مەڭلىك-نى قاچۇرۇپ قويۇپ ، ئۇنى ئىزدەش بىلەن ئاۋارە ئىدى...

ئىسەن بۇقىنىڭ بىرىنچى خانىشى بەخىرامان يۇرەتتى . ئۇ ھامى-نى ئىسەن بۇقىنى پەيلىدىن ياندۇ ، دەپ قارايتتى . بىراق ، ئۇ خاتالاشقانىدى . ئىسەن بۇقا تاكى ئون يىلدىن ئاشقۇچە مەڭلىكنى ئىزدەش نىيىتىدىن ۋاز كەچمىدى . بۇ جەرياندا چوڭ خانىشمۇ قورساق كۆتۈرمىدى ، ئىسەن بۇقىمۇ باشقا خانىش ئالمىدى... ئەمما ، ئۇ بەزىدە ئۇردىدىن يالغۇز چىقىپ كېتىدىغان ، ئۆز پۇشتىنىڭ ، شۇ پۇشتىنىڭ ئانىسىنىڭ ھايات - ماماتى ھەققىدە كۆپ ئويلايدىغان بولۇپ قالغانى-دى . دېمەك ، ئىسەن بۇقا چوڭ خانىشتىنلا ئەمەس ، بۇ ھاياتتىن ، تەقدىردىنمۇ قاتتىق رەنجىگەنىدى...

تالاي قېتىم ئىسەن بۇقا ئىز - دېرەكسىز غايىب بولدى . مۇشۇن-داق چاغلاردا چوڭ خانىش ھازىر بولاتتى ۋە :

— ئىسەن بۇقا تېپىلغۇچە ، ئۈنىڭ كەمەر ، قىلىچ ، شاھى تونلىرى لەشكەر باشلىقى چاقۇغا مەنسۇپ بولىدۇ ، ئەگەر دۇشمەن قوشۇنى بېسىپ كەلسە ئالدىغا مەن ئىسەن بۇقا دەپ چىقىدۇ. ئەگەر بۇ ئەھۋاللار كىم تەرىپىدىن سىرتقا ئاشكارىلىنىپ قالسا ، ئۆزىلا ئەمەس ، يىراق - يېقىن بارلىق نەسلى قىرىلىدۇ !… دەپ جاكارلايتتى ، كېيىن يەنە ،— كىم ئۈنىڭ دېرىكىنى ئېلىپ كېلەلەيدىكەن ، خان ھۇزۇرىدا يۇقىرى ئۇنۋانغا ئېرىشىدۇ !— دەيتتى . بىراق ، ئىسەن بۇقىنى ھېچكىم تاپالمايتتى ، پەقەت ئۇ ئۆزىلا خۇددى ھۇجرىسىدا ئۇخلاپ چىققاندەكلا تۇيۇقسىز يەنە پەيدا بولۇپ قالاتتى…

جاھانكەزدى دەرۋىشنىڭ بايانلىرى ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنى بىر خىل ۋەھىمىگە سېلىپ قويدى . چۈنكى ، ھاكىمىيەتنىڭ پات - پات چوڭ خانىشنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قېلىشى ھەرگىزمۇ ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئەمەس ئىدى…

# ئون بەشىنچى باب سەرگەردان شاھ

## 1

دېگەندەك ، ئېسەن بۇقا كېيىنكى يىللاردا ئوردا ھۆجرىسىغا بېكىنىۋېلىپ ، ھېچكىمنى قوبۇل قىلمايدىغان دەرىجىگە يەتكەنىدى . ئۇنىڭ خانىشلىرى كىرىپمۇ كۆڭۈل ئالالماي قايتىشىدىغان ، يا لەشكەر باشلىقلىرىمۇ ئۇنىڭدىن تۇزۇكرەك پەرمان ئالالماي ، كۆڭۈلسىز قايتىشىدىغان بولۇپ قالغانىدى . غىزالىنىشقا توغرا كەلگەندە پەقەت سۇت ئېلىپ كىرىشىنىلا بۇيرۇيتتى . بۇ ھال ئوردا ئىچىدىكىلەرنى ، بولۇپمۇ خانىشلار بىلەن لەشكەر باشلىقلىرىنىمۇ ھەيران قالدۇراتتى . ئېسەن بۇقا كىچىكىدىنلا مەرگەن ، چەۋەنداز بولۇپ ئۆسكەنىدى . ئۇ تولاراق بۇ جەھەتلەردە ئۆز ئاكىسى تارماشىرىنىڭ تەلىمىنى ئالغانىدى . لېكىن ، ئېسەن بۇقا يەنە بىر تەرەپتىن قىزىق پاراڭ ، ھەزىل ، تارىخىي گەپلەرگىمۇ قىزىقاتتى . بۇنىڭدا تۈركان ئانا پارىڭىغا تولىمۇ ھېرىسمەن چوڭ بولغانىدى . ئۇ ئۆزىمۇ مەڭگىلىكتىن «ئانام تۈرك ، مەنمۇ تۈرك بولىمەن» دېگەن سۆزنى ئۆگىنىشكىمۇ ئۈلگۈرگەنىدى . «بىزنىڭ قوۋمىمىز تۈرك ، ئالىم ، خەتتات ، سانغۇنلىرىمىزمۇ تۈرك ، بىز ئۇلاردىن قالغان ئەۋلادىمىز ، شۇڭا يېزىقىمىز ،ئادەتلىرىمىز ،نەققاشلىرىمىز ،ئۆي بېزەشلىرىمىز ،ئۇستا ھۈنەرۋەنلىرىمىز تۈرك… » دېگەن سۆزلەرنىمۇ مەڭگىلىكتىن ئاڭلىغانىدى . ئەپسۇس ، ھازىر ئېسەن بۇقا پۈتۈنلەي تۈرك تىلىدا پاراڭلاشسىمۇ ، ئەمما مەڭگىلىك يوق…

ئېسەن بۇقا ئانچە ئۇزاق داۋاملاشمىغان مەڭگىلىك قىز بىلەن بولغان كۈنلىرىگە ھەۋەس قىلاتتى ، شۇ كۈنلەرنى قايتا ـ قايتا ئەس-

لەيتتى، ھەتتا تۈرك قىزى مەڭلىك تېپىلمىغانچە ئاچچىقلاپ، تۈركچە بېزەلگەن ئۆي، خەتلىك جايناماز قاتارلىق بۇيۇملارنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئېسەن بۇقا ئۆزىنىڭ بىرىنچى ئەۋلادىدىن بۈگۈنگە كەلگۈچە ئىستېلا قىلغان زېمىنلاردىكى كۈنلەرنىمۇ ئەسلەيتتى، ئىستېلا قىلغاندىن كېيىنكى زېمىننى نەسەب بويىچە قايتا قولدىن كەتكۈزمەسلىك توغرىسىدا ئويلىناتتى، ئۆز قوۋملىرىنىڭ كەڭ يايلاقنى ئىگىلەپ مال - چارۋىلارنى كۆپەيتىپ جان بېقىشىنى ئويلايتتى ۋە بەزىدە چوڭ سەلتەنەت ئىگىسى بولۇپ شاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇشتىن ئادەتتىكى پۇقرالار قاتارىدا ئاددىي ۋە خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭمۇ مەنىلىك بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالاتتى. چۈنكى، ئۇلار سۈت بىلەن تېرىقتا ئوزۇقلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھۈنەر - سەنئەت، بىناكارلىق مەركىزى بولغان، خىلمۇخىل ئالتۇن - كۈمۈش ۋە ئېسىل بۇيۇملاردىن ئەسۋاب ۋە زىبۇزىننەت ياساپ ھاياتىنىڭ لەززىتىنى سۈرۈۋاتقان قوۋملارمۇ بار ئىدى.

— ھەي، باتۇر، چەۋەنداز قوۋمىم، مېنىڭ نەسلىمدە چاتاق يوق. لېكىن، بۇ نەسلىمنىڭ پەقەت پور، يىلتىزى يوق تېرەككە ئوخشايدىغانلىقىنىمۇ ئەسكە ئالماي بولمايدۇ. بىز بۈگۈن چوڭ پادىشاھلىق، چوڭ سەلتەنەت قۇرىمىز، ئىستىقبالىمىزنى قولدا مەڭگۈ تۇتىمىز دەيدىكەنمىز، تاغدىن پەسكە چۈشۈشىمىز، مال - ۋاران بىلەنلا بولماي، ئاق نانغا، ئالتۇن - كۈمۈشكە، پۇل - دۇنياغا ئىگە بولۇشىمىز لازىم. شۇ چاغدا سەلتەنەت ئورنىدا تۇرالايدۇ. تاغ، ئورمان، ساپ ھاۋا — ئەسلىي ماكانىمىز. توغرا، ئۆزىمىز شۇ يەردە تۇرساقمۇ، پەستىكى پۈتكۈل ئوزۇق - تۈلۈكتىن تارتىپ ھەممە بايلىق بىزنىڭ قولىمىزدا، بىزنىڭ بۇيرۇقىمىزدا بولۇشى كېرەك. شۇڭا، بىزگە ھازىر تاغ ئەمەس، پەس لازىم...

ئېسەن بۇقا ئىلگىرى قانچە قېتىم تەكرارلىغان ئاشۇ سۆزلىرىنى ئەسلەيتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۆزىنىڭ تۈگىشىپ كەتكىنىگە ئۆزىمۇ ھەيران قالاتتى... شۇنداقتىمۇ ھەر كۈنى ئۆزىنىڭ مەخپىي بۇيرۇقى بىلەن ئوردىدىن «قۇۋ - قۇۋ» دەپ تۈۋلىشىپ ئات سىلىپ مەڭلىكنى

ئىزدەپ چىقىپ كەتكەن لەشكەرلەرنىڭ يولىغا قارايتتى . ئەگەر ئۇنى يوق ، تاپالمىدۇق دەپ ئۈمىدسىزلىنىپ كەلگۈچىلەر بولسا كاللىسىنى ئالاتتى . بۇ جەرياندا ئۇ «مەڭلىك خانىش مۇشۇ» دەپ باشقا بىرىنى تېپىپ كەلگەننىڭمۇ بېشىنى ئالدى...

* * *

ئېسەن بۇقا ئاخىر مەڭلىكنى ئىزدەپ كەتكەنلەردىن ئۈمىد ئۈزدى ، ئۇ ئۆزى ئىزدەپ باقماقچى بولدى . نېمىلا بولمىسۇن ، مەڭلىكنى دۇختەۋى شىراۋۇل قەبىلىسىنىڭ ئىچىدىن — ئۆز خانلىقىغا تەۋە مۇشۇ زېمىندىن تاپىمەن دېگەن ئىشەنچ ئۇنى ئاۋۇندۇرۇپ تۇراتتى . شۇڭا ، ئۇ بىر كېچىسى جەڭ ئېتىغا مىنىپ ، ئوردىدىن چىقىپ تاغقا ئەمەس ، كەڭرى تۇزلەڭلىككە ئات سېلىپ كەتتى . ئېسەن بۇقىنىڭ يېنىدا مەڭلىكنىڭ گۆللۈك ئايغىنىڭ بىر پېيىلا بار ئىدى .

سەھەردە بىرىنچى خانىشقا ئېسەن بۇقىنىڭ غايىب بولغانلىقى مەلۇم بولدى . ئۇ جىددىيلەشكەن هالدا پۈتكۈل دېھقانچىلىق رايونلىرىغا ئېسەن بۇقىنى تېپىش ئۈچۈن ئارقا - ئارقىدىن لەشكەرلەرنى ئاتلاندۇردى .

## 2

ئېسەن بۇقا ئۆز ئوردىسى جايلاشقان ئاقسۇ شەھىرىدىن ئايرىلغىلى نەق ئىككى يىل بولغانىدى . يەنە بىر باهار ئۇنى كۈتۈۋالدى . ئېسەن بۇقا پۈتكۈل ئەتراپ — ئاسمانمۇ ، يەر يۈزىمۇ ئاقلىق هۆسنىگە تولغان ، ئاپئاق پاختا ماكانى بولغان كوناشەهەرگە كېلىپ قالغانىدى . چۈنكى ، ئۇ ئالمالىققا بېرىپ ، مەڭلىكنىڭ دۇختەۋى شىراۋۇلنىڭ قولىدىنمۇ راستتىنلا قېچىپ كەتكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلغانىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ شاهلىقىنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ ، تېخىمۇ يىراقلارغا ئىلگىرىلەپ كەتكەنىدى . ئېسەن بۇقا كوناشەهەرگە كەلگەن

چاغدا ئۇنىڭ نامى ئېسەن بۇقا شاھ ئەمەس، «قارا تايغان دەرۋىش» كە ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ بۇرۇنقىدەك دۇپدۇمىلاق، سېمىز، قوپال ئۇستىخان ئەمەس ئىدى، بەلكى يۈزى قوشۇقتەك، ئۇستىۋېشى ئورۇقلۇقىدىن قاپقارا قارانچۇققا ئوخشاپ قالغان، چاچ - ساقاللىرى بەھەيۋەت ئۆسۈپ كەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇ باشقىلارنىڭ دىققىتىنى ئانچە تارتمايتتى. بۇ چاغلاردا ئېسەن بۇقا ياۋۇز تەبىئەتلىك ئەمەس، ئەكسىچە كۆڭلى يۇمشاق، مۇلايىم بولۇپ قالغانىدى، ھەتتا ئەسلىدە يولۋاستىن يانمايدىغان ئېسەن بۇقا ھازىر يولدا ئىتلارغا يولۇقۇپ قالسىمۇ تەمتىرەيدىغان، ئۇلارنى «چاغ» دەپ ۋارقىراشقىمۇ ئەيمىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، بەزى ئىتلار ئۇنىڭ پاچىقىنىمۇ چىشلىۋالغانىدى. ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئېسەن بۇقا بىر ئېگىزلىققا دۈچ كەلدى ۋە ئۆزىنىڭ ناھايىتى چارچاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، شۇ يەردىلا يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. ئەمما، ياتقان يېرىنىڭ چۈمۈلە ئۇۋىسى ئىكەنلىكىنى ئېسەن بۇقا ئويلىمىغانىدى. ئۇنىڭ كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا ئىلىنىۋىدى، توپ - توپ چۈمۈلىلەر ئېسەن بۇقىنىڭ پۇتكۇل ئۇستىۋېشىغا يوپۇرۇلۇپ چىقىشقا باشلىدى. ئۇ بەدىنىدە بىر نەرسىلەرنىڭ ئۆمىلەپ مېڭىۋاتقانلىقىدىن، بىرنەچچە يېرىنىڭ يىڭنە سانجىغاندەك ئاغرىغانلىقىدىن سەكرەپ ئورنىدىن تۇرغاندا پۇتكۇل ئۇستىۋېشىنى چۈمۈلىلەر قاپلاپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئاچچىقى تازا كەلدى. شۇنداقتىمۇ چۈمۈلىلەرنى ئۆلتۈرۈۋەتمەي، سەكرەپ يۈرۈپ دىگەندەك يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى، ئاندىن ئۇستىۋېشىنىمۇ ئاستا قېقىپ تۇرۇپ چۈمۈلىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە قارىدى:

«توۋا، مەن نېمانچىلا ياۋۇزلۇق قىلغان بولغىيدىم؟ ياۋۇزلۇق، قانخورلۇق، زورلۇق بىلەنلا ئادەم باشقۇرىمەن دەپتىكەنمەن. ماۋۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئۇششاق جانىۋارلار جېنىدا شۇنداق رەتلىك مېڭىۋاتىدۇ. ئۇلار نېمىدېگەن رەتلىك سەپ تۈزگەن. ئاۋۇ مېنىڭ ئالىقانلىرىمدا ئازار يېگەن چۈمۈلىلەر بىردەمدە باشقا چۈمۈلىلەرنىڭ سېپىگە قېتىلغانلىقىنى كۆرمەمدىغان... بۇنىڭدا زادى نېمە سىر باردۇ-ھە؟... قارىغاندا مەن ئۇچىغا چىققان ياۋۇز ئىكەنمەن. چۈنكى، مەن تالاي

ئادەملەرنى جەھەننەمگە يوللىغان ، تاسما قامچىلار بىلەن ساۋىدىغان
ئەمەسمىدىم ؟ ! قېنى ، ئەمدى مەنمۇ يالىڭاچلىنىپ بۇ جانىۋارلارنىڭ
ئالدىدا يېتىپ باقاي ، ئۇلار مېنى چېقىپ ئۆلتۈرەلەمدىكىن ؟ ئەگەر
ئۆلتۈرەلىسە مەيلى ، ناۋادا ئۆلتۈرەلمىسە ، بۇ ئۆزۈمنى جازالىغىنىم
بولۇپ قالار !...» ئۇ شۇنداق دەپلا كىيىملىرىنى سالدى ۋە باھار
ئاپتىپىدا قىپيالىڭاچ بولۇپ ياتتى . نېمە ئۈچۈندۇر ، بەدەنلىرى كۆ-
يۇك ئاپتاپتا قىزىرىپ تەر ئاقتى . لېكىن ، بۇ نۆۋەت ئەھۋال باشقىچە
بولدى ، بىرمۇ چۇمۇلە ئۇنىڭ بەدىنىگە ياماشمىدى ، ھەممىسى خۇددى
بۇ غايەت زور گەۋدىنى كۆرمىگەندەك ، بەخىرامان سەپ تارتىپ ئۆتۈپ
كېتىۋاتاتتى . ئېسەن بۇقا ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى كىيدى ۋە
بىر - بىرلەپ ئۇۋىسىغا كىرىپ كېتىۋاتقان چۇمۇلىلەرگە قاراپ خى-
يالغا پاتتى : «توۋا ، ئەجەب ئىش - ھە ؟ ئۇلار ماڭا قاراپمۇ قويماي
كېتىۋاتىدىغۇ ؟ شۇنچە كۆپ چۇمۇلە نېمىشقا مەندەك يالىڭاچ ياتقان
ئادەمنى چېقىپ يېۋەتمىدى ؟... راست ، ئۇلار ياخشىلىقنى بىلىدىكەن ،
ياخشىلىق ئۇلارغا تەسىر قىلىدىكەن . بايا ئۇلار ئارىسىدىكى قاتتىق
ئىنتىزامچانلىقنىڭ سەۋەبى ئۆز ئارىسىدىكى ياخشىلىقلاردىن ئىكەن
ئەمەسمۇ ؟ مەن قولۇمغا چۈشكەن چۇمۇلىلەرنى ئالقىنىمدا مىجىۋەت-
كەن ، يا بولمىسا دەسسىۋەتكەن بولسام ، ئۇلاردىن بۇنداق ۋاپادارلىق
كۆرمەيتتىم . ئەسلىدە ئادەم ئەمەس ، ھايۋانات ، چۇمۇلىلەرگىچە ياخ-
شىلىق بىلەن ياشايدىكەن ، توۋا قىلدىم...» .

ئېسەن بۇقا بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرىنى توۋا - ئىستىغپار ئوقۇپ
ئۆتكۈزۈش قارارىغا كەلدى . ئۇنىڭ شۇ كۈنلەردىكى قىياپىتى بەكمۇ
رەتسىز بولۇپ ، بېشى يالاڭۋاشتاق ، چاپانلىرىنىڭ ھەممىسىلا پۈتۈن-
لەي يىرتىلىپ ، ئالدى - كەينىدە ساڭگىلاپ تۇراتتى ، بەئەينى ياغاچقا
كىيدۈرۈلگەن يەلپۈگۈچتەك ئىدى . ئالدىغا بولسا بىر پارچە لاتا
تارتىلغان ، قالغان ئەزاسى پۈتۈنلەي قارا تۈك باسقان ھالدا يالىڭاچ
ھالەتكە كەلگەنىدى . ئېسەن بۇقىنى كۆرگەنلا ئىنسان ئۇنىڭدىن قاچات-
تى . شۇڭا ، كۆرگەنلا ئادەمنىڭ ئۇنى قارا تايغان دەپ قالغىنىمۇ
شۇنىڭدىن ئىدى . ئېسەن بۇقا كۆڭلىدە دائىم «مېنىڭ ئاق بوز

ئېتىمنى كۆرگەنلەر بارمۇ؟ ئۇنىڭ ئوڭ يانپېشىغا بېسىلغان ‹قالغان ئەۋلاد› دېگەن تامغا بار ئىدى. ئۇ مېنىڭ نەسلىمنىڭ — مەن ئەڭ ياقتۇرىدىغان مەڭلىك ئىسىملىك ئايالىمدىن بولغان پەرزەنتىمنىڭ سەدىقىسى ئىدى. ئۇنى كۆردۈڭلارمۇ؟ كۆرگەنلەر بارمۇ؟...» دەپ ۋارقىرىماقچى بولاتتىيۇ، يەنە ۋارقىرىيالمايتتى، پەقەت بۇ گەپنى ئۈنسىز پىچىرلايتتى.

ئېسەن بۇقا يەنىلا مېڭىۋاتاتتى. ئۇ تالاي قېتىم ئاچ قالدى، نۇرغۇن ئازاب - ئوقۇبەتلەرگىمۇ ئۇچرىدى. ئەمما، بۇ ئازاب - ئوقۇ- بەتلەر، كەمسىتىشلەر، خورلاشلار، سەرگەردانلىق، ماكانسىزلىقلار ئۇنىڭغا قىلچىمۇ تەسىر قىلمىدى، ھەتتا ئىتتىنمۇ بەتتەر كۈنلەرنى كۆردى. ئېسەن بۇقا بۇ جەرياندا ھاياتتىنمۇ تويدى، لېكىن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۆلۈۋېلىشقا بولمايتتى. چۈنكى، ئېسەن بۇقىنىڭ ئىككىلا ئارزۇسى ئۇنىڭغا مەدەت بېرەتتى. بىرى، ئايالىنى — تۈرك قىزى مەڭلىكنى كۆرۈش، يەنە بىرى، ئۆز ئېتىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاش ئىدى. ئەگەر ئۇ بۇ سەپىرىدە مەڭلىكنى كۆرەلمىسە... ئېسەن بۇقا بۇنىڭ ئاخىرىنى ئويلاشقا پېتىنالمايتتى، ئەمما يەنىلا ئۈمىدۋار ئىدى. ھەقىقەتەن ئىنساننى ئۈمىد ئۆلتۈرمەيدۇ. ئېسەن بۇقىمۇ ئۈمىدلە- نىپ، يەنىلا سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى.

## 3

«كىشىلەر ‹ئاللا كەچ قويسا قويىدۇ، ئاچ قويمايدۇ› دەيدىغان. بۈگۈن ئۇچرىغان يولۋاسنىڭ كۆپلۈكىدە ھېلىمۇ بۇ مەززىلىك تائاملارغا دۈچ كەلگىنىمنى دەيمۇ، قاچىمۇ ئۈزىدىن، ئاشنىڭ گۆشى- مۇ بار، ئۈستىگە ياپقان ئىككى توقاچ نېنىنى دېمەمدىغان؟ ياقا يۇرتلاردا يۇرۇۋاتقان چاغلىرىمدا بۇنداق مەززىلىك تائامنى مۇشۇنىڭ بىلەن ئون نەچچىنچى نۆۋەت كۆرۈشۈم، ھۇزۇرلىنىپ ئىچىشىم بول- دى. قىزىق! بىرىنچى نۆۋەت مۇشۇنداق قورساق ئاچقىنىدا تەييار ئاش يولۇققانىدى، ئۇنىڭ يېنىدا ھېچقانداق ئادەم كۆرۈنمەيتتى، ئۇ

تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى كۆۋرۈك تاختىيىغا قويۇلغانىكەن . ئۇنى ئوپۇل- توپۇل ئالدىم ، دالىغا ئاپىرىپ شۇنداق تېز ئىچىۋىدىم ، شۇ ئەسنادا بىرنەچچە ئۇششاق بالىلار ئاسماندىن چۈشكەندەك ئەتراپىمدا پەيدا بولدى . ئۇلار دەسلەپ كۈلۈشتى ، ئاندىن بىرسى : ‹ ئەمدى قورقما ، ئۇكاڭ ساقىيىپ پاقلاندەك چوڭىيىدىغان بولدى ، چۈنكى ئورۇق - ئەرۋاھلارغا ئاتىغان ئېشىڭنى نەق ئەرۋاھ شەيخىنىڭ ئۆزى ئىچتى . ئەرۋاھلىق ئۇنىڭغا ئۆتۈپ ، ئىنىڭدە ئەرۋاھلىقتىن ئەسەر قالمايدىغان بولدى› دېدى - دە ، قالغانلار بىلەن رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈشتى ۋە يەنە شۇنداق تېز كۆزدىن غايىب بولۇشقانىدى . شۇ چاغدىلا ئۇ ئاشنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئەرۋاھ ئېشى دېيىلىدىغانلى- قىنى بىلىۋالغانىدىم . بۇ نۆۋەتتىكىمۇ دەل شۇنداق ئەرۋاھ ئېشى ئىكەن . ئۇلار تائامغا شۇنداق ئۇستا خەلق . مەن ھەر قېتىم تازىمۇ ھارغىنلىق ھېس قىلغانلىرىمدا ، يا يوغان سۆگەت ، قېرى قارىياغاچ ياكى بولمىسا قېرى دوب سايىسىدا ئولتۇرسام ، ئۇنىڭ ھۆل - قۇرۇق شاخلىرىدا سانجاق - سانجاق باغلانغان ئۇزۇن - قىسقا ، رەڭگارەڭ رەختلەرنى ئۇچرىتاتتىم . سوغۇق كۆنلىرى ئۇنىڭ قېلىنلىرىنى ئې- لىپ بىر - بىرىگە چىگىپ چاتاتتىم . يېپىنچا ، ياكى كۆڭلەك ، يا ئىشتان قىلىۋالاتتىم . قاتتىق ئىسسىق كۈنلەردە بولسا نېپىز رەختلەردە ئۆ- زۈمنى بىر قۇرلا يۆگىۋالاتتىم . بۇ ئادەتلىرىم خېلىلا داۋاملاشقاندىن كېيىن ، بۇنىڭمۇ شۇ خەلقنىڭ ئادىتىلا ئەمەس ،دەل - دەرەخنىڭمۇ قىرلىرىدا سىر - نۇسرەت باردەك تونۇپ ، دەرەخلەرگە ئېسىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەدىيە ھېسابىدىكى خىسلەتلىك نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى بىلگەنتىم . بۇمۇ مېنىڭدە شۇ ساددا خەلقنىڭ ساددا قەلبىنىڭ ساددا ھېسسىياتىدىكى ياخشىلىقىدىن بېشارەت ئىكەنلىكىنى بىلدۇرگەنىدى . قىسقىسى ، كوناشەھەرنىڭ بىر كوچىسىغا كېچىسى تۈن قاراڭغۇسىدا كېلىپ قالغانتىم . ئاۋۋال ئۆزۈمگە قونالغۇ ئىزدىدىم . ئۇنىڭ ئارقى- سىدىن ئۆز مۇددىئايىمىزدىكى بىر ئورۇنغا بارماقچى بولۇپ ماڭغانى- تىم . لېكىن ، يولنى قاراڭغۇدا تولۇق بايقىيالمايۋاتاتتىم . قانداق قىلىش چارىسىنى ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ تاپالمىدىم . شۇ ئەسنادا

بىر ئەسكى تاملىق ئۆچرىدى ۋە تام ئۈستىدە بىرنەچچە يەردە يولتۇز-
دەك يانغان بىر يورۇق پەيدا بولۇپ قالدى . مەن دەسلەپ ئۆز كۆزۈمگە
ئىشەنمەي ، كۆزۈمنى قايتا - قايتا ئۇۋۇلىۋەتتىم . ئىلگىرىلەپ يەنە
بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ تامغا يېقىنلاشتىم . ئۇنىڭغا قارىغۇدەك بول-
سام ، يېڭىلا ئۇزۇن ياغاچقا پاختىنى يۆگەپ ، ئۇنى مايغا چىلاپ ئوت
ياققانىكەن . ئوت ئەمدىلا تۇتىشىپ كۆيۈۋاتقانىكەن ، ئۇنىڭ ھەممىسى-
نى تامدىن سۇغۇرۇپ ئالدىم . پەقەت بىرسىنى ياندۇردۇم ، ئۇ تۈگەپ
ئۆچكەندە يەنە بىرىنى ياندۇردۇم . شۇنداق قىلىپ بايىقى ئىزدىگەن
مەنزىلىمگە يەتتىم . يەنە بىرىنى ياندۇردۇم . ئۇنىڭ بىلەن ھېلىقى
يەرگە قارىۋىدىم ، راستتىنلا بايىقى يولدا〈قۇۋ- قۇۋ〉چىلارنى ھاقارەت-
لەپ قويۇپ ، ئۇلارنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلگەن بىرنەچچە جەسەتنى ئۇچ-
راتتىم . ئۇلارنىڭ ئاغزى ، بۇرنى ، قولاقلىرى قۇيۇلغان قوغۇشۇندەك
بىرنەرسە بىلەن بەتلىۋېتىلگەنىدى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەرمۇ بار ،
ئايالمۇ بار ، قىزمۇ بار ئىدى . ئۇلارنى كۆرۈپ قاتتىق ئېچىندىم .
〈قۇۋ - قۇۋ〉چىلارغا غەزىپىم ئاشتى . ھەقىقەتەن يولۇچىلار ئېيتقان-
دەك ، ئۇلار مەڭگۈلۈكنى ئىزدەشنى ئەمەس ،ئالتۇن - تىللا بۇلاش بىلەن
بولۇپ كېتىپتۇ . ئۇنى ئاز دەپ ، بۇلاپ بولۇنغانلارغا بايىقىدەك مال-
دۇنياغا توي دېگەندەك ئازار سالغانىكەن . بۇ تۇزنى يەپ ، تۇزلۇقنى
چاققانلىقنىڭ دەل ئۆزى ئەمەسمۇ ؟ ھەي ئەبلەخلەر ، بۇ قىلمىشلىرىڭ
بىلەن قانداقمۇ تىرىك يۈرۈۋاتقانسەن ؟〈 ئەل قىساسى مىنەلھەق 〉
دېگەندەك ، بۈگۈن شاھىڭغا بالايىئاپەت كەلسە ، ئەتىلا ئۆز بېشىڭلارغا
كېلىشىنى بىلىشمەمسەن ؟سەنلەرگىمۇ شۇنداق بالا- قازا كەلگۈسى .
قېنى ،قەيەرگە قېچىپ قۇتۇلارسەنكىن… »

ئىسەن بوقا ئۆز قوۋملىرىنىڭ بۇ نەپرەتلىك قىلمىشىغا قاتتىق
ئۆكۈنۈپ ، ئازابلىق خىياللارنى قىلاتتى . دېمىسىمۇ ، بۇ خىل زورا-
ۋانلىق ۋە ۋەھشىي قىلمىشلار ئۇنىڭغا يول - يولدا ئۇچراپ تۇراتتى .
ئۇ ، بۇ ئىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەپ ، توۋا - ئىستىغپار ئوقۇدى .
ئىسەن بوقا بىر كۈنى ياتقان يېرىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ ، قانداقتۇر
بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى . بۇ ئاۋاز بارغانسېرى ئۇلغىيىپ ، يىراقلارغا

قەدەر ئەكس سادا تارقىتاتتى . چۈنكى ، شۇ كۈنى بىر مۇدھىش ئىش يۈز بەرگەنىدى .

# ئون ئالتىنچى باب تەڭرىنىڭ جازاسى

## 1

يەنە بىر تاڭ ئاتتى . لېكىن ، ئېسەن بۇقا تاڭ ئاتقانىدەك ھېس قىلمىدى ، ھەتتا نوكچا يورۇقىدا كېچىنى كۆرگەندەكمۇ بولمىدى ، چۈنكى ، مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىر تالاي جەسەتلەر تۇراتتى . ئۇلارنىڭ ئاغزى - بۇرنى قوغۇشۇن بىلەن كەپشەرلەنگەنىدى . بۇ جەسەتلەر سايىنىڭ تېشىدەك بىرىنىڭ ئۈستىدە بىرى تۇراتتى . جەسەتلەرنىڭ ئىچىدە ئەر - ئايال ھەممىسى بار ئىدى . بەزى جەسەتلەر ئۈستىدە شىرداق ، يەنە بەزى جەسەت ئۈستىدە گىلەملەر ، كىگىزلەر يېيىقلىق تۇراتتى . بۇ ھال ئۇنى ئېچىندۇردى ، قايغۇ - ئەلەمگە چۆمدۇردى ، بىر خىل ئاچچىق ئازاب ئېسەن بۇقىنى بىھوشلاشتۇردى . ئۇ ئۆز - ئۆزىدىن ئاغرىندى ، كۆز ئالدىدا يەنە جەسەتلەرنىڭ سېيماسى كۆرۈنگەندەك بولدى . ئۇ ھەقتە باياتىنقى بوۋاي ئېيتقان سۆز - جۈملەلەر ئېسەن بۇقىنىڭ يۈرەكلىرىنى ئازاب دېڭىزىغا سۆرىمەكتە : «بۇ جەسەتلەر زالىم ، قانخور موغۇلىستان شاھى ئېسەن بۇقا تەرىپىدىن تۇرك دەپ ، دەپسەندە قىلىنغانلار بولۇپ ، گىلەم ، پالاس ، كىگىز جەسەتلەر ئۈستىگە سېلىنىپ ، ئۇنىڭ ئۈستىدە پادىشاھ لەشكەرلىرى سورۇن تۈزۈپ ئەيش - ئىشرەت قىلغان… !»

ئېسەن بۇقا ئازابلىنىپ ، دەھشەتلىك ئاۋازدا نەرە تارتتى :

— ئاھ ، تەڭرىم ، مېنى كەچۈرگىن ! مەن خاتا قىلدىم… مەن خاتا قىلدىم…

جەسەتلەرنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا قاپقارا تۇك باسقان ئېسەن بۇقا پۇتلىرى قىپقىزىل قانغا بويالغان ھالەتتە ۋارقىراۋاتاتتى . ئۇنىڭ

قولىدا بىر قىلىچ قانغا بويالغان ھالەتتە تۇراتتى ، ئېسەن بۇقىنىڭ كۆز ئالدىدا قارىياغاچ كۆتىكىدەك بىر پۇتىنىڭ كېسىلگەن باشمالتىقى يېڭىلا چانالغان ھالەتتە تۇراتتى .

— مەن جىنايەتكار شاھ ، مەن گۇناھكار ئېسەن بۇقا ، مېنى كەچۈرگەيسىلەر ، سىلەرنىڭ قوۋمىڭلارنىڭ بىگۇناھ ئۆلۈمى مېنىڭ ياۋۇزلۇقۇمدىن بولغان ، مەن ئۆلۈمگە مەھكۇم ! مېنى جازالاڭلار ! تەنلىرىمنى سىلەر چېپىۋېتىڭلار ، بۇردا - بۇردا قىلىۋېتىڭلار ! بۇ ئاشىق تېنىم تۇپراققا ئايلىنىپ كەتسۇن !

ئۇ ئەنە شۇنداق ئېچىنىشلىق نالە قىلغان پېتى ئەل ئارىسىدا پەيدا بولدى .

— بىز سېنى چۈشەندۇق ، گېپىڭگە قارىغاندا سەن بىر سەرگەردان ئىكەنسەن ، ئاشىقلىق سېنى مۇشۇنداق چېچىڭنى بەلگە چۈشۈرۈپ ، ئەقلىڭدىن ئازدۇرۇپ ، سېنى «مەن پادىشاھ» دېگۈزۈپ قەلەندەر قىلىپتۇ . شۇ يولدا ئاۋارە ئىكەنسەن ، بىز تۇركلەرنىڭ ئادىتىدە ئاشىقلارغا ئازار بېرىش چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدۇ . ساڭا شۇڭا ئازار بەرمەيمىز . چۈنكى ، سەن تۇرك ، كۇپپار ياكى موڭغۇل بول ، ھەممىمىزنى بىر ئاللا ياراتقان . ئاشىقلىق ئاللا ياراتقانلىكى بەندىلەردە بولىدۇ . ئۇ ھېچقاچان گادايغا ، شاھقا باقمايدۇ ، ئۇ ياۋۇزلۇق ، ئادىللىقىمۇ قارىمايدۇ ، يولنىڭ يىراقلىقى ، يېقىنلىقىغىمۇ قارىمايدۇ . نەيلى سەن كىم بولغىن ، مۇشۇ ھالىتىڭنىڭ ئۆزىلا ساڭا ئاللانىڭ بەرگەن جازاسى ، پەقەت ئاللالا ھەققانىي جازا بېرەلەيدۇ…

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئېسەن بۇقا يەنە ئالىتاغىل ۋارقىرىغان پېتى يىغلىغانلارنىڭ ئارىسىدىن ئاتقان ئوقتەك چىقىپ كۆزدىن غايىب بولدى……

## 2

سەرگەردانلىق ، ئاشىقلىق كوچىسىدا يۇرۇۋاتقان ئېسەن بۇقا بۇگۈن يەنە بىر ئەھمىيەتلىك يەرگە قەدەم باستى .

ئەزەلدىن نامى «ئىسسىق كۆل» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بۇ مېھرى ئىسسىق كۆل بويىدىكى ئاھالىلەرمۇ خېلىلا زىچ ئىدى. ئەلمىساقتىن بۇيان سودىگەر، ساياھەتچى، پۇلدارلار، بىمارلاردىن تارتىپ ھەممىسى يىلىغا بىر نۆۋەت بۇ كۆل بويىغا كېلىپ ھۇزۇرلىناتتى. چۈنكى، بۇ زېمىن ئۆزىمۇ شۇنداق مەنزىرىلىك، چەكسىز كەتكەن تۈپتۈز يېشىللىقزارلىق ئىدى. يىراقتىن تەڭرىتېغىنىڭ قاپتاللىرىدىكى قارىغايزارلىقلار مانا مەن دەپ كۆرۈنەتتى، ھۆسنى - جامالى بىلەن ھەرقانداق جانغا ھۇزۇر بېغىشلايتتى. ئىسسىق كۆل مانا مۇشۇنداق گۈزەللىكنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ئىدى. ئۇنىڭ قايسىلا قىرغىقىدىن قارىماڭ، چېتىگە كۆز يەتمەيتتى. بەئەينى ئۇ سۈپسۈزۈك ئاسماندەك، بەزىدە كۆپكۆك تاختا ئەينەك بېتىدەك تىنىق كۆرۈنەتتى. كۆلنىڭ قۇم دۆۋىلىرىمۇ تەنگە راھەت بېغىشلايتتى، كۆمۈلگەنسېرى جانغا جان، كۈچكە كۈچ ئاتا قىلاتتى، ھەتتا بەزى بىمارلار بۇ جايدا شىپا تېپىپ قالاتتى. شۇڭا، بۇ يەردىن ئادەم ئۈزۈلمەيتتى، ئۇنى بىلمەيدىغان، ئۇيەرگە بىرەر قېتىممۇ كېلىپ كەتمىگەن ئادەملەرمۇ ئاز ئۇچرايتتى. مانا بۈگۈن بۇ يەرگە ئېسەن بۇقىمۇ كەلدى- دە، سۈپسۈزۈك سۇدا يۇيۇنۇپ چەكسىز ھۇزۇرلىنىپ، ئۆزىگە قايتىدىن ئەقىل كىرگەندەك ھېس قىلدى. ئۇ، بۇرۇنمۇ بۇ يەرگە كەلگەنىدى. ئەمما، ئۇ چاغدا ئېسەن بۇقا جەڭ ئېتىغا مىنىپ، «قۇۋ- قۇۋ» تۇۋلاپ كەلگەن بولسا، بۈگۈن بۆلەكچە ھالەتتە كەلگەنىدى. ئۇ، بۇجايدا بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزدى، ئاندىن يەنە يولىنى داۋاملاشتۇردى. ئېسەن بۇقا بۇ قېتىم كىشىلەر ماڭمىغان چاتقاللىق ئىچىدە كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ پۇتىغا تارتقان گوجەيلىرى تىتىلىپ كەتكەن، يولدا كىملەردۇر بەرگەن كونا چورۇقىدىن پۇتلىرى كۆرۈنۈپ قالغانىدى…

بىر ئىش ئېسەن بۇقىنى قاتتىق تىت - تىت قىلاتتى، يۈرىكىنى توختاۋسىز ئازابلايتتى، لېكىن ئۇ يەنىلا چىداشلىق بېرەتتى، يولىنى داۋاملاشتۇراتتى. ئېسەن بۇقا ئۆتكەن ئىشلارنى، يېقىندا يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئويلايتتى…

* * *

— سىز مېنىڭ كاللامنى ئالسىز ، مەن بۇنى بىلىمەن . سىز ئۆزىڭىزمۇ دەۋاتىسىز : «سېنىڭ كاللاڭنى ئالسام ، مېنىڭ يولۇمنى توسماقچى بولغان ئۆز قول ئاستىمدىكىلەرنىڭ 101 ىنىڭ كاللىسىنى ئالغان بولىمەن . مەن شۇنداق قىلمىسام ، ئۆزۈمنى يوشۇرۇپ مۇرادىمغا يېتەلمەيمەن .بۇنى مەندىن كۆرمە ،ئاشىقلىق يولۇمدىن كۆر ! » دەپ . توختاپ تۇرۇڭ ، قىلىچىڭىزنى چىقارماي تۇرۇڭ ، خان ئالىيلىرى ، مەن ئالدىڭىزدا تىزلىناي ،سىزگە يېلىناي .بىرنەچچە ئىشنى سىزدىن سورىۋالغۇم بار ئىدى ،— ئېسەن بۇقىنىڭ شاھلىقىنى بىلىپ ، تونۇشلۇق بېرىپ قويۇپ ، ئۆلۈمگە دۇچ كەلگەن لەشكەر باشلىقى ئېسەن بۇقىنىڭ ئالدىدا تىزلاندى .

— قېنى ، سورا ،— دېدى ئېسەن بۇقا قىلىچىنى غىلاپقا سېلىپ . ئۇ شۇ تاپتا بەئەينى جاللات كەبى لەشكەر باشلىقى ئالدىدا تۇردى . لەشكەر باشلىقى سورايدىغىنىنى دېدى :

— سىز ئوردىغا قايتمىسىڭىز بولمايدۇ ، سىزنىڭ نەچچە ئون يىللىق خان جەمەتى ، ئەۋلادلىرىڭىز ، پۈتكۈل ئەل - يۇرت يولىڭىزغا قاراپ تۇرىدۇ . ئانىڭىز تېخى هايات . شۇلارنىڭ يۈز خاتىرىسىنىمۇ قىلمامسىز ؟ ئەل - يۇرتنى شۇنداق مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن تاشلاپ كەتسىڭىز قانداق بولىدۇ ؟ هېچبولمىسا ئۇنى بىرەرسىگە ئۆتكۈزۈپ بەرمەمسىز ؟ هازىر هەممەيلەن سىزنى كۆرۈشكە ئىنتىزار ، يۇرتمۇ ، خانلىقمۇ سىزگە موهتاج بولۇپ تۇرىدۇ . چۈنكى ، زالىم بولسىمۇ ، ئۆزىنىڭ پادىشاهى بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئۇلار ئوبدان بىلىدۇ . سىز پادىشاه بولغان بىر ئەر تۇرۇپ ، تەختنى ئاياللىڭىزنىڭ باشقۇرۇشىغا تاشلاپ قويۇپ ، ئەل - ئاۋامغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى قىلسىڭىز بولامدۇ ؟

— ياق ، مېنىڭچە ، دۇنيادا هەرقانداق ئىنسان ئۆزى خالىغان ئىشنى قىلىشى لازىم . ئۆزى ئىزدەنگەن نەرسىسى ئۈستىدە جان

بەرسە، قان تۆكسە بولىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا ئۇلۇغ مۆجىزىلەر ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئەمەلىيەتتە مەنمۇ ئامالسىز، پەقەت ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن، سۆيگەن ئايالنىڭ ئىشقى - پىراقىدا شۇ سەۋداغا چۈشۈپ قالدىم. ئەگەر مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن بۇ ھىجران ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشسە ئىدى، ئۇلارمۇ مەندەك سەرگەردانلىق كوچىسىغا كىرىپ قالغان بولاتتى. شۇڭا، سېنىڭ مېنىڭدىن سورىغانلىرىڭمۇ تۇتۇرۇقسىز سوئال... !

— ئۇنداقتا، سىز بۇ يولدىن قايتامسىز؟

— بۇنىڭمۇ سورايدىغان يېرى بارمۇ؟

— مۇبادا مەشۇقىڭىز بولماي قالسا، يا ئۇ ئۆز ۋاقتىدىكىدەك يەنە سىزنى تاشلاپ كەتسە، يا سىزگە ۋاپا قىلمىسا قانداق قىلماقچىسىز؟

— مەن ساڭا باشتىلا دېدىمغۇ! ھەرقانداق ئىنساننى ئاللا بىر كويغا سالىدۇ. ئۇ، شۇ ئەقىدە يولىدا يا نۇسرەت قازىنىدۇ ياكى مەغلۇپ بولىدۇ. مەن شۇنداق ئىنسانمەن. ئاشىقلىق يولىغا كىرسەم مەن كىردىم. ئۇنى ياخشى كۆرسەم مەن كۆردۈم. ئۇ مېنى مەيلى ياخشى كۆرسۇن - يامان كۆرسۇن، مەن ئۇنىڭغا شەيدالىقىمدىن يانمايمەن. ئۇ ئۇنداق - بۇنداق قاراش تۇگۇل، مېنى تاشلاپ كەتكەندىمۇ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىم تېخىمۇ ئۇلغايدى. ئۇ — مېنىڭ مېھرىم، مېنىڭ يۈرىكىم. شۇ بىر ھەقىقەتكە ئىشىنىمەنكى، ھامان ساداقەت ۋە مېھرىبانلىق ئادەمنىلا ئەمەس، بەلكى ئالەمنى يېڭىدۇ. ئىماننىڭ مەنىسى — كۆيۈنۈش، ئۆزىنى بېغىشلاش. ئەگەر ئۇنىڭغا شۇنداق سادىقكەنمەن، ئۇ ھامان بىر كۈنى تەسىرلىنىدۇ. مەنمۇ ھامان مۇرادىمغا يېتىمەن، بۇ يولدا تارتقان رىيازىتىمگە ئۆكۈنمەيمەن، مەڭگۈ ئۆكۈنمەيمەن! سەن ماڭا يۇرتتا قالغانلارنىڭ خىلمۇخىل ئالاھىدىلىكى، خىسلەتلىرى، مېھىر - مۇھەببەتلىرى، يېقىنلىقلىرى ئۈستىدىمۇ سۆزلىمە. ئۇلارنى ئۇنداق بىمار، بۇنداق بىمار، ئۇنداق قىينالدى، بۇنداق قىينالدى دەپمۇ ۋەز ئېيتما. راست، مەن ئۆز قوۋمىم، قول ئاستىمدىكى لەشكەرلىرىمگە تىغ سالدىم. چۈنكى، ئۆز مۇھەببە-

تتىم — مەشۇقۇم مەڭلىككە شۇنداق قىلغاندا ئېرىشەلىشىم مۇمكىن. بولمىغاندا يولۇم يول، ئۆيۈم ئۆي بولالمايتتى. ئويلىغانلىرىم يولىدا بۇنداق ئىزدىنەلمەيتتىم. مەن شۇنداق ئەركىن، مەغرۇرمەن، ھېچنېمىنى ئويلىمايمەن. كاللامدا پەقەت ۋىسال غايىسىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق. ئۆز ۋاقتىدا مېنىڭ ئەجدادلىرىمنىڭ قەلبىدە، ئارزۇ-ئۈمىدلىرىدە پەقەت تاجاۋۇزچىلىق، دۇنياغا ئۆزىنى تونۇتۇش، غوجىدارلىق ھېسسىياتى بار ئىدى. شۇ بويىچە چىڭگىزخان بوۋىمىزدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە ھەممىمىزنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدىمىز، غايىمىز دۇنيانى سوراش بولغانىدى. دۇنياغا خوجا بولۇش ھەممىمىزنىڭ مۇھەببەت - ئىشتىياقىمىزنى تۇرغۇزدى. ھەممىمىزنىڭ ئۈمىدى شۇ بولدى. غوجىدارلىق ئۈچۈن «قۇۋ - قۇۋ» دەپ ۋارقىرىدۇق، قان تۆكتۇق، بىگۇناھ جانلارنى ۋاقىتسىز قىردۇق، چاپتۇق، قاتىللىق، جاللاتلىق، ياۋۇزلۇق بىزنىڭ نام - ئاتىقىمىز بولدى. شۇنىڭ ھەممىسى يەنە غايە، ئارزۇ - ئۈمىد، مېھىر - مۇھەببەت بىلەن يۇغۇرۇلغان ئەمەسمۇ!... بۈگۈنكى كۆنلۈكتە ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن، سۆيگەن مەشۇقۇمغا كۆيۈنسەم، ئۇنىڭغا مۇھەببەت باغلىسام، ئۇنىڭغا ئېرىشىشنى غايە قىلسام نەرى يامانكەن؟ ئەلۋەتتە، دۇنياغا خوجا بولۇش غايىسىدا ئەجدادىمنىڭ تۆككەن بىھۇدە قانلىرى دەريا - دەريا ئاقسا، مۇھەببەتلىك قوۋم - قېرىنداشلارنىڭ بىگۇناھ كاللىلىرى ساي تېشىدەك ئەزىز تۇپراقلاردا چېچىلىپ ياتسا گەپ يوق، ئۆز مۇھەببىتىم يولىدا، ئۇنىڭغا ساق - سالامەت، ۋاقتىدا ئېرىشىشىم ئۈچۈن ماڭا توسالغۇ بولغان توسالغۇلارنى ئاياغ ئاستىمدىن تازىلىۋەتسەم نېمە بوپتۇ! شۇڭا بۇ يولۇمنى ئەجدادىمنىڭ كەچۈرمەيدىغان يېرى يوق، ئاشىقلار دۇنياسىنىڭ كەچۈرمەيدىغان يېرى يوق. ئالەمدە ئۆتكەن قايسى بىر ئاشىق - مەشۇق ئۆزىگە توسقۇن بولغان ياۋۇزلۇقلارنى بۆسۈپ تاشلىمىغان، ئۇلار قايسىبىر رەقىبلىرىگە خەنجەر - تىغ ئۇرمىغان؟ مەن ئەنە شۇلار ئاچقان يولدا ماڭدىم. شۇلار ئۇرغان خەنجەر-تىغنى ئۇردۇم، شۇڭا قىلچە ئۆكۈنمەيمەن. چۈنكى، مەن بىر ئادەممەن. ئالەم — ئادەملەر دۇنياسى، ئادەملەر كانى. ھەممە ئادەم ئەنە

شۇنداق بىردىن ساپ ، قەتئىي ، تەۋرەنمەس غايە ، مۇھەببەت ، ساپ نىيەت يولىدا تىرىشسا ، جان بەرسە ، كىشىلەرگە قول ، بوزەك ، بېقىندى ، قەلەندەر بولىدىغان ئادەم نەدە قالىدۇ ؟

ئېسەن بوقا يەنە ناھايىتى كۆپ گەپلەرنى قىلدى . ئەمما ، نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى . لەشكەر باشلىقى بولسا ئاغزىنى كاماردەك ئېچىپ ئېسەن بوقىغا قاراپ قالغانىدى . ئېسەن بوقا بىردىنلا سۆزدىن توختاپ قالدى . ئىككى ئوتتۇرىدا خېلى ئۇزاق سۈكۈت ھۆكۈم سۈردى .

— كەت ، — دېدى ئاخىر ئېسەن بوقا پىچىرلاپ دېگۈدەك ، — مېنى كۆرمىگەنگە سېلىپ كەت ، مەنمۇ سېنى كۆرمىگەن بولاي .

بىراق لەشكەر بېشى كەتمىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى لىق ياشقا تولغانىدى .

— بوپتۇ ، مەن كېتەي ، — دېدى ئېسەن بوقا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئارقىسىغا يېنىپ .

لەشكەر بېشى ئېسەن بوقىنىڭ قارىسى يوقالغۇچە قاراپ تۇرغانىدى...

## 3

سۇپسۈزۈك سۇ لەرزان ، ئاستا چايقىلاتتى . ئۇ بەئەينى كۆك ئاسمان تۇسىنى ئالغان بولۇپ ؛ يەر بىلەن ئاسمان خۇددى قوشكېزەكتەك بەكمۇ يېقىن كۆرۈنەتتى . بوك - باراقسان قارىغايزارلىق سۈزۈك سۇنىڭ قاش - كىرپىكلىرىدەك كۆككە تاقىشىپ ، ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىدا بوككىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . كۆز يەتكۈسىز كۆك ئاسمان ، كۆپكۆك سۇ ، باراقسان قارىغايزارلىق ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز ماسلاشقاندەك ھۆسن قوشقانىدى . شۇڭا ، بۇ زېمىن مەنزىرىسىگە زوقلانمايدىغان ئىنسان يوق ئىدى . ھەرخىل ئۇچار قۇشلار ، جان - جانىۋارلار بۇ يەرنىڭ گۈزەللىكىگە تېخىمۇ جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ بېغىشلايتتى . ئۇلار خىلمۇخىل نەغمە - ناۋا قىلىشىپ چۇرۇقلىشات-

تى ، سايرىشاتتى .
ئارىدىن نەچچىلىك ۋاقىتنى ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ-
غان ئىبسەن بوقا بوگون دەل ئاسمان ئۆگزىسى دەپ ئاتالغان تەلكە
تاغ ئېتىكىگە كېلىپ قالغانىدى . ئۇ ، تىك چوققا يېنىدىكى قورام
تاشقا ئولتۇرۇپ ، توختىماي كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ چوڭقۇر ئۇھ
تارتتى . ئىبسەن بوقىنىڭ پۈتكۈل دىققەت - نەزىرى ئەنە شۇ ئاسمان
ئۆگزىسى دەپ ئاتالغان تەلكە چوققىسى ئاستىدىكى تۈزلەڭلىككە مەر-
كەزلەشكەنىدى . چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ پاخپىيىپ كەتكەن ئىبسەن
بوقا ياشقا تولغان كۆزلىرىنى توسۇۋالغان ئۆسكىلەڭ چاچلىرىنى ئىك-
كى چەتكە قايرىپ ، ئۇنىسىز يىراقلارغا تىكىلدى .
— ئاھ ، مېنىڭ باللىقىم ، ئاق بوز ئات ئۈستىدە ئۆتكەن ئانا
ماكانىم ، سۆيۈملۈك ئۆيۈم . سەن مېنى شۇنداق پەپىلەپ ئۆستۈرگەنە-
دىڭ . ئانام تەۋرەتكەن بۆشۈكنى سەنمۇ تەۋرەتكەنىدەڭ ماڭا مېھىر ئاتا
قىلغانىدىڭ . باتۇرلۇق ، چېۋەرلىك بېغىشلىغانىدىڭ . لېكىن ، مېنى
زېمىن قاراقچىسى ، زېمىن قاتىلى بولۇپ ، دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى
ۋەيران قىل ، يەكسەن قىل ، كۆلگە ئايلاندۇر ، ئوت قوي ، گۆرىستان-
لىققا ئايلاندۇر دېمىگەنىدىڭ . يەر بېتىنى ئاچقان ، ئۇنىڭغا گىياھ
تىككەن ئىنسانلارنىڭ يۈزى يورۇق . توققۇزى تەل ، مەنزىلى خەيرلىك
بولىدۇ ، دەيتتىڭ . مەن زالىم ، شەرمەندە بولۇپ ئالدىڭغا كەلدىم .
سەن مېنى قوبۇل كۆرمەيسەن ، ھەتتا ئاياغ باسقان قۇم ، توپا ، تاش-
لار ، ئۇچرىغان گۈل - گىياھلار شۇ توپىنىڭ ئۆزىدە ماڭا ئوقيا ،
بوينۇمغا ئۇرۇلغان قىلىچ بولۇۋاتىدۇ . مەن ئۇنى بىلىپ تۇرۇقلۇق ،
قوينۇڭغا قەدەم تەشرىپ قىلىۋاتىمەن . سەۋەبى ، مەن ھازىر ھېلىقى
تاجاۋۇزچى ، قاتىل ئەمەس ، ئاشىقمەن . ئاشىق بولۇپ قوينۇڭغا كەل-
دىم... مېنى كەچۈر يۇرتۇم... مېنى كەچۈر خەلقىم...
ئىبسەن بوقا تۇرۇپ ئۇنلۇك ۋارقىرايتتى ، تۇرۇپ پىچىرلايتتى .
ئۇنىڭ پۈتۈن ھېس - ھاياجانلىرى شۇ تاپتا پەلەككە يەتكەنىدى ، ئاۋازى
تاغلاردىن ئەكس سادا قايتۇراتتى . ئىبسەن بوقا بۇ يەرگە ئاران يېتىپ
كېلىپ ، گۈلخان يېقىپ ، توشقاننى كاۋاپ قىلغان بولسىمۇ ، يەنىلا

ئىشتىھاسى تۇتۇلغاندەك ئولتۇراتتى . ئۇ ، سەپەردە توشقانغا چەنلەپ ئاتقان قىلىچىنىڭ تاشقا تېگىپ پۇچۇق بولۇپ قالغىنىدىن ھەسرەتلەن-سىمۇ ، ئەمدى پەرۋا قىلمايتتى…

ئېسەن بۇقا كۆزىدىن تارامىلاپ ياش ئاققۇزدى : «ئاھ ، دۇنيا ، ئاشىقلىق ئۇتۇمغا دەخلى - تەرۇز سالمىغايسەن ، ئاشىقلارنى مۇراد-مەقسەتلىرىگە يەتكۈزگەيسەن ، تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرىمنى ئىلىك ئالغايسەن ، تۆكۈلگەن كۆز ياشلىرىمغا ئىقبال ئاتا قىلغايسەن ، مېنى نائۇمىد قويمىغايسەن . قىلىچىم سۇندى ، لېكىن ئۈمىدلىرىمنى ۋا-قىتسىز سۇندۇرمىغايسەن ، جاراھەتلەنگەن يۈرىكىمنى تېخىمۇ ئازابلى-مىغايسەن !… » سۈزۈك ئاسمان تولۇن ئاي يورۇقىدا روشەن جىلۋە قىلاتتى . ئۇنىڭدا چاقنىغان سان - ساناقسىز يۇلتۇزلار ئاسمان چىراغ-لىرىدەك نۇر چاچاتتى . بۇ مەنزىرە ئېسەن بۇقىنى شۇنداق ھاياجانلان-دۇراتتى ، مەستخۇش قىلاتتى… ئۇ ، ئەنە شۇنداق تۇيغۇلار ئىچىدە قاچانلاردا كۆزىنىڭ ئۇيقۇغا ئىلىنغانلىقىنى سەزمەي قالدى . ئۇ ئۇزاق ئۆتمەي چۈش كۆردى ، چۈشىدە ئاپئاق كىيىملىك مەخلۇق ئۇنىڭغا باغرىنى ئېچىپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقۇدەك ، ئېسەن بۇقىمۇ ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈرگۈدەك ؛ ئەمما مەخلۇق ئېسەن بۇقىنىڭ يېنىغا ئەمەس ، ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي ، تېخىمۇ ئېگىزلەپ ئۇچۇپ كەتكۈدەك ، ئېسەن بۇقا ئۇنىڭ كەينىدىن يىقىلىپ - قوپۇپ قوغلىغۇدەك . ئاخىر ئۇ بىر چوڭقۇرلۇققا چۈشۈپ كەتكۈدەك…

نەچچە كۈنلەردىن كېيىن ، كىشىلەر تەلكە تېغى باغرىدىن بىر جەسەتنى ئۇچراتتى ۋە ئۇنىڭ ئېسەن بۇقا ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ ، ئاقسۇدىكى دوغلات جەمەتىنىڭ ئەمىرى بۇلاجىغا خەۋەر قىلدى . شۇن-داق قىلىپ «ئېسەن بۇقا پۈتۈن ئەل - يۇرتنى ، تەختىنى تاشلاپ ، ئۇ ئايالنى قوغلاپ ئىلى ۋادىسىدا پاجىئەلىك قازا قىلدى» ( «چىڭگىز-خان نەسەبلىرى»دىن )…

## ئون يەتتىنچى باب تەختكە خان كېرەك

### 1

ئېسەن بۇقا ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ، موغۇلىستاننىڭ خانلىق ئورنى بوش قالغانىدى. بۇ بوش قېلىش ئەل ئىچىدە جېلى چوڭ غۇلغۇلا ، ھەتتا توپىلاڭلارنى پەيدا قىلدى . يىراۋ ئۇنى دېسە ، بىراۋ بۇنى دەيتتى. ئىشقىلىپ ، ئەل ئىچىدە خانلىقنى نىشان قىلغان ھالدا ئۇرۇش - جېدەل ، غوۋغالار ، پاتپاراقچىلىق ، باشباشتاقلىقلار ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتاتتى .

«ھەي ،— دەپ ئويلايتتى ئېسەن بۇقا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى ئالمالىققا كۆچۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۇيغۇرلار رايو- نىغا ئەمەلىي ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن دوغلات جەمەتىنىڭ سەردا- رى بۇلاجى ئۇھسىنىپ ،— جاھان نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ مۇشۇ كۈنلەردە ؟ ھەممە ئادەم ئۆزىگە خان ، ئۆزىگە بەگ...»

ئەمىر بۇلاجى موڭغۇللارنىڭ دوغلات جەمەتىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ ، ئۆزى ئاقسۇدا ، يەنە بىر تۇغقىنى ئەمىر تولەك قەشقەردە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى . شۇ ۋاقىتلاردا تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى بوس- تانلىقلار شەرقىي چاغاتاي خانىدانلىقىغا غەللە - پاراق ، ئالۋان تاپشۇ- رۇپ تۇراتتى . بۇ غەللە - پاراقلار ئاۋۋال ئاقسۇ رايونىغا توپلىنىپ ، ئاندىن تەڭرىتاغ يولى ئارقىلىق ئالمالىققا توشۇلاتتى . شۇڭا ، ناھايىتى ئۇزاق داۋام قىلغان ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى تۇپەيلىدىن تۇرپان ، خوتەن ، قەشقەر ، كۇچا قاتارلىق جايلارنىڭ بۇ رايوندىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا تۇتقان ئورنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى . ئەكسى- چە ، ئاقسۇ رايونى ماڭلايسۆيەر رايونىدا ئەڭ مۇھىم مەركەزگە ئايلانغا-

ىدى. شەرقىي چاغاتاي خانلىقى مۇقىم، تۇراقلىق ئامىللاردىن خالىي ھاكىمىيەت ئىدى. بۇ خانلىقتىكى ئاۋام خەلق ئوتتۇرىسىدا ئورتاق ئىقتىسادىي ئاساس كەم بولغاندىن سىرت، چارۋىچىلىق تۇرمۇشىغا خۇشتار بولۇپ كەتكەن ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى بىلەن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاھالە ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىمۇ ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە چىقىشالمايدىغان نۇرغۇن زىددىيەتلەر مەۋجۇت ئىدى، بولۇپمۇ ئېسەن بۇقا دەۋرىدە بۇ رايوندىكى ھۆكۈمرانلار سىنىپى بىلەن ئاۋام پۇقرا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىر خىل تالان- تاراج قىلىش- قىلىنىش مۇناسىۋىتى بولۇپ قالغانىدى. بۇ خىلدىكى تالان - تاراج، سوۋغا - سالام، ھەربىي مەجبۇرىيەت باشقا يوللار بىلەن ئەمەس، بەلكى خانىدانلىقنىڭ قوراللىق قوشۇنى ئارقىلىق ئورۇنداتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر ئامىل، ئېسەن بۇقا ھايات چېغىدىلا خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى مەسىلىسىدە ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا غۇلغۇلا پەيدا بولغانىدى. بۇ مەسىلىدە ئېسەن بۇقىنىڭ چوڭ خانىشىدىن پەرزەنت كۆرمىگەنلىكى سەۋەب بولغانىدى.

مانا ئەمدى يىغىلىپ كەلگەن ھەممە ئىش بىراقلا پارتلاپ چىقماقچىدەك قىلاتتى.

«قانداق قىلىش كېرەك؟— دەيتتى ئەمىر بۇلاجى قايتا - قايتا ئويلىنىپ،— بۇنداق قالايمىقانچىلىق ئۇزاققا سوزۇلسا ياخشى بولمايدۇ. ۋاقتىدا چوقۇم بىرسى تەختكە ۋارىسلىق قىلىشى كېرەك،— بىردىنلا ئەمىر بۇلاجىنىڭ كۆز قارىچۇقى بىر نۇقتىدا توختاپ، چىرايىغا سەل - پەل خۇشاللىق ئالامىتى تېپىپ چىقتى،— توغرا، شۇنداق قىلىش كېرەك، چوقۇم تەخت ۋارىسىنى تېپىش كېرەك...»

## 2

ھازىر يۇرت خانىسىز قېلىپ، پاراكەندىچىلىك باشلىنىپ

كەتتى . ناۋادا ۋاقتىدا بۇ ئىشنىڭ ئالدى ئېلىنمىسا ياخشى ئاقىۋەت كېلىپ چىقمايدۇ ،— دېدى ئەمىر . ئۆمەرالار يىغىلغان كېڭەشتە ئەمىر بۇلاجى ئاساسىي مەقسەتنى ئۇدۇللا ئوتتۇرىغا قويۇپ ،— مانا ھېلىتىنلا چاغاتاي ئەۋلادى بىلەن تولۇي ئەۋلادى ئۆزئارا جەڭگى - جېدەل چىقىرىپ ، بىر - بىرىدىن بۆلۈنۈپ كەتتى . شۇڭا ، مېنىڭ ئويۇمچە بولغاندا خان ئەۋلادىدىن بىرەرسىنى تېپىپ ، ئۇنىڭ ئىنتائىتىدە بولساق . چۈنكى ، خان ئۆز ئۇرۇقىدىن بولمىسا ، پۇقرالارغا پارا-ۋانلىق ، يۇرتقا تىنچلىق بولۇشى مۇشكۇلدۇر .

— خان ئۇرۇقىنى نەدىن تاپارمىز ؟— دېدى ئەمىرلەردىن بىرى .

— ئۆز ۋاقتىدا چوڭ خانىش تەرىپىدىن دۇختەۋى شىراۋۇلغا سوۋغا قىلىنىۋېتىلگەن خانىش مەڭلىك ئېسەن بۇقا خاندىن ھامىلىدار ئىدى ،— دېدى بۇلاجى ھەممىگە تەكشى قاراپ چىقىۋېتىپ ،— بىز ئاۋۋال شۇنى تاپساقمىكىن دەيمەن . ئەگەر ئۇ قىز بولۇپ قالسا ، ئامال يوق . ناۋادا ئوغۇل بولۇپ قالسا ، شۇنى چىللاپ كېلىپ ، خان قىلىپ كۆتۈرسەك... ئەلۋەتتە ، ئۇنى ئىزدەپ تېپىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس ، دېڭىزدىن يىڭنە ئىزدىگەندەك ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ . چۈنكى ، شاھىمىز ئېسەن بۇقىمۇ شۇنچە كۆپ لەشكەر سەرپ قىلىپ ئىزدەپمۇ نەتىجىسىنى كۆرەلمەي كېتىپ قالدى . ئاڭلىساق ، يېقىندا شىراۋۇل مەڭلىك خانىشنى تۇتۇۋالغان ھەم ئۇنىڭ بىلەن مەجبۇرىي توي قىلغان ئىمىش . بىزگە ھازىر مەڭلىك خانىش ئەمەس ، ئۇ تۇغقان پەرزەنت لازىم . ئۇنىڭ جاي - مەنزىلى ئۇزۇن ، ئادەمسىز چۆللەر كۆپ ، ئوزۇق - تۈلۈك يېتىشتۈرمەك تەس ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەڭلىك خانىش دۇختەۋى شىراۋۇلنىڭ قولىدىمۇ بولماسلىقى مۇمكىن... بۇ سورۇنغا ئاقىللار ھەم ئەل ئىشىغا ئۆزىنى بېغىشلىغانلار جەم بولدۇق . زادى قانداق قىلىمىز ، بىر قارارغا كېلەيلى...

ھېچكىم زۇۋان سۈرمىدى . ئەمىرلەرنىڭ بىرلىرى بېشىنى ئې-گىپ ، بىرلىرى ئىرىنىقىنى كولاپ ئولتۇراتتى . بۇ جىمجىتلىق بۇلا-جىنىڭ ئىچىنى سىقىۋاتاتتى .

— قېنى ، ئەمىرلەر ، بىرنەرسە دەڭلار ، بۇنداق ئولتۇرساق

مەسىلە ھەل بولمايدۇ...

— شۇنداق، ئاۋۋال ئاشۇ تەخت ۋارىسىنى ئىزدەپ كۆرەيلى، — دېدى ئاخىر تاش تۆمۈر مىرزا ئىسمىلىك ئەمىر ئېغىز ئېچىپ، — ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇنىڭدىن ياخشى چارە يوق ئوخشايدۇ...

— بىراق، ئۇنى قانداق ئۇسۇل بىلەن ئىزدەيمىز؟ يەنە لەشكەر چىقىرىپمۇ ياكى باشقا يول بىلەنمۇ؟ ئەگەر لەشكەرسىز ئىزدەيمىز دېسەك، ئۇنى ئىزدەشكە كىم بارىدۇ؟ — دېدى ئەمىر بولاجى يەنە ئۈمىدسىز ئاھاڭدا.

— مەن باراي، — دېدى يەنە تاش تۆمۈر مىرزا كەسكىنلىك بىلەن، — ئەلۋەتتە، بۇ ئىش ئوڭاي ئەمەس. يول يىراق، مەنزىل نائېنىق، ئادەم ناتونۇش، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇق - تۈلۈك مەسىلىسىمۇ بار. ناھايىتى كۆپ ۋاقىتلاردا ئادەمسىز چۆللەردە مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، ماڭا 300 قوي بېرىلسە، مەن ئالدى بىلەن شۇلارنىڭ سۈتىنى ئۇزۇق قىلسام، شۇنىڭغا ئارىلاشتۇرۇپ ئانچە - مۇنچە سويۇپ يېسەم...

بۇ ئاڭلىماققا كۈلكىلىكرەك، ئەمما چوڭقۇر تەھلىل قىلسا ئاساسى بار گەپ ئىدى. سورۇندىكى ھەممە ئەمىرلەر بىر - بىرىگە قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— ماقۇل، بىر ھەپتە ئىچىدە بارلىق تەييارلىقلارنى پۈتكۈزۈپ سىزنى يولغا سالايلى ئەمىسە...— دېدى ئەمىر بولاجى ئاخىرقى قارارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ.

ئەمىرلەر ئۆزئارا كۆسۈلدىشىپ، ئاستاغىنە ئورنىدىن تۇرۇشتى...

تاش تۆمۈر راستىنىلا ھەپتىدىن كېيىن يولغا چىقتى. ئۇنى ئەمىر بولاجى ناھايىتى زور ئۈمىد بىلەن ئۇزىتىپ قالدى. تاش تۆمۈر كۈسەن دىيارىدىن ئاۋۋال شەرققە، ئاندىن شىمالغا قاراپ يول ئالدى.

# ئون سەككىزىنچى باب قۇتلۇق قەدەم

## 1

كەچ كۈز ، ئالتۇن ياپراقلار پۈتكۈل دەل - دەرەخلەرنىڭ ئاستى-ئۈستىنى تەكشى چۈمكىگەنىدى . ئەمدى بۇ جايدا قۇشلارنىڭ خىلمۇ خىل سايراشلىرىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى . ئاندا - ساندا يىراق-يىراقلاردىن غەيرىي يىرتقۇچ هايۋانلارنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى . يان باغرى ئورمان ۋە ياۋا مېۋىلەر بىلەن قاپلانغان تاغنىڭ هەيۋەتلىك چوققىسى بۇلۇتقا تاقىشىپ تۇراتتى . چوققىدىن بىرنەچچە ئون مېتىر تۆۋەندە بولسا چەمبىرەك شەكىلدىكى غار ئېغىزى بار ئىدى . ئۇ بەئەينى يىراقتىن قارىغاندا رىۋايەتلەردە تەسۋىرلىنىدىغان قورقۇنچلۇق كۆهنقاپ ئېغىزىغا ئوخشايتتى ، ئەتراپىنى پۈتۈنلەي قېلىن قارىغاي قاپلىغانىدى . ئۇنىڭ سول تەرىپىدە بولسا بىر ئېرىق سۇ چوققىدىن تۆۋەنگە قاراپ شارقىراتما هاسىل قىلغانىدى . بۇرۇن بۇ يەرنى كۆرگەنلەر ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن بەكمۇ هۇزۇرلىناتتى . يەنە بىر تەرەپتىن كىشىلەرنى هەيرانلىقتا قالدۇرىدىغان يەنە بىر خىلۋەتلىكمۇ ئۇ يەردە بار ئىدى . سۇ چۈشكەن چوققا ئاستىدا يىلتىزى سۇغا چىلاشقان بىرنەچچە تۈپ قارىغاينىڭ قۇرۇغان شاخلىرى كۆرۈنەتتى .

«ئەجەبا ،— دەتتتى ئۇنى كۆرگەن تاش تۆمۈر ،— 〈 سۇ بىلەن يەر كۆكىرەر〉 دېگەن سۆزنىڭ ئەكسىچە بىر ئىشقۇ بۇ ، سۇغا داۋاملىق چىلاشقان بۇ قارىغاي نېمە ئۈچۈن قۇرۇپ كەتكەندۇ ؟ ئاۋۇ يىراقتىكى قارىغايلار ياپيېشىل كۆرۈنىدۇ ؟ »

مانا شۇنداق سىرلىق قاپتاللىق بىلەن تىك چوققا ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان تاغ ئۆڭكۈرى ئۇنىڭدىنمۇ سىرلىق ، ۋەهىملىك جاي سۈپە-

تىندە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى بىردىنلا ئۆزگەردى. تاغ چوققىلىرىدىن ئۆيدەك - ئۆيدەك قارا بۇلۇت پارچىلىرى تۆۋەنگە سىلجىپ، قاپتاللىقنىڭ ئالتۇن كۈز مەنزىرىسىنى پۈتۈنلەي پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان قاراڭغۇلۇققا ئايلاندۇردى. ئاچچىق سوغۇق شامال ئالتۇن ياپراقلارنى ئۇچۇرۇشقا باشلىدى.

— بىز دەل مانا مۇشۇ تاغ قايرىلمىسىدىن ئايلانساقلا سىلەر ئىزدەۋاتقان تۇغلۇق تۇرۇۋاتقان ماكانغا بارىمىز، — دېدى تاش تۆمۈرگە يول باشلاپ كەلگەن جاھانكەزادى دەرۋىش، — ئۇ ھازىر مەشىق ئۈستىدە بولۇشى مۇمكىن.

— ئۇ ئەسكەر توپلاپ خانلىق قۇرماقچىمىكەن؟ — دېدى تاش تۆمۈر كوچىلاپ.

— قىساس ئالماقچى! — دېدى جاھانكەزدى دەرۋىش، — ئانىسىنىڭ، ئاتىسىنىڭ، ئۆزىنىڭ قىساسىنى ئالماقچى.

— تەپسىلىيرەك سۆزلەپ بەرسىلە ئىكەن، ھەزرىتىم...

## 2

«ئەي ئۇلۇغ تەڭرىم، سەن بۇ يەرنى بىنا قىلغىنىڭدا شۇنچىلىك ئەزىز ۋە مۇنبەت ياراتقان ئىكەنسەن. بۇ يەر ئەتراپىدىكى بۇ تاغمۇ شۇنداق ئەتىۋار، بىباھا بولغاچقا، سېنىڭ نامىڭغا نامداش ‹تەڭرىتاغ› ئاتالغانىكەن: ئاھ، تەڭرىتاغلىرىم، ساڭا تەڭرىم ئۆزىنىڭ مۇبارەك نامىنى بەرگەنىكەن. شۇڭا، سېنىڭدە تەڭرىمنىڭ ئەڭ شاپائەتلىك، ئەڭ مېھرىبان، ئەڭ ئىللىق ھۆسنى - جامالى ئەكس ئېتىپ تۇرۇپتۇ. ئالەمنىڭ ھېچقانداق يېرىدە يوق تەنگە داۋا ساپ ھاۋا، كىشىلەرگە ھۇزۇر - ھالاۋەت بېغىشلايدىغان گۈزەللىك سېنىڭدە بار، سېنىڭ بوي - بەستىڭ شۇنچىلىك قامەتلىك ۋە كۆككە تاقاشقان چوققىلىرىڭ شۇنچە ھەيۋەتلىك بولۇپ، ھاياتلىقنىڭ زەمزەم سۈيى سېنىڭ باغرىڭدىن ئېقىپ چىقىدۇ، تالاي جانلارغا ئۆزىنىڭ شىپالىق مېھرىنى بېرىدۇ. يۈرىكى لەختە - لەختە قانغا تولغان، ياۋۇز ئېسەن بۇقىنىڭ

قولىدىن قېچىپ چىقىپ، سېنى پاناھ تارتىپ، سېنىڭ باغرىڭغا كەلگەن، ئۆڭكۈرۈڭدە پاناھلىنىپ نەچچە يىلنى ئۆتكۈزگەن بىر بىچا-رىنىڭ — ئۇلۇغ ئانىنىڭ ئۆز قوينۇڭدا پارچە - پارچە قىلىپ تاشلان-غانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ تەڭرىتاغلىرىم؟ يەنە نېمىشقا جىمسەن، تاغلى-رىم؟ پارتلاپ كەتمەمسەن، ۋولقان ئاتمامسەن تاغلىرىم؟ ... يىغلاۋاتىمەن ،تەڭرىتاغلىرىم ،مەن بوزلاۋاتىمەن، تەڭرىتاغلىرىم... !

مەڭلىكنىڭ ئاتا - ئانىسىنى ۋە قېرىنداشلىرىنى ئېسەن بۇقا تىرىك تۇرغۇزۇپ چېپىۋەتكەنىدى. ئېسەن بۇقىدىن قېچىپ نەچچە يىللىق يول ئازابىنى تارتقان، ئىلى دەرياسىدا قولىۋاق ئىچىدە ئاچچىق تولغاق يۇتۇپ يەڭگەن، ئون نەچچە ياشقىچە ئاشۇ بالىنى باغرىغا بېسىپ باققان، تارتمىغان ئازابى، جەبىر - جاپاسى قالمىغان بۇ بىتەلەي ئايال ئاشۇ جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغان ئوغلىنى يوقىتىپ قويۇپ، ھىجران ئازابىدا يۇرۇۋاتقاندا، لەنىتى دۇختەۋنىڭ 〈قۇۋ - قۇۋ〉 چىلىرى ئۇنى تۇت دېسە، تۇت دەپ سۆرىگەن پېتى ئېلىپ كەتتى. مەن قېرى بىچارە ئۇنىڭ كەينىدىن يېرىم كۈن يۈگۈرۈپ ھوشۇمدىن كېتىپ يېتىپ قاپتىمەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالدىم. ئوغلۇم يۇسۇپ نەدە، تۇغلۇق نەدە؟ مېھرىبان ئايالىم مەڭلىك نەدە، ئۆزۈم نەدە؟ بىلمەيتتىم. شۇنداق يۈرۈپ ئۈچ يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى. كېيىن بۇ ئايالنىڭ دۇختەۋگە مەجبۇرىي خوتۇن بولۇپ، بىر بالا تۇغقانلىقىنى، بالىسىنىڭ ئىسمىنى ئىنجۇمەلىك قويغانلىقىنى بىلدىم... مەن بەك چارچاپ كەتكەنىدىم... ئەمدى يەنە سەپەر قىلالمايتتىم. ئاخىر مۇشۇ ئۆڭكۈرنى ماكان ئەيلەپ، تەنھا ياشاش قارارىغا كەلدىم... بۇ يەردە قانچىلىك ۋاقىت تۇردۇم، بىلمەي-مەن. بىر كۈنى بۇ غېرىب ئۆڭكۈرۈمگە ئاشۇ بىتەلەي ئايال كىيىملى-رى يىرتىق، چاچلىرى چۇۋۇلغان ھالدا ھاسىراپ- ھۆمۈدەپ يۈگۈ-رۈپ كىرىپ كەلدى... ئۇ قېرىپ مومايغا ئايلىنىپ قالغانىدى !... ئايال ماڭا، مەن ئۇنىڭغا ئۈنسىز قاراپ تۇرۇپ قېلىشتۇق. دەل شۇ چاغدا بېسىپ كىرگەن بىر توپ 〈قۇۋ - قۇۋ〉 چىلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇ ئايالنى چاناشقا باشلىدى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم.

ئەمما، ئۇلاردىن بىرنەچچىسى مېنى ‹ئەمىر دوختەۋى سېنى ئەمەس، بۇ ۋاپاسىزنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغان، جېنىڭنى ساقلا، ئۆلۈمتۈك قېرى› دەپ بىر تەرەپكە تاپنى چۆرۈگەندەك چۆرۈۋەتتى ۋە بىر چاغدا ‹قۇۋ - قۇۋ› دەپ تۇۋلاشقىنىچە ئۆڭكۈردىن غايىب بولدى. مەڭلىكنىڭ تېنى نەچچە پارچە قىلىپ تاشلانغانىدى. ئاھ، تەڭرىم، تەڭرىتاغلىرىم، ئۇنىڭ كۆرىدىغان كۈنى مۇشۇ بولدى ئاخىر!... ئاھ، تەڭرىم، نېمىشقا ئۇنىڭغا قوشلاپ جازا ئاتا قىلغانلىقىڭ بىر ئۆزۈڭگە مەلۇم. بىراق، مەن بۇ ئايالغا ئۇۋال بولدى، دەپ ئويلايمەن. ئۇنىڭغا زەررىچە بولسىمۇ خاتىرجەملىك ئاتا قىلساڭ بولماسمىدى، تەڭرىم؟ ئەمدى ماڭا بۇ قېرى جانىنىڭ نېمە كېرىكى؟...»

ئۆزى ئارزۇ قىلغان ئارغىماقىقا مىنىپ، نەچچە يىللاپ ئانىسىنى ئىزدىگەن تۇغلۇقنىڭ ئېرىشكىنى ئەنە شۇ خەتلەر يېزىلغان نەسەبنىڭ خاتىرىسى بولدى. ئۆڭكۈردىكى خاتىرە ئەتراپىدا بىرنەچچە تال سۆڭەكلەر چېچىلىپ ياتاتتى. سۆڭەكلەر ئەتراپىدا چۇۋۇلغان، قانغا مىلەنگەن چاچلار ۋە ئاپئاق ساقاللارمۇ بار ئىدى. تۇغلۇق دەھشەتلىك نەرە تارتىپ، تاغلارنى لەرزىگە سالدى... نەچچە كېچە - كۈندۈز ھۆڭرەپ يىغلىدى. ئاخىر ئۇ ئاتا - ئانىسى ئۆلتۈرۈلگەن مانا مۇشۇ ئۆڭكۈرنى ماكان ئەيلەپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قىساس ئېلىش ئۈچۈن مەشىق قىلدى...

## 3

تاش تۆمۈر ئاخىر ئۆڭكۈر ئىچىدە مەشىق قىلىۋاتقان تۇغلۇق تۆمۈر بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇنىڭغا ئەمىر بولاجى ئېيتقان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزدى. تۇغلۇق تۆمۈر نېمىلا بولمىسۇن ئاقسۇغا بېرىش قارارىغا كەلدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ھەرقانداق ئارزۇسى ئۈچۈن مەلۇم جەھەتتىكى ھەربىي ئىمتىياز لازىم ئىدى. ئۇلار يولغا چىقىپ نەچچە ئاي ئۆتكەندە ئاقسۇغا يېقىنلاشتى. ئۇلار بۇ جايدا بىر سودا كارۋىنى بىلەن قوشۇلۇپ مېڭىۋاتاتتى.

«بوپتۇ ، نېمىلا بولسۇن ئۇ مېنىڭ ئاتام ، بۇ تەقدىرنى ئۆزگەرتىد-
ىشىم مۇمكىن ئەمەس ،— دەپ ئويلايتتى تۇغلۇق دائىم ،— ئاقسۇغا بېرىپ خانلىق تەختىدىگە ئولتۇرۇپ ، ئەل ئۈچۈن ياخشى خان بولاي...»

مۇزداۋانىدا يەنە شۇنداق خىياللار بىلەن مېڭىۋاتقان تۇغلۇق نېمە بولۇپ ئۆزىنىڭ چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قالدى . ئۇ خېلىلا چوڭقۇر يەرگە چۈشۈپ كەتكەنىدى . تۇغلۇق تىرمىشىپ باقتى ، ئەمما چىقىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

— قۇتقۇزۇڭلار ! قۇتقۇزۇڭلار !— دەپ ئارقا - ئارقىدىن ۋارقىرىدى تۇغلۇق . ئەمما ، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى . تۇغلۇق پۈتۈنلەي مۇز بىلەن تولغان ھاڭدا نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى...

تاش تۆمۈر خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندە ئاندىن تۇغلۇقنىڭ ئارىدا يوقلۇقىنى بىلدى . ئۇ ئەندىشە ئىچىدە ئارقىسىغا ياندى . بىر چاغلاردا تاش تۆمۈر يەر تېگىدىن «قۇتقۇزۇڭلار !» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىدى ۋە ھاڭنىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ «ئىنىم تۇغلۇق !» دەپ توۋلىدى . تاش تۆمۈر ئەمىر بولاجىنىڭ تەلپىنگە ئاساسەن ئۇنى شاھلىققا مۇناسىۋەتلىك ناملارنى ئىشلىتىپ چاقىرماي كېلىۋاتاتتى .

— مەن بۇ يەردە ، مېنى تارتىۋېلىڭ !— دېدى تۇغلۇق .

ئەمما تاش تۆمۈردە ئۇنى تارتىۋالغۇدەك ھېچ نەرسە يوق ئىدى .

— ئىنىم تۇغلۇق ،— دەپ توۋلىدى تاش تۆمۈر ،— مېنى بىردەم ساقلىسىلا ، مەن ياردەمگە ئادەم چاقىراي...

تاش تۆمۈر يەنە قايتىپ بېرىپ ، كارۋان بېشى بەگچەك دېگەن ئادەمگە بولغان ئەھۋالنى ئېيتتى . بۇ چاغدا كارۋان بىر ئۆتەڭگە چۈشكۈن قىلغانىدى . بەگچەك بىر ئادەمنىڭ ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ ، ئۇنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن بىرنەچچە ئادەم بىلەن ئارقىغا ياندى . ئۇلار خېلى ئۇزاقتا ئاندىن تۇغلۇق چۈشۈپ كەتكەن ھاڭنىڭ لېۋىگە يېتىپ كەلدى .

تاش تۆمۈر بىرنەچچە قېتىم «ئىنىم تۇغلۇق !» دەپ توۋلاپ

باقتى ، ئەمما هالى ئىچىدىن هېچقانداق سادا چىقمىدى .
— ئۇ هازىردا ئۇزاق تۇرۇپ تونۇلاپ جان ئۈزگەن ئوخشايدۇ ،— دېدى كارۋان بېشى .
تاش تۆمۈر هۆكۈمەت يىغلاپ كەتتى . ئۇنىڭ شۇنچە ئۇزاق جەبىر تارتىپ ، ئاخىر ئېرىشكىنى بۇنداق نەتىجە بولسا قانداق بولغىنى ؟
— قېنى ، ئارقاننى ئېلىپ كېلىڭلار ، ئاۋۋال مەن هازىرغا چۈشۈپ قاراپ باقاي ،— دېدى كارۋان بېشى .
ئۇلار كارۋان بېشىنىڭ بېلىنى ئارقان بىلەن باغلاپ هازىرغا تاشلىدى . توغلۇق هايات ئىدى ، ئەمما سوغۇق دەستىدىن يۈزلىرى كۆكىرىپ ، چىشلىرى كىرىشىپ كەتكەنىدى .
كارۋان بېشى ئۇستىدىكى جۇۋىسىنى توغلۇققا كىيدۈردى . ئۇ بىر ئاز ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ، توغلۇققا قاراپ دېدى :
— مەن بىلىپ قالدىم ، سەن كەلگۈسىدە خان بولىدىغان ئادەم ئىكەنسەن . ئەگەر بۇ هازىردىن سەن بۇرۇن چىقىپ كەتسەڭ مېنى يا قۇتقۇزۇرسىلەر ، يا يوق . شۇڭا ، ئەيىبكە بۇيرۇمىساڭ ، بۇ جايدىن مەن ئاۋۋال چىقىپ كېتەي . بىز سىرتتىكىلەر چوقۇم سېنى تارتىپ چىقىرىۋالىمىز ،— بەگچەك توغلۇققا يەنە خېلى كۆپ تەكەللۇپ سۆزلىرىنىمۇ قىلدى .
— ماقۇل ، سىز ئاۋۋال چىقىڭ—… دېدى توغلۇق رازى بولۇپ .
— ئارقان تاشلاڭلار !— دەپ توۋلىدى كارۋان بېشى . چۈنكى ، ئۇ ئېسىلىپ كىرگەن ئارقاننى بېلىدىن يېشىۋەتكەنىدى .
ئارقان تاشلاندى . بەگچەك هازىردىن چىقىپ كەتتى . بىر چاغدا يەنە ئارقان تاشلاندى . توغلۇق تىرمىشىپ يۈرۈپ ئارقاننى بېلىگە چىگدى ، سىرتتىن ئارقان تارتىلدى…
ئۇلار ئاقسۇ شەھىرىنىڭ سىرتىغا كەلگەندە ئەمىر بولاجى باشچىلىقىدىكى ناهايىتى كۆپ ئەمىر ـ ئۆمەرالار شەهەردىن چىقىپ ، توغلۇق تۆمۈرنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى .

# ئون توققۇزىنچى باب خاسىيەتلىك ئۆچرىشىش

## 1

ئاقسۇنىڭ ئۇۋ قىلىشقا باب ناھايىتى كۆپ جايلىرى بار ئىدى.
تۇغلۇق ئاقسۇغا كەلگەندىن كېيىن، ئەمىر بولاجى ئاۋۋال ئۇنىڭ
ياخشى دەم ئېلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ، تۇغلۇققا بىرنەچچە مۇھا-
پىزەتچى قوشۇپ قويغانىدى. شۇڭا، ئۇ بۇ جاينىڭ ئەمەلىي شارائىتى
بىلەن تونۇشۇش مەقسىتىدە بىرنەچچە قېتىم ئوۋغا چىقتى. مانا بۈگۈن-
مۇ تۇغلۇق ئاقسۇدىكى ئايكۆلدىن ئېتىنى مىنىپ يەنە دالىغا قاراپ
چاپتى. ئۇ پات يېقىندا تەختكە ئولتۇراتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇنىڭ روھى
كۆتۈرەڭگۈ، ئۆزى خاتىرجەم ئىدى. ئاقسۇنىڭ تەبىئىي مەنزىرىلىرى
تۇغلۇقنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى، ساپ ھاۋاسى مەڭزىگە ئىللىق سۆ-
يەتتى. تۇغلۇق بۈگۈن يالغۇز ئوۋ قىلىشنى خالاپ قالغان، شۇڭا
ئايكۆلنىڭ غەربىدىكى قۇملۇققا قاراپ تەنھا ئات سالغانىدى. تۇغلۇق
تۈنۈگۈن بۇ جايدا بىر ياردار كېيىكنى قاچۇرۇپ قويغانىدى، بۈگۈن
شۇنى تېپىۋالىمەن دەپ ئويلايتتى...

كۈن چۈش بولاي دېگەنىدى، ئەمما ھېلىقى يار-دار كېيىك
ئەمەس، بىر ساق كېيىكمۇ ئۇنىڭغا ئۇچرىمايۋاتاتتى. تۇغلۇقنىڭ
ئېتى ھارغان، ئۆزى چارچىغانىدى. ھېچقانداق ئولجىغا ئېرىشەلمە-
گەن تۇغلۇقنىڭ ئەتىگەنكى كەيپىياتى سۇسلىشىپ كەتكەنىدى. شۇ-
ڭا، ئۇ بىر تۈپ توغراقنىڭ سايىسىغا كېلىپ، ئېتىنى ئوت - چۆپكە
يەتكۈدەك ئۇزۇنراق باغلاپ قويۇپ، ئۆزىنى ئىللىق تۇپراققا تاشلىدى.
«نېمىدېگەن راھەت، — دەپ ئويلىدى تۇغلۇق، — كۆپكۆك ئاسمان،
چەكسىز دالا، ئاجايىپ جىمجىتلىق... بۇ يەردە ئادەم ئۆزىنى بەك

خاتىرجەم ھېس قىلىدىكەن ئەمەسمۇ ؟ ھەتتەكى ، بۇ خاتىرجەملىكلە-
رىممۇ پات ئارىدا بۇزۇلىدىغۇ ھەقاچان ؟ !… »

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ئوغلۇم !

توغلۇق تۇيۇقسىز ئاڭلانغان ئاۋازدىن چۆچۈپ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئالدىدىكى ئاپئاق ساقاللىق بوۋايغا قاراپ جاۋاب قايتۇردى :

— تىنچلىقمۇ بوۋا ؟ ئۆزلىرى كىم بولىدىلا ؟

بوۋاي ئالدىرىماي خورجۇنىنى يەردە قويدى ، ئاندىن توپىنىڭ ئوڭغۇل - دوڭغۇل يېرىنى ئالىقىنى بىلەن تۈزلەپ ، بىر پارچە رەخت-نى يايغاندىن كېيىن ، خورجۇن ئىچىدىن يەل - يېمىش ، ئۇسسۇلۇق ، گۆشگىردە قاتارلىقلارنى چىقىرىپ تىزدى .

— قېنى ، ئاۋۋال داستىخانغا كېلىڭ ، شاھزادەم ، «ئاۋۋال تا-ئام ، ئاندىن كالام» دېيىشكەن ئەمەسمۇ ؟…

توغلۇق بوۋاينىڭ بۇ جايغا چوقۇم بىر مەقسەت بىلەن كەلگەنلى-كىنى ھېس قىلدى . شۇڭا ، ئۇ داستىخانغا يېقىنۋېتىپمۇ ئۇنىڭغا سوئال مەنىسىدە تىكىلەتتى ، بوۋاينىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتەتتى .

— شاھزادەم ، ئۆزلىرى پات ئارىدا خانلىق تەختتە ئولتۇرىلا ، ئۇ چاغدا بىزلەر بىلەن ئەركىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغۇدەك ۋاقىتلىرى چىقماي قېلىشى مۇمكىن . شۇڭا ، بۈگۈن ئۆزلىرىنىڭ ئوۋغا چىقىپ كەتكەنلىكلىرىنى كۆرۈپ ، ئارقىلىرىدىنلا ئات سالغانىدىم . ئەمما ، سىلىنى يوقىتىپ قويۇپ ، ناھايىتى تەستە تاپتىم . مېنىڭ ئۆزلىرى بىلەن ئازراق سىرداشقۇم بار ئىدى…

— قېنى ، قۇلىقىم سىلىدە…

— ئاۋۋال ئۆزلىرىگە ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي ، ئىسمىم شەيخ جامالىدىن كېتىكى . ئاتام مەشھۇر ئالىم ئەبۇ ھەبىش كىبىر-دور . چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلغاندا ، بۇخارانىڭ مۆتىۋەرلىرى خەفرېدىن ئۆلتۈرۈلۈپ ، ئىنىسى شۇجاۋىدىن ماخمۇت قارا-قورۇمغا سۈرگۈن قىلىنغان . مېنىڭ ئەجدادىممۇ شۇ قاتاردا سۈرگۈن قىلىنغان . كېيىنكى ۋاقىتلاردا قاراقورۇمدا تەبىئىي ئاپەت يۈز بەر-گەچكە ، مېنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادىم تارىم ۋادىسىدىكى كېتىك شەھىرىگە

كېلىپ ئورۇنلاشقان . ئەمما ، نەچچە يىللار ئىلگىرى ئۇ شەھەرمۇ قۇم ئاستىدا قالدى . مەن ئايكۆلگە كۆچۈپ كېلىپ ، بۇ يەردە دىن تەرغىباتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەن . شۇ سەۋەبلىك ، كىشىلەر ئىسمىمنىڭ ئارقىسىغا «كېتمىكى» دېگەن شەھەر نامىنى قوشۇپ قويۇشقان...

— كېتمىك شەھىرى ھازىر پۈتۈنلەي كۆمۈلۈپ كەتتىمۇ ؟— دەپ سورىدى تۇغلۇق قىزىقىپ .

— نەچچە ئاي ئىلگىرى بېرىپ كەلدىم . ئازراقلا ئىزناسى قاپتۇ . ئەمما ، ئۇمۇ نەچچە يىلغا قالماي يوقاپ كەتكۇدەك . تەكلىماكاننىڭ تەبىئىي ئاپەتلىرى يامان دېسىلە .

— ئۆزلىرىنىڭ مېنى ئىزدەشتىكى مەقسەتلىرى نېمىكىن ؟

جامالىدىن كېتمىكى يىراقلارغا قاراپ خېلى ئۇزاق سۈكۈتتە تۇردى ، ئاندىن ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى...

## 2

— ئەي قۇدرىتى بىھېساب ئاللا ! چەكسىز ۋە تەڭداشسىز ھەمدۇسانا ساڭا خاستۇركى ، ھەممە مەخلۇقاتلىرىڭغا كەڭرى رىزىق ۋە ئېھسان سەندىندۇر . سېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭ ۋە مەۋجۇتلۇقۇڭ يەككە - يېگانىدۇر . ھەممە سۈپەتلىرىڭ پاك ۋە ئەيىبسىز ، مەرتىۋەڭ ئالىي ، پادىشاھلىقىڭ بەرقارار بولۇپ ، ئاسمان ۋە زېمىن ئىچىدىكى ھەممە مەخلۇقاتلار پەقەت سېنىڭ ئىلكىڭدە ۋە ئىدارە قىلىشىڭدا بولىدۇ . ھەقىقىي پادىشاھلىق پەقەت ساڭىلا خاسكى ، سەن مەڭگۈ پانىي ۋە باقىي پادىشاھتۇرسەن .

ئاللا ئەگەر خالىسا سەلتەنەت تاجىنى بىر كىشىنىڭ بېشىغا كىيدۇرەلەيدۇ ، ئەگەر خالىسا بۇ تاجنى يەنە ئۇنىڭدىن ئالالايدۇ ؛ بىر كىشىنى ئۇلۇغ دەرىجىگە يەتكۈزەلەيدۇ ، ئۇنى يەنە خار قىلالايدۇ ؛ ئەگەر خالىسا ئۇنى توغرا يولغا باشلىيالايدۇ ، ئەگەر خالىسا ئۇنى يەنە توغرا يولدىن ياندۇرالايدۇ ؛ ئەگەر خالىسا پەس كىشىنىڭ دەرىجىسىنى يەنە مەرتىۋىلىك قىلالايدۇ ، مەرتىۋىلىك كىشىنىڭ دەرىجىسىنى يەنە

پەس قىلالايدۇ. ئۇ ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا قادىر ۋە تاۋانادۇر.
ئەي قۇدرەتلىك ئاللا! ئەگەر سەن ياراتقان مەخلۇقاتلىرىڭغا قاد-
داق ھۆكۈم قىلاي دېسەڭ، شۇنى قىلىشقا قۇدرىتىڭ بار. سېنىڭ
ھۆكمىڭنى كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىشقا، ئەمرىڭنى ياندۇرۇشقا بول-
مايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى (ئۇنىڭغا خۇدا رەھمەت قىلسۇن)
بىزگە بەرھەق ئەلچى قىلىپ ئىبەردىڭ. ئۆز كىتابىڭ «قۇرئان»دا
بۇلار ھەققىدە قىسسە ۋە ھېكايىلارنى سۆزلىدىڭ، بۇرۇنقى زامانلاردا
ئۆتكەن ئادىل ياكى زالىم پادىشاھلار ۋە شۇ زامانلاردا بولغان ۋەقە-
ھادىسىلەر ھەققىدىمۇ خەۋەر بەردىڭ. بۇ بولسا سېنىڭ ئۆزۈڭ ياراتقان
مەخلۇقاتلىرىڭغا كۆيۈنۈپ، ئۇلارنىڭ بۇ قىسسە ۋە ھېكايىلاردىن خە-
ۋەر تېپىپ، ئۆتكەن ئىشلاردىن ئىبرەت ئالسۇن، ئۇ ۋەقە - ھادىسى-
لەرنى مۇلاھىزە قىلىپ، ئۇلارنى ياد ئېتىپ، ئەسلەپ تۇرسۇن دېگەن-
لىكىڭدىن ئىشارەتتۇر.
بۇ ئالەمدىن كەتكەن بەندىنىڭ ھەر بىرىدىن ياخشىلىق ياكى
يامانلىقنىڭ بىرەر ئەسەر - ئالامىتى ساقلىنىپ قالىدۇ. تارىخ كىتاب-
لىرى بولسا دەل ئەنە شۇ ئالەمدىن ئۆتكەنلەرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى-
دىن، نامۇشەرىپلىرىدىن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ياكى ھاياتىدىن قىسسە
ۋە خەۋەر بېرىدۇ، خالاس.
شەيخ جامالىدىن كېتىكىنىڭ ساقاللىرى چىلىق - چىلىق ھۆل
بولۇپ كەتكەنىدى. تۇغلۇقنىڭ ۋۇجۇدىمۇ شامدەك ئېرىپ كەتكەن
بولۇپ، كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلۈپ تۇراتتى.
— مەن ئۆزلىرىنىڭ تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، دىنىمىزنىڭ
ئەمەل - ئەھكاملىرىنى ئورۇنداپ، ھەق يولدا كۈچ چىقىرىشلىرىنى
تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆتۈنىمەن. ئۆزلىرىنى ئاقسۇغا تەكلىپ قىلىپ
ئېلىپ كەلگەن دوغلات قەبىلىسىدىكىلەرنى قانداق ئويلاپ قالار دەپ
خاۋاتىرلەنمىگەيلا، ئۇلارنىڭ ئەمىر - ئاقسۆڭەكلىرىمۇ ئالىلقاچان
مەخپىي يوسۇندا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ بولغان، ئۇلار سىلىنى
قوللايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلىنىڭ بۇرۇنقى ئەجدادلىرىمۇ، چاغاتاي
خانلىقىغا تەۋە مۇشۇ زېمىندىكى خان - خاقانلارمۇ ئىسلام دىنىنى

ئاساسەن قوبۇل قىلغان، ئىسلام دىنىنى كېڭەيتكەن...
— ماڭا شۇ ھەقتە سۆزلەپ بەرسىلە ئىكەن...
— جېنىم بىلەن، شاھزادەم...
— مېنىڭ ئەجدادىمنىڭ تارىخىنى شۇنچە تولۇق بىلىدىكەنلا، ھەزرىتىم، — دېدى تۇغلۇق شەيخ جامالىددىن كېتىكىنىڭ خانلىق تارىخى ۋە ئىسلامىيەت تارىخى توغرىسىدىكى تەپسىلىي بايانلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، — سىلى مول بىلىملىرى بىلەن مېنى ھەقىقەتەن قايىل قىلدىلا، مەن سىلى توغرۇلۇق بەزى گەپلەرنى بۇرۇنمۇ ئاڭلى-غانىدىم. بىر ئەمىر سىلىنى باغلاپ ئېلىپ كېلىپ: «سەن ئوبدانمۇ ياكى ماۋۇ ئىتمۇ؟» دەپ سورىغاندا، سىلى: «ئەگەر ئىمان مەندە بولسا، مەن ئوبدان، ئەگەر ئىمان مەندە بولمىسا، مەندىن ئىت ئوبدان» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەنلا. مۇشۇنىڭدىن سىلىنىڭ نەقەدەر تەقۋادار، دىن يولىدا ئۆز جېنىنىمۇ ئايىمايدىغان مۇسۇلمان ئىكەنلىك-لىرى مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ. مەن چوقۇم ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىمەن. سىلىگە ۋەدە بېرىمەنكى، مەن تەختكە ئولتۇرغاندىن كې-يىن، مېنى ئىزدەپ بېرىپ، مېنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش مۇراسىمىمغا باشچىلىق قىلىپ بەرسىلە. مەن بۇ توغرا دىننى مەخپىي ئەمەس، كەڭرى مەيداندا، كۆرمىڭ ئاۋام ئالدىدا ئاشكارا قوبۇل قىلىمەن. ياڭراق ئاۋازدا مۇسۇلمان بولغانلىقىمنى جاكارلايمەن. شۇ-نىڭغىچە ۋاقىتلىرى بولسا ماڭا كىتاب ئوقۇپ بېرىپ، جاھاندارچىلىق ئىشلىرىدىن تەلىم بەرسىكەن دېگەن ئۈمىدتىمەن...
مۇشۇ بىر كۈن ئىچىدە شەيخ جامالىددىن كېتىكىنىڭ ساقاللىرى قۇرۇماي چىقتى. ئۇ تۇغلۇقنىڭ قاۋۇل بەستىدىن، چوڭ - چوڭ قوي كۆزلىرىدىن، ئاقپىشماق چىرايىدىن ئىسلام دىنىنىڭ ۋە ئادالەت-نىڭ يارقىن نۇرلىرىنى كۆرگەندەك بولدى...

# يىگىرمىنچى باب سۆھبەت

## 1

ھېلىقى كۈندىن كېيىن، تۇغلۇق شەيخ جامالىددىن كېتمكى بىلەن خېلى كۆپ سىرى . ئەسرا بولدى . كۈندىن - كۈنگە جامالىددىن كېتىكىنىڭ مېھرى تۇغلۇققا، تۇغلۇقنىڭ مېھرى جامالىددىن كېتىكىگە چۈشۈپ قېلىۋاتاتتى. گەرچە ئېگىز بويلۇق، سەل ئورۇقراق كەلگەن جامالىددىن كېتىكى يېقىندىن بېرى خېلىلا ساقسىز بولۇپ قېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما تۇغلۇق تۆمۈردىن ئىبارەت بۇ ئەقىللىق، چېچەن خان نامزاتىنى ئىسلام يولىغا مۇشەررەپ قىلىپ كۆز يۇمسام، ئۆزۈمنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتىمدىن رازىمەنلىك ھېس قىلىپ كېتەمەن، دەپ ئويلايتتى. مانا بۈگۈنمۇ ئۇ، شەھەرنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان، ئېرىقلىرىدا سۈپسۈزۈك سۇ ئېقىپ تۇرۇۋاتقان ئۆرۈكلۈك - شاپتۇللۇق باغدا تۇغلۇق بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

— ھەزرىتىم، ئۆزلىرى ماڭا ئۆتكەندە ئۆز ئەجدادىمىنىڭ تارىخىدىن ناھايىتى كۆپ نەرسىلەرنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدىلە. ئاڭلىسام، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز (گەرچە مەن يېرىم تۈرك بولساممۇ)، يەنى موڭغۇللار ئەسلىدە ئۇيغۇرلاردىن يېزىق قوبۇل قىلغانىكەن. مەن ئۇيغۇرلار زېمىنىغا خان بولىمەن دەپ تۇرۇۋاتقاندىكىن، مۇشۇ ھەقتە گەپ ئاڭلىسام، مۇشۇ يېزىقتا يېزىلغان كىتابلارنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولسام دېگەن ئارزۇيۇم بار ئىدى. ئەگەر ئۆزلىرىگە مالال كەلمىسە...

— يوقسۇ شاھزادەم، مېنىڭمۇ بۇ جەھەتتىكى بىلىمىم ئۇنچە مول ئەمەس. شۇنداقتىمۇ بىلگەنلىرىمنى سۆزلەپ بېرىش ئۈچۈن

قولۇم كۆكسۈمدە... ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىر پۈتۈن موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە بولغان تەسىرى ۋە رولىنى «ئۆگدۈلمىش ئوغلى جانبەگنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى» ناملىق مۇنۇ كىتابتىن ناھايىتى روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ ،— دېدى شەيخ جامالىدىن كېيىنكى دائىم يېنىدا ئېلىپ يۈرىدىغان كىتاب خالتىسى ئىچىدىكى كىتابلار ئارىسىدىن بىر كىتابنى ئېلىپ ،— جانبەگ موڭغۇللارغا نىسبەتەن مەدەنىيەت ئۇستازلىرىدىن بىرى بولغان . ئۇ موڭغۇللارنىڭ تارىخىنى بىرىنچى قېتىم يازغان ئاپتور . بۇنى ئۇنىڭ ئۆز سۆزى بىلەن ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ . مەسىلەن ، ئۇ مۇشۇ ئەسەرنىڭ كىرىش قىسمىدىلا مۇنداق دەپ يازىدۇ : «...ئۇيغۇر قوۋمىدىن ئۆگدۈلمىش ئوغلىغا قەدەر چىڭگىزخاننىڭ ھەم ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ، ھەم ئوغلىنىڭ ئوغلى ئايىز كۇخان دەپ ئاتالغان باتۇخاننىڭ تارىخىنى بۈگۈنگىچە ھېچبىر كىشى يازماپتۇ . مەن بىر ئاجىز بەندە . كۆپ يىللار قاغان ھەم ئوغۇللىرى ، ھەم ئوغلىنىڭ ئوغلى ئايىز كۇخان بىلەن ئات چاپتۇرۇپ ئۇرۇش قىلغانلىقىمدىن بېشىمدىن كەچكەنلىرىمنى يازار بولدۇم . ئۆز خەلقىمىز بۇلارنى ئوقۇپ ، دۇنيانى ئېلىش ئۈچۈن نەقەدەر تىرىشىپ ، قانچە مۇشەققەتلەرنى كۆرۈپ ، كۆپ ئىشلارنى قىلغانلىقىمىزنى بىلىشسۇن ، يات ئەللەرنىڭ كۆزىمىز كۆرگەن خەۋەرلىرىنى بىلىشسۇن !»

مۇشۇ پارچىنىڭ ئۆزىدىنلا ئاپتورنىڭ چىڭگىزخاننىڭ يۈرۈشلىرىگە باشتىن - ئاخىرغىچە قاتناشقانلىقىنى ، ھەتتا چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى باتۇخان (جۇجىخاننىڭ ئوغلى ) بىلەن رۇسىيىگىچە بارغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . شۇڭا ، بۇ ئەسەرنى پۈتۈن چىڭگىزخاننىڭ ئىستېلاسى ھەققىدە بىرىنچى قول ماتېرىيال دېيىشكە بولىدۇ .

— ئۇنداقتا ،ماڭا ئاشۇ كىتابتىن ئوقۇپ بەرسىلە ،ئۇستاز ،— دېدى تۇغلۇق قىزىقىپ .

— ئەلۋەتتە بولىدۇ ،— دەپ شەيخ جامالىدىن كېيىنكى كىتاب ئوقۇشقا باشلىدى .

## 2

تۇغلۇقنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىپ قالغانىدى. بۇنى كۆرۈپ جامالىددىن كېتىكى كىتاب ئوقۇشتىن توختاپ قالدى.

— شاھزادەم؟...

— كەچۈرسىلە، كىتابتا يېزىلغان جانىبەگنىڭ كەچۈرمىشلىرى مېنىڭ رەھمەتلىك ئانام بىلەن سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن كۈنلىرىمنى ئېسىمگە سېلىپ قويدى. بەزىمۇ «قۇۋ - قۇۋ»چىلاردىن قېچىپ-لا يۈرگەندۇق. خۇددى جانىبەگدەك تاغ - دالىلاردا تېنەپ يۈرگەندۇق...— ئارىنى بىرھازا سۈكۈت باسقاندىن كېيىن، يەنە تۇغلۇق ئۆزىنى ئوڭشاپ، ئېغىز ئاچتى،— دېمەك، جانىبەگ ئۆگدۇلمىش ئوغلىنىڭ موڭغۇللار ئارىسىغا بېرىشى ئۇلاردا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدىكى موڭغۇل يېزىقىنىڭ يارىتىلىشىغا سەۋەب بولغانىكەن - دە؟

— شۇنداق،— دېدى جامالىددىن كېتىكى،— بۇ چىڭگىزخاننىڭ نايمانلارنى تارمار قىلىشىدىن كېيىن بولغان ئىش ئىدى. شۇنداقتىمۇ موڭغۇللارغا ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگەتكەن ھالقىلىق شەخس تاتاتۇڭادۇر.

— تاتاتۇڭا؟ ئۇ نېمە ئادەم ئىكەن، ھەزرىتىم؟ موڭغۇللار ئۇنى تەكلىپ قىپتىكەنمۇ؟

— تاتاتۇڭا ئۇيغۇر بولۇپ، زېرەك، سۆزمەن ۋە ئۆز دۆلىتىنىڭ تىل - يېزىقىغا ئۇستا ئىكەن. نايمانلارنىڭ ئاقساقىلى تايانخان ئۇنى ئۇستاز تۇتقان ھەمدە ئۇنىڭغا ئالتۇن تامغا تۇتۇش ۋە پۇل، ئاشلىق باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغانىكەن. چىڭگىزخان نايمانلارنىڭ ئۈستىگە قوشۇن تارتىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، تاتاتۇڭا تامغىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىۋاتقان يەردە تۇتۇلۇپ قاپتۇ. چىڭگىزخان ئۇنىڭدىن: «تايانخاننىڭ پۇقرالىرى ھەم پۈتۈن زېمىنى ماڭا مەنسۇپ بولدى. تامغىنى ئېلىپ قېچىپ نېمە قىلماقچىسەن؟» دەپ سوراپتۇ.

تاتاتوڭا : «مېنىڭ خىزمىتىم مۇشۇ ، ئۇنى ئۆلگۈچە بەجا كەلتۈرى-مەن . خوجايىنىمنى تېپىپ بۇنى ئۆزىگە قايتۇرماقچىمەن . بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق غەرىزىم يوق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ . چىڭگىزخان : «دىيانەتلىك ، ۋاپادار ئادەم ئىكەنسەن» دەپتۇ ۋە يەنە : «تامغىنى نېمىگە ئىشلىتىدۇ ؟» دەپ سوراپتۇ . تاتاتوڭا : «پۇل ۋە ئاشلىقنى چىقىم قىلغاندا ، مەنسەپدارلارنى خىزمەتكە تەيىنلىگەندە ھەم باشقا ھەممە ئىشتا ئىناۋەت بەلگىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

تاتاتوڭا چىڭگىزخاننىڭ دىتىغا يېقىپ قالغانلىقتىن ، ئۇنى ئۆز يېنىدا ئېلىپ قاپتۇ . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پەرمان ۋە يارلىقلارغا تامغا ئىشلىتىلىشكە باشلاپتۇ . تامغىنى يەنىلا تاتاتوڭا تۇتۇپتۇ . چىڭگىزخان يەنە ئۇنىڭدىن : «ئۆز دۆلىتىڭلارنىڭ خېتىنى ئوبدان بىلەمسەن ؟» دەپ سوراپتۇ . تاتاتوڭا ئوبدان بىلىدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن ، چىڭگىزخان پەرمان چىقىرىپ ، شاھزادە ، ۋاڭلارغا ئۇيغۇر يېزىقى ئۆگىتىشنى بۇيرۇپتۇ . دېمەك ، ئۇيغۇر يېزىقىنى موڭغۇللارغا بىرىن-چى بولۇپ ھەقىقىي تونۇتـقان شەخـس تاتاتوڭادۇر . ئىلگىرى - ئاخىر موڭغۇل بەگلىرىگە ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگەتكەن ئۇيغۇرلاردىن يەنە قارايىغاچ بۇيرۇق ، مىڭ سەرىس قاتارلىقلارمۇ بار . چىڭگىزخان دۆلىتىنىڭ قۇدرەت تېپىشىغا ئەگىشىپ ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىشلىتى-لىش دائىرىسى پەيدىنپەي موڭغۇل خان جەمەتىدىن خاندانلىقنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ساھەلىرىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە چېتىلغان .

— ئۆزلىرىنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ بولەكچىلا بىلىمگە ئىگە بولغاندەك بولۇۋاتىمەن ، ھەزرىتىم . ئەمدى ماڭا يەنە بىر ئىشتا تەلىم بەرسىلە ئىكەن . ئاڭلىسام ، مېنىڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇشۇمغا بىر قىسىم بەگلەر قارشى ئىكەن . ئۇلارغا مېنىڭ «ئۆز ئەجدادىمىدىن نەپرەتلىنىمەن» دېگەن سۆزلىرىم ھار كەپتۇ . مەن يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن تەختتە ئولتۇرىمەن . سىلىنىڭچە ، مەن تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن قانـداق يول تۇتـۇشۇم كېـرەك ؟ ئاۋۋال ئانامنى ، ئاتامنى ئۆلتۈرگەنلەردىن قىساس ئالايمۇ ؟

– سىز ئاللىبۇرۇن ئۆزىڭىزنى تۈرك ئوغلى دەپ جاكارلىۋەتتىڭىز، شاھزادەم. بۇ نۇقتا ئۆزىڭىزگە ھەم سىزنىڭ نامىڭىزنى ئاڭلىغانلارغا، پۈتكۈل ئەل - ئاۋامغا ئايان بولدى. بۇنداق دېيىشىڭىزنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى ھەممە بىلىدۇ… مەن گەپنى ئۆزىڭىزنىڭ نەپرىتىڭىزدىن باشلىماقچى. دۇنيادا ھەرقانداق بىر ئادەم غەزەپ - نەپرىتى ھەددىدىن زىيادە ئۆرلەپ تاشقاندا ئۆز رەقىبىنى يېڭەلەيدىغان كۈچلۈك سەركەردە، يا ئۆز دۈشمىنىگە قارشى ئالىم، يازغۇچى بولۇپ قالىدۇ، يەنى يا ئەلەم كۆرىشى قىلىدۇ، يا قەلەم كۆرىشى. بۇ دېمەك، غەزەپتىن شائىر، يازغۇچى، ئالىم، سەركەردە تۇغۇلىدۇ، دېگەن سۆز. ئەلۋەتتە، سىزنىڭمۇ نەسلىڭىزدىن نەپرەتلىنىشكە، دۇختەۋى قاتارلىق بىر قىسىم بەگلەردىن يىرگىنىشكە ھەققىڭىز بار. ئەمما، مېنىڭچە، خانلىقنى شەخسىي ئۆچمەنلىك ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرسىڭىز ياخشى بولماسمىكىن… بۇنىڭ ئۈچۈن كىتابتىن ئوقۇغان مۇنداق تارىخ يادىمغا كېلىۋاتىدۇ:

چىڭگىزخاننىڭ ئوغۇللىرى قوماندانلىقىدىكى موڭغۇل قوشۇنلىرى مىلادىيەنىڭ 1227- يىلى باھاردا تاڭغۇتلارنىڭ پايتەختىنى قورشىۋالدى. سالامەتلىكى يامانلىشىپ قالغان چىڭگىزخان بولسا گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ فىڭياڭ رايونىدا ئارام ئالماقتا ئىدى. ئۇ مىلادىيەنىڭ 1227- يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. شۇ چاغدا تاڭغۇتلار پايتەختى تېخى ئېلىنمىغانىدى. چىڭگىزخاننىڭ ئوغۇللىرى دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن تاڭغۇتلارنى ئۇزۇل- كېسىل تەسلىم قىلغاندىن كېيىنلا، ئاندىن چىڭگىزخاننىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. موڭغۇللار شۇ چاغدا 169 يىل ھۆكۈم سۈرگەن تاڭغۇت خانلىقىنى يەكسان قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن چىڭگىزخاننىڭ ئوغۇللىرى دادىسىنىڭ جەسىتىنى دەپنە قىلدى. مىلادىيەنىڭ 1229- يىلى دادىسى چىڭگىزخاننىڭ ئورنىغا قاغان بولغان ئوكتايخان شۇ يىلى چىڭگىزخاننىڭ شەرىپىگە موڭغۇل ئادىتى بويىچە ناھايىتى چوڭ قۇربانلىق ئۆتكۈزدى. ئوكتايخان ئاۋامغا ئۈچ كۈنگىچە دادىسىنىڭ مۇقەددەس روھىغا ئاتاپ يېمەك- ئىچمەكلەرنى بېرىشنى بۇيرۇدى. شۇ چاغدىكى تۈركلەرنىڭ ئائىلىلى-

رىدىن 40 نەپەر گۈزەل قىزنى تاللاپ، قىزلارنىڭ ھەممىسىگە ئەڭ چىرايلىق كىيىم - كېچەكلەرنى كىيدۈردى، قىممەتلىك، بەكمۇ ئېسىل زىبۇزىننەت جابدۇقلىرىنى تاقىدى. بۇ قىزلار ئۇ دۇنيادا چىڭگىزخانغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدى.

دېمەك، چىڭگىزخاننىڭ تىرىكمۇ، ئۆلۈكمۇ تۈرك ئاھالىلىرىگە شۇنداق ياۋۇزلۇق قىلغان. سىز قارشى تۇرۇۋاتقان موڭغۇل بەگلىرى دەل شۇنىڭ مۇقامىغا دەسسەۋاتقانلاردۇر. مانا شۇنداق نەسەبكە ۋارىسلىق قىلماقچىسىز، شاھزادەم. بۇ ئىشلارغا قانچىلىك غەزەپلەنسىڭىز ۋۇجۇدىڭىزدا باتۇرلۇق جۇش ئۇرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن سىزنى قوللايدىغان دوستلار كۆپ بولسۇن، سىزنى قوللايدىغان ئەل كۆپ بولسۇن. تەڭرىتېغىنىڭ ئېتىكى بىزنىڭ تۇرالغۇمىز، مەھەللە بەگلىرى بىزنىڭ ئوڭ قولىمىز ۋە سول قولىمىز، ئۇلار بىرلەشسە بۈيۈك كۈچ ئۆرە بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلار بىلەن بىرلىشىشىڭىز، بولۇپمۇ سىزنى ئاقسۇغا تەكلىپ قىلىپ كەلگەن دوغلات جەمەتى بىلەن قويۇق ھەمكارلىشىشىڭىز، ئۇلارنى خانلىقنىڭ يۇقىرى ئورۇنلىرىدا خىزمەتكە قويۇشىڭىز كېرەك. مېنىڭچە بولغاندا، مەيلى قانداقلا ئىش بولسۇن، ئەلنىڭ رايى، ھەقنىڭ ھۆكمى بويىچە بولسا چوقۇم زەپەر قۇچىسىز، رەقىبلىرىڭىز ھامان گۇم بولىدۇ، بىر ئۆمۈر ياخشى نام قالدۇرىسىز. بۇنىڭغا مەن ئىشىنىمەن، شاھزادەم...

# يىگىرمە بىرىنچى باب تۇغلۇق تۆمۈرخان تەختتە

## 1

بۈگۈن كۈسەن دىيارى بايرام تۈسىگە كىرگەنىدى. چۈنكى، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ تەختكە ئولتۇرۇش مۇراسىمى بۈگۈن ئۆتكۈزۈلەتتى. ھەممە ئادەمنىڭ چىرايىدا شادلىق، كۆلكە ئوينايتتى. كەڭرى دالا، باغلارغا ئېسىلغان داشقازانلاردا گۆش پىشىقلاپ قاينىماقتا ئىدى. ئەمىر بۇلاجى ھەممە جايغا خەۋەر يوللاپ، بارلىق ئەمىرلەرنىڭ تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ تەختكە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ بېرىشىنى سورىغانىدى. شۇڭا، كۈسەن دىيارىدا تاڭ يورۇماستىنلا تەرەپ-تەرەپتىن كەلگەنلەر ئارىسىدا ئوغلاق تارتىشىش، چېلىشىش، ئوقيا ئېتىش، قىلىچۋازلىق قاتارلىق ھەرخىل پائالىيەتلەر جانلىنىپ كەتكەنىدى. ئېسەن بۇقا تەختنى تاشلاپ چىقىپ كېتىپ، ئارقىسىدىن ساتىلمىش خاتۇن ئەقلىدىن ئېزىپ، «نەدە سەن ئېسەنىم؟» دەپ تولا سۆزلەپ غايىب بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، كۈسەن دىيارىغا ھازىرقىدەك جان كىرىپ باقمىغانىدى. تەخت خانسىز قالغان ئىككى يىلدىن بېرى تەپرىقىچىلىك، بۆلۈنۈش، پېتىشماسلىق ئىچىدە خارابلىشىشقا يۈزلەنگەن كۈسەن دىيارى مانا ئەمدى بىر كۈن ئىچىدىلا ئاۋاتلىشىپ كەتكەنىدى.

تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ تەختكە ئولتۇرۇش مۇراسىمى ئوردىدا ئەمەس، كۈسەننىڭ شىمالىدىكى تاغ باغرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب، يېڭى پادىشاھ تۇغلۇق تۆمۈرخاننى كۆپرەك خەلققە كۆرسىتىش، ئۇنىڭ ھەيۋىتىنى ئاشۇرۇش ئىدى. چۈنكى، قانداقلا

ئادەم بولسۇن ، تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغان بۇ خانغا قىزىقاتتى ، ئۇنى كۆرۈشنى ئويلايتتى .

تاغ باغرىدىكى ھەيۋەتلىك تەخت ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى . تەختنىڭ ئەتراپىدا سەپ تۈزگەن ياساۋۇللار قېتىپ قالغاندەك تۇراتتى .

— خان ئالىيلىرى كەلدى ! — دېگەن ئۇزۇن ئاۋاز ھەممە ئادەمنىڭ دىققىتىنى تەختكە مەركەزلەشتۈردى . بىر چاغدا تەختنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ناھايىتى ھەيۋەتلىك كىيىنگەن تۇغلۇق تۆمۈرخان ئالدىراپ ماڭماي مېڭىپ تەخت يېنىغا كەلدى ۋە تۆۋەندىكىلەرگە ئاۋۇال ئېگىلىپ ، ئاندىن ئىككى قولىنى جۈپلەپ سالام بەردى .

ھەممە ئىشنى ئەمىر بۇلاجى بىر قوللۇق ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ ، ئەڭ كىچىك ئىشلارغا قەدەر ناھايىتى دىققەت قىلىنغانىدى .

تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئەمىر بۇلاجى قاتارلىق ئەمىرلەر ناھايىتى ئىززەت - ئىكرام بىلەن تەختكە ئولتۇرغۇزدى ، ئاندىن خاننىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئۇنىڭغا باش قويدى . تۇغلۇق تۆمۈرخان يەنە تەختتىن چۈشۈپ ئەمىر بۇلاجى قاتارلىق ئەمىرلەرنى بىرمۇبىر ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ ، تەخت ئەتراپىدىكى ئورۇنلارغا ئولتۇرغۇزدى .شۇ ھامان تۆۋەندىن — ئاۋۇال ياساۋۇللار ئارىسىدىن ، ئاندىن پۈتۈن ئاۋام ئارىسىدىن «تۇغلۇق تۆمۈرخان ! تۇغلۇق تۆمۈرخان ! » دېگەن سادالار ياڭراپ ، چەكسىز دالىنى لەرزىگە سالدى . ئالقىش سادالىرى بېسىقمىغاندەك ئەمەس ئىدى . شۇڭا ، تۇغلۇق تۆمۈرخان بىر قولىنى كۆتۈرۈپ تۆۋەندىكىلەرنى توختاشقا ئىشارەتلىدى ، چەكسىز ئادەملەر توپى سۈكۈتكە پاتتى . ھەممە يېڭى خاننىڭ نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىغا دىققەت قىلىۋاتاتتى .

— مەن ئەلنىڭ بالىسى ، يۇرت پەرزەنتى — سىلەرنىڭ پەرزەنتىڭلار ! — تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ كۈچلۈك ئاۋازى ياڭرىدى ، — مەن سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا راستىنىلا ئۆز ئاتامنىڭ قانخورلۇقىغا ، ياۋۇزلۇقىغا ئېچىنىمۇ غەزەپلىنىمەن . چۈنكى ، ئۇ سىلەر ئۇچۇن پۈتمەس - تۈگىمەس قان - قىساسلارغا قەرزدار . مانا شۇنىڭ ئۇچۇن ئالدىڭلاردا

خىجالەتتە مەن . سىلەردىن ئىبسەن بۇقا ئاتامغا ۋاكالىتەن ئەپۇ سورايمەن . بۇ گەپنىڭ ھەقلىقىدە قىلچە شەك - شۈبھە يوق . لېكىن ، شۇنداق بىر ھەقىقەتمۇ بار ، ھازىر تەخت تالىشىۋاتقانلارنىڭ ئاتىسى ھەرگىزمۇ ئىبسەن بۇقا ئەمەس ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ پۇشتىدىن تامغان ئەمەس ، پەقەتلا ھازىر ئالدىڭلاردا تۇرغان مەنلا ئۇنىڭ پۇشتىدىن بولغان. شۇڭا ، ھازىر توپىلاڭ كۆتۈرۈپ قۇتراۋاتقانلار ، ئەلنى قايمۇقتۇرۇۋاتقانلار چوقۇم جازاغا تارتىلىشى كېرەك . ئۇلار بۇ ھەقىقەتتىن ھەرگىزمۇ باش تارتىپ قاچالمايدۇ !

بىزنىڭ دۇنيانى ، ھاياتنى يەنىلا چۈشىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ . دۇنيانىڭ قانۇنىيىتى شۇكى ، قىش بار ، ياز بار ، باي بار ، كەمبەغەل بار ، زۇلۇم بار ، شادلىق بار ، ئالىم بار ، زالىم بار . بۇنى بىلگەنلا ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەجدادىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىگە باھا بېرەلەيدۇ . لېكىن ، پۇشتىدىن يۈز ئۆرۈيەلمەيدۇ . ئەلۋەتتە ، مەن ئىبسەن بۇقىنىڭ ئوغلى دەپ پەخىرلىنەلمەيمەن ، ھەتتا ئاتام بولمىش ئىبسەن بۇقىنىڭ نۇرغۇن سەۋەنلىكلىرىنى مېنىڭ تۈزىتىشىمگە توغرا كېلىدۇ . شۇنداقكەن ، مەن جەزمەن ئىبسەن بۇقىنىڭ پەرزەنتى بولۇش سۈپىتىم بىلەن خانلىقنى مۇستەھكەملەپ ، خەلقنى خاتىرجەم قىلىمەن ! ماڭا سىلەر مەدەتكار بولۇڭلار ، مەن سىلەرنىڭ ئادىل خانىڭلار بولاي !

تۆۋەندىن «تۇغلۇق تۆمۈرخان ! تۇغلۇق تۆمۈر خانىمىز !...» دېگەن ئاۋازلارغا قوشۇلۇپ كۈچلۈك قىيقاس - سۈرەن كۆتۈرۈلدى . ھەرخىل باش كىيىملەر ئاسمانغا ئۇچتى . قەدىمىي يۇرت كۆسەن دىيارى لەرزىگە كەلدى...

مانا بۇ مىلادىيەنىڭ 1348- يىلى ئىدى .

## 2

تۇغلۇق تۆمۈرخان تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن ، ئاۋۋال ئىشنى ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشتىن باشلىدى . ئۇ ئەمىر بولاجىنىڭ ئۆ-

زىنى تەكلىپ قىلىشتىكى تۆھپىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى بەگلەرنىڭ بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇنىڭ يەنە ئابائىي - ئەجدادلىردىن مىراس بولۇپ كەلگەن ئۈچ مەنسەپكە يەنە ئۈچ مەنسەپ قوشۇپ، قولىغا يارلىق دەستىكى بېرىپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى يۇقىرى ئورۇن بەردى. نەتىجىدە ئەمىر بۇلاجىنىڭ شۆھرىتى مىسلىسىز دەرىجىدە ئېشىپ، خاندىن قالسىلا موغۇلىستان خانلىقىدىكى ئەڭ ھوقۇقلۇق ئادەم بولۇپ قالدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئوردا ئىشلىرىنى بىر قۇر رەتكە سالغاندىن كېيىن، خانلىق مەركىزىنى ئالمالىققا يۆتكىدى.

بۇ مىلادىيەنىڭ 1352- يىلى ئىدى.

* * *

خانلىقنىڭ ئالمالىققا يۆتكەلگىنىگە تېخى ئۇزاق بولمىغانىدى. بىر كۈنى تاڭ سەھەردە ئوردىغا يېقىنلا يەردىن بىرسىنىڭ ياڭراق ئاۋازدا ئەزان ئېيتقانلىقى ئاڭلاندى. بۇ كۈنى ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى. ئەمما، يېقىندىنلا ئاڭلىنىدىغان بۇ ئەزان ئاۋازى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ دىققىتىنى تارتتى.

— نەچچە كۈندىن بېرى، — دېدى خان بىر كۈنى تاڭ سەھەردە ياساۋۇللارغا، — بىرسى ئەزان ئېيتىپ ئۇيقۇمنى بۇزۇۋاتىدۇ. ئۇنى ھازىرلا ئوردىغا چىللاڭلار!

شۇ تاپتا ھېلىقى ئادەم يەنە ئەزان ئېيتماقتا ئىدى. ياساۋۇللار ئۇنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ سۆرىگەنچە خان ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

— كىمسەن، تاتلىق ئۇيقۇنى قاتتىق ئاۋاز بىلەن بۇزۇپ؟ — دېدى تۇغلۇق تۆمۈرخان قاپىقىنى تۈرۈپ.

— مەن مەرھۇم مەۋلانە جامالىدىن كېتىكىنىڭ ئوغلى مەۋلانە ئەرشىدىن بولىمەن، خان ئالىيلىرى، — دېدى ھېلىقى ئادەم، — ئۆزلىرى خانلىققا ئولتۇرغاندىن كېيىن، نۇرى ئىسلامغا مۇيەسسەر بولىمەن دەپ ئاتامغا ۋەدە بەرگەن ئىكەنلا، ئەمما رەھمەتلىك ئاتام ئۇ كۈنلەرنى كۆرەلمەي باقىي ئالەمگە رىھلەت قىلدى. شۇنداقتىمۇ

ئۇ ماڭا سىلىنىڭ ۋەدىلىرىنى ئەسلىرىگە سېلىشىمنى، سىلىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشلىرىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشىمنى بىردىنـ بىر ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇرۇپ كېتىپ قالدى. مەن ئەنە شۇ ئاتامـ نىڭ ۋەسىيىتى ۋە ئاللانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئوردىلىرىغا كەلگەنىـ دىم. بىراق، ھەرقانچە قىلىپمۇ قوبۇلخانىلىرىغا كىرەلمىدىم. شۇـ ڭا، ھەر كۈنى ئوردا ئالدىدا ئەزان توۋلىدىم…
خان دەرھال ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەم شۇ كۈنى مەۋلانە ئەرشىدىن ۋە خىزمەت ئىسمىلىك بىر داموللىنىڭ رىياـ سەتچىلىكىدە داغدۇغىلىق ھالدا ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى جاـ كارلاپ، ئىمان ئېيتىش رەسمىيىتىنى ئادا قىلدى. بۇ مىلادىيەنىڭ 1353ـ يىلى، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ 24 يېشىدا يۈز بەرگەن ۋەقە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئاشكارا ھالدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان موڭغۇل خانى بولۇپ قالدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان مۇسۇلمانچە ئىسمىنى ئەبۇبەكرى دەپ ئاتىدى. ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن قۇيۇلغان پۇللارغىمۇ ئەبۇبەكرى دەپ يېزىلدى. كېيىن ئەبۇبەكرى دېگەن ئىسمىغا مۇھەممەد قوشۇلۇپ، مۇھەممەد تۇغلۇق دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.
تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىمان ئېيتىشتىن بۇرۇن چاغاتاي نەسەبىدىكى خانلاردىن بۇراق خان، كىپەك خان، بولۇپمۇ تارماشىرى قاتارلىقلار ئىمان ئېيتىپ بولغان، ئىسلام دىنى چاغاتاي نەسەبىدىكى خانلار ئارىسىدا يىلتىز تارتىپ بولغانىدى.
سابىق چاغاتاي خانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ماۋرەئۇننەھر رايونىدا ئىسلام دىنى ئىلگىرى ناھايىتى روناق تاپقانىدى. موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ دىنغا كەڭچىلىك قىلىش سىياسىتىنى قوللىنىشى ئارقىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى تەدرىجىي ھالدا ئامەت تاپقان بولۇپ، دىنىنىڭ نوپۇزلۇق رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا پەيـ غەمبەر ئەۋلادىدىن بولغان ئۆلىمالار ۋارىسلىق تۈزۈمى بويىچە قويۇلـ غان، بۇخارا قاتارلىق جايلاردىكى دىنىي ئورگانلار شەرقىي قىسمىدىـ كى رايونلارغا سىڭىپ كىرىشنى زادى توختاتمىغانىدى. ئەل ئارىسىدا

تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا ئەڭ بۇرۇن دەۋەت قىلغان شەخس جامالىددىنمۇ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا دىن تارقىتىشقا بۇخارادىكى دىنىي تەشكىلاتنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كەلگەن دېگەن گەپ بار ئىدى . دېمىسىمۇ ، مەۋلانە جامالىددىن ۋاپات بولۇش ئالدىدا مەۋلانە ئەرشىدىدىنىڭ تۇغلۇق تۆمۈرگە ئىمان ئېيتقۇزۇشىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىش توغرىسىدا بۇخاراغا مەكتۇپ ئەۋەتكەنىدى . ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي بۇخارا شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا بەش نەپەر ئىسلام دىنى ئۆلىماسىنى ئەۋەتكەنىدى...

تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ، مەۋلانە ئەرشىدىن ۋە خىزمەت داموللا بىلەن بىرلىكتە ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرىنى بىر - بىرلەپ چاقىرىپ ، ئۇلارنى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا بۇيرۇشنى ، ئۇلارغا خىزمەت ئىشلەشنى ، جاھىللىق قىلغانلارنى جازالاشنى قارار قىلغانىدى . دېگەندەك ، ئوردى-غا بۇلاجىنىڭ ئاكىسى ، ئۇلۇس بېگى (ئەمىرلەر ئەمىرى ) تۇلەك ئاۋۋال چاقىرتىلىپ تەكشۈرۈلدى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئۈچ يىل بۇرۇن قەشقەردە ئىمان ئېيتقانلىقىنى ، ئەمما خاندىن قورقۇپ ، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى ئاشكارا قىلماي كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ ھەممىنى خۇرسەن قىلىۋەتتى . شۇڭا ، تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۆزى بىۋاستە رىيا-سەتچىلىك قىلىپ ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقۇزۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بەردى .

نۆۋەت ئەمىر جالاسقا كەلگەندە ، ئۇ ئۆزىنىڭ موڭغۇل پالۋىنى ساتاخ بۇقا بىلەن خىزمەت داموللىنى مۇشتلىشىشقا سېلىشنى ، ئەگەر مۇسۇلمان موڭغۇلنى يېڭەلمىسە ، ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى . شۇنىڭ بىلەن ئوردىدا سورۇن تۈزۈلۈپ ، ساتاخ بۇقا بىلەن خىزمەت داموللا چېلىشىشقا چۈشتى . ئۇزاققا سوزۇلغان چېلىش ئوردا ئىچىدە ناھايىتى جىددىيچىلىك پەيدا قىلدى . نىھايەت بىر چاغدا خىزمەت داموللا «يا ئاللا» دېگىنىچە ساتاخ بۇقانى كۆتۈرۈۋالدى ۋە بىرنەچچە ئايلاندۇرۇپ ، پىرقىرىتىپ ئېتىۋەتتى . چېلىش كۆرۈۋاتقان-لار ئىچىدە ئۇزاققىچە ئالقىش ياڭرىدى . مانا شۇ ۋاقىتتا قوزغالغان

ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىش قىزغىنلىقى بىر كۈن ئىچىدىلا 160 مىڭ موڭغۇلنىڭ ئۆزىنى چاچلىرىنى كېسىپ، مۇسۇلمان بولۇشىغا سەۋەب بولدى...

## 3

تۇغلۇق تۆمۈرخان يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ، ئىسلام دىنىنى ھاكىمىيەت كۈچى بىلەن قوغداش قارارىغا كەلدى. ئۇ مۇسۇلمان بولمىغان كىشىلەرنى ئىمان ئېيتىشقا چاقىرىپ، ئۆز ئاغزى بىلەن بۇيرۇق چۈشۈردى ھەم ئەرشىدىنىنىڭ ئىلتىماسىغا بىنائەن، 60 كىشىلىك مۇھاپىزەت ئەترىتىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئەرشىدىنىنى كۇچاغا دىن تارقىتىشقا ئەۋەتتى. گەرچە بۇرۇنمۇ كۇچادا بەزى سوپىزم تەرغىباتچىلىرى ھەرىكەت قىلغان، ھەتتا نەچچە ئون يىل ئىلگىرى ھىندىستاندىن كەلگەن شەيخ نىزامىدىن دېگەن دەرۋىش كۇچانىڭ ئاشىقلار بېغى دېگەن يېرىدە بىر خانىقا سالدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام دىنى بۇددىزم كۈچلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ كېلىۋاتاتتى. ئەرشىدىن كۇچاغا بارغاندىن كېيىن، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قوللىشى بىلەن دىنىي تەرغىباتنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇۋەتتى. دەل مۇشۇ مەزگىلدە بۇخارا دىنىي مۇئەسسەسەلىرى ئىمام پەتتارنى ئاقسۇ ۋە بۇگۇرنىڭ، سۇلايمان پارسىنى شايارنىڭ دىنىي ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىشقا ئەۋەتتى. ھۆكۈمەت قوللىغان، ھەر ساھە دىنىي كۈچلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بۇنداق دىن تارقىتىش ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى بىلەن كۇچا، شايار، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى ئاھالىلەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىسلام دىنىغا تولۇق كىردى.

مانا شۇ ئىشلار يۈز بەرگەندىن كېيىن، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ بىراقلا داڭقى چىقىپ كەتتى. دېمىسىمۇ، ئۇ ھەققانىي، تۆھپىكار خان ئىدى.

# يىگىرمە ئىككىنچى باب تۇغلۇق تۆمۈرخان ماۋرەئۇننەھردە

## 1

ئاقساق تېمۇر مىلادىيە 1336- يىلى سەمەرقەندنىڭ جەنۇبىغا تەخمىنەن 130 چاقىرىم كېلىدىغان كېش (بۈگۈنكى شەھرىسەبىز )نىڭ سەبۇزار كەنتىدە تۇغۇلغان . تېمۇر بىر چوڭ ئىمپېرىيىنىڭ ھۆكۈمرانى بولغاچقا ، كېيىنكى زاماندىكى تارىخچىلار ئۇنىڭ پارلاق ئۆمۈر تارىخىنى يازدى . رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ، بارلاس قەبىلىسى چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىغا ئەگىشىپ ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەن . تېمۇرنىڭ بوۋىسى — بارلاس قەبىلىسىنىڭ باشلىقى قاراچار چاغاتاي خاننىڭ قول ئاستىدىكى بىر قوشۇننىڭ قوماندانى ئىدى . يەنە بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ، ئۇنىڭ ئەجدادلىرى چىڭگىزخان جەمەتى بىلەن نەچچە ئەۋلاد قۇدا - باجا بولۇشۇپ كەلگەنىكەن . ئەگەر بارلاسلار موڭغۇللاردىن كەلگەن دېيىلسە ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغىنىغا 100 نەچچە يىل بولغان بولاتتى . ئەمەلىيەتتە ، بۇ قەبىلە ئاللىقاچان تۈركلىشىپ بولغانىدى . بەزىلەر مۇنداق قارايتتى : تېمۇرنىڭ ئەجدادى چارۋىچى بولۇپلا قالماي ، قوشۇمچە قاراقچىلىقمۇ قىلاتتى . تېمۇرنىڭ ئاتىسى تارقاي بارلاس قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئىدى . تېمۇرنىڭ ئۆزى قانداشلىق ، تىل ، ئېتىقاد ، ئادەت ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە تامامەن بىر تۈرك ئىدى . ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرىغا ئېتىقاد قىلغاچقا ، ھۆكۈمرانلار ئۆزىنىڭ چىڭگىزخان جەمەتىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىدىن شەرەپ ھېس قىلاتتى . چىڭگىزخان جەمەتىگە مەنسۇپ بولمىغان ھۆكۈمرانلار چىڭگىزخان جەمەتىدىكىلەر بىلەن

قودا - باجا بولۇپ، يېقىنچىلىق قىلىپ ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى كۆتۈرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. ۋاھالەنكى، تېمۇرنىڭ تارىخچىلىرىنىڭ نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر، موڭغۇللار تېمۇرنى ئاقسۆڭەك دەپ قارىمايتتى، بەلكى خائىن ۋەزىر دەپ قارايتتى.

تېمۇر ياش ۋاقتىدا غازىخاننىڭ قول ئاستىدا خىزمەتتە بولۇپ، مىڭبېشى بولغانىدى. غازىخان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللا ئۆلگەندىن كېيىن، يۇلدۇز قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى بايان ئۆز ئالدىغا خانلىق قۇرغانلىقىنى جاكارلىدى. بىراق، باشقا ئەمىرلەر بويسۇنمىدى. ھەرقايسى جايلاردىكى قەبىلە باشلىقلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئۇرۇش قوزغاپ مۇستەقىللىق جاكارلىدى، قالايمىقانچىلىق، ئۇرۇش توختىمىدى. تارقاينىڭ ئوغلى تېمۇر ئادەم توپلاپ ئۆزىنىڭ كۈچىنى ئاشۇردى.

ماۋرەئۇننەھر رايونى يۇقىرىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەردىن كېيىن بۆلۈنۈپ قالايمىقانلاشقانىدى. شەرقىي خانىدانلىقتىكى تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋارىسلىق ھوقۇقىغا ئاساسەن بۇ رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا، ئۇ 1360- يىلىنىڭ باھار ئايلىرىدا ئەسكەر توپلاپ ماۋرەئۇننەھر رايونىغا ھۇجۇمغا ئاتلاندى.

تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قوشۇنى خۇددى ئۇشتۇمتۇت چىققان قارا بوراندەك تاغ چوققىلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، توسالغۇلارنى ۋەيران قىلىپ، توپتوغرا ماۋرەئۇننەھرگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئۇنىڭ ئۆز خانلىقىغا تەۋە يەرلەردىن توپلانغان قوشۇنى ناھايىتى جەڭگىۋار، جۇشقۇن ئىدى. بۇ قوشۇن موڭغۇللارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇلىدا تەربىيىلەنگەن بولۇپ، ھاۋارايىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دائىم قېلىن جۇۋا كىيىپ يۈرەتتى. ئۇلار بويى پاكار، ئەمما كۈچلۈك، يايلىرى تىك تۇرىدىغان ئاتلارغا مىنىپ قاتتىق ئىنتىزام بىلەن تەشكىللەنگەن مىڭلىق، يۈزلۈك ۋە ئونلۇقلىرى بويىچە شەھەر - يېزىلارغا بېسىپ كىرەتتى. ئۇلار ئەنە شۇنداق ھەيۋەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، سىر دەرياسى بويىدىكى تاشكەنت تۈزلەڭلىكىنىڭ «جاق بۇلاق» دېگەن يېرىگە كەلگەندە، تۇغلۇق تۆمۈرخان قوشۇنىغا توختاش بۇيرۇقى

چۈشۈردى ۋە دۈشمەن ئەھۋالىنى كۆزىتىشكە كەرەي قاتارلىق ئۈچ ئايماقنىڭ بەگلىرىنى ئەۋەتتى . ئاردىن بىرنەچچە ئاي پىششىم ئۆتكەندە ئۇلار قايتىپ كەلدى ۋە شەھەر مۇداپىئەسىنىڭ ئۇنچە مۇستەھكەم ئەمەسلىكىنى مەلۇم قىلدى . توغلۇق تۆمۈرخان قوشۇنىغا دەرھال سىر دەرياسىدىن ئۆتۈپ ، جالايىر قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى بەياجىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كېشكە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى . كېشتە تۇرۇۋاتقان بارلاس قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى ھاجى (ئاقساق تېمۇرنىڭ تاغىسى ) توغلۇق تۆمۈرخاننىڭ شىددەتلىك ھۇجۇم باشلىغانلىقىنى ئاڭلاپ ، جەڭ قىلىشتىن يالتىيىپ ، خۇراسانغا قاراپ قاچتى ھەم چۆلدىن ئۆتۈپ ئامۇ دەرياسى بويىغا كېلىۋالدى . دەل مۇشۇ چاغدا ئەمىر تېمۇر توغلۇق تۆمۈرخاندىن ئۆزىنى كېشكە قايتۇرۇشنى ، پۇقرالارنى ئەمىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن جەڭگە ئەۋەتىشنى ئىلتىماس قىلدى .

— خان ئالىيلىرى ، ئەمىر تېمۇر ئۆزلىرىنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ئۈچۈن باش ئېگىپ كەپتۇ ، سىرتتا بىرنەچچە نۆكەر بىلەن ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ ،— دېدى ئەمىرلەردىن بىرى بارگاھقا كىرىپ .

— ئۇلار ئالدىمغا كىرسۇن !— دېدى توغلۇق تۆمۈرخان .

ئەمىر تېمۇر شاھنىڭ ئالدىغا كىردى . توغلۇق شۇ ھامان ئورنىدىن تۇرۇپ تەختتىن چۈشتى ۋە 25 ياشلار ئەتراپىدىكى تېمۇرنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— مەرھابا ، سىزنىڭ قېشىمىزغا كەلگەنلىكىڭىزدىن ناھايىتى چوڭ بەخت ھېس قىلىۋاتىمەن . قېنى ، بۇياققا كېلىپ ئولتۇرۇڭ ئىنىم ،— دەپ ئۇنى ئۆزى بىلەن باراۋەر ئورۇندا ئولتۇرغۇزدى .

— ئاللا ئۆمرىڭىزنى ئۇزۇن قىلسۇن ، شاھىم ،— دېدى ئەمىر تېمۇر ،— بۇرۇندىنلا سىزنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىك ، ئىمانى كامىل پادىشاھ ئىكەنلىكىڭىزنى ئاڭلىغانمەن . مانا ئەمدى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن . شۇ تاپتا سىزگە بەيئەت قىلىپ بەكمۇ توغرا قىلغانلىقىمنى ھېس قىلىۋاتىمەن ، باشپاناھلىق قىلغايسىز...

شۇ كۈنى توغلۇق تۆمۈرخان تېمۇرنىڭ شەرىپىگە مول داستىخان

هازىرلىدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن خۇددى ئۆزىنىڭ ئىنىسىدەك پاراڭلى-
شىپ ، نامازنى بىرگە ئۆتىدى . بۇ كۇنى يەنە ماۋرەئۇننەھر رايونىدىكى
ناھايىتى كۆپ دىنىي ئەربابلار ، دىندار مۇسۇلمانلار تۇغلۇق تۆمۇرخان-
نىڭ بۇ يەرگە قەدەم باسقانلىقىنى تەبرىكلىدى .

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ تۇغلۇق تۆمۇرخان تېمۇرنى كېش
ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ نازارەتچىلىكىگە قويغانلىقىنى جاكار-
لىدى .

مانا شۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن ماۋرەئۇننەھر رايونى تۇغلۇق تۆ-
مۇرخاننىڭ قولىغا ئۆتتى . تۇغلۇق تۆمۇرخان ماۋرەئۇننەھر رايونىنى
ئۆز تەسەررۇپىغا ئالغاندىن كېيىن ، بۇ رايوننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى
بىلەن تونۇشتى ۋە بىر قىسىم مۇھىم مەمۇرىي تەدبىرلەرنى بېكىتتى .
شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە تويۇقسىز كەلگەن مۇنداق بىر خەۋەر تۇغلۇق
تۆمۇرخاننى مۇددەتتىن بۇرۇن ماۋرەئۇننەھردىن ئەسكەرلىرىنى باش-
لاپ ئالمالىقتىكى ئوردىغا تېزلىكتە قايتىشقا مەجبۇر قىلدى :

«خان ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغان ،— دەپ باشلانغانىدى مەلۇماتنا-
مە ،— ئۆزلىرى لەشكەر تارتىپ ماۋرەئۇننەھر تەرەپلەرگە كەتكەندىن
كېيىن ، ئالمالىقتىكى بۇرۇن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بىر قىسىم
كۆچمەن چارۋىچى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلەر توپىلاڭ كۆتۈردى . بۇنىڭ
تەسىرى بىلەن كۇچا ، شايار قاتارلىق جايلاردىكى بۇددىستلارمۇ مۇشت
كۆتۈرۈپ چىقتى . ھازىر بۇ جايىنىڭ ۋەزىيىتى ناھايىتى جىددىي پەيتتە
تۇرۇۋاتىدۇ . توپىلاڭچىلار كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ قۇتراپ كېتىۋا-
تىدۇ... »

## 2

تۇغلۇق تۆمۇرخان ئوردىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، توپىلاڭ
كۆتۈرگەن بۇددىستلارنى تازىلاپلا قالماستىن ، بۇ جايدا ئىسلام دىنى-
نىڭ تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى ئې-
لىپ بېرىپ ، ئاقسۇدىن كۇچاغىچە بولغان كەڭ رايوندا ئىسلام دىنىنى

تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى . نەتىجىدە شۇنىڭدىن باشلاپ كۇسەن بۇد-
دىستلىرى ئەلتۆكۈس مەغلۇپ بولۇپ ، قايتا باش كۆتۈرەلمىدى...

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي تۇغلۇق تۆمۈرخان ماۋەرەئۇننەھردىن كەل-
گەن مۇنداق بىر خەۋەرنى تاپشۇرۇۋالدى : «شاھ تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ
ئالمالىققا قايتقانلىقىنى ئاڭلاپ ، ھاجى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ،
خۇراساندىن قايتىپ كېلىپ ئەمىر تېمۇرنى مەغلۇپ قىلىپ ، ئۇنىڭ-
دىن كېشنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تاپشۇرۇشقا قىستاۋاتىدۇ» .

تۇغلۇق تۆمۈرخان بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، 1361- يىلى
ئەمىر تېمۇرنى يۆلەش ئۈچۈن قايتىدىن ماۋەرەئۇننەھرگە يەنە بىر
قېتىم چاقماق تېزلىكىدە ھۇجۇم قىلدى . موغۇل قوشۇنى يېتىپ
كەلگەندە ماۋەرەئۇننەھردىكى بەيان سۇلدۇس ، بايان جالايىر ، خىزىر
بۆرە قاتارلىق ئەمىرلەر تۇشمۇتۇشتىن تەسلىم بولدى . تۇغلۇق تۆمۈر-
خان ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەجايىنى قەتل قىلىپ تاشلىدى . ئەسلىدە
ئامالسىز قالغان ھاجىمۇ سالامغا تەييارلانغانىدى . ئەمما ، ئەمىرلەر-
نىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ، قورقۇپ كېتىپ كېشكە كەتتى ۋە
ئۇ يەردە ئادەملىرىنى توپلاپ قارشىلىق قىلىشقا تەييارلاندى . بىراق ،
يەنە ئۈمىد قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ خۇراسانغا قاراپ قاچتى ۋە
خۇراساندا ئىنىسى بىلەن بىرلىكتە قاراقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ
قېلىپ ئۆلتۈرۈلدى . بۇنىڭ بىلەن تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەمىر تېمۇرنى
بارلاس قەبىلىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى .

موغۇللار ھۇجۇم قىلغاندا ئەمىرلەر قاچماي تەسلىم بولدى .
شەھەر - قەلئەلەردىكى خەلق ئازراق قارشىلىق كۆرسەتتى . بىراق ،
قوزغىلاڭچىلار ئاخىر يەنە موغۇللار تەرىپىدىن باستۇرۇلدى . تۇغلۇق
تۆمۈرخان ماۋەرەئۇننەھردىكى شەھەرلەرنى تىنچىتقاندىن كېيىن ، شۇ
يىلى قىشتا ئافغانىستاننى ئىگىلەپ تۇرغان ئەمىر تېمۇر قوشۇنىنى
جازالاش ئۈچۈن ئەسكەر باشلاپ بېرىپ ۋاقشى دەرياسىنىڭ بويىغا
بارگاھ قۇردى . تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قوشۇنى تۆمۈر قوۋۇقتىن ئۆت-
تۈپ ، ئىككى تەرەپ تىركىشىش ھالىتىگە كەلگەندە دۈشمەن قوشۇنى
تۇيۇقسىز موغۇللار قوشۇنىغا تەسلىم بولدى . بەزى سانغۇنلار ئەھۋال-

نىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ قېچىپ كەتتى . تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۇلارنى قوغلاپ ھەتتا قۇندۇزغىچە باردى . ئۇمۇ چىڭگىزخانغا ئوخشاش ھىندىقۇش تېغىدا باھار ۋە يازنى ئۆتكۈزدى .

ئىككىنچى يىلى كۈزدە تۇغلۇق تۆمۈرخان سەمەرقەندكە قاراپ ئاتلاندى . بۇ چاغدا ئۇ پۈتكۈل ماۋرەئۇننەھرنى ۋە ئافغانىستاننىڭ شىمالىي رايونلىرىنى ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسى ئىچىگە كىرگۈزگەندى . تۇغلۇق تۆمۈرخان بويسۇندۇرۇلغان يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنى ئۆز ئوغلى ئىلياس خوجىغا تاپشۇرۇپ بەردى ھەم ئەمىر بېجىك قوماندانلىقىدىكى بىر قىسىم قوشۇننى ئۇنىڭغا ئايرىپ بەردى ، شۇنداقلا ئەمىر تېمۇرنى ئىلياس خوجىنىڭ مۇشاۋىرلىقىغا تەيىنلەپ ، ماۋرەئۇننەھرنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلدى . ئۆزى بولسا شەرقىي قىسمىدىكى موغۇلىستانغا قايتىپ كەتتى . بۇ ۋاقىتتا موغۇلىستان خانلىقىنىڭ تەسىر دائىرىسى شەرقتە قاراشەھەر ۋادىسىدىن باشلاپ جۇڭغار ئويمانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەنۇبىي ۋە شىمالىي تەڭرىتاغ رايونلىرى ، شىمالدا قاڭلى ۋە كىرەي قەبىلىسىنىڭ يۇرتى بولغان يەتتىسۇ رايونى (بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبى ) ، جەنۇبتا قارا قۇرۇم تاغلىرى ، غەربتە بۇخارانىڭ شەرقىدىن باشلاپ قۇندۇز ، ئامۇ (جەيھۇن ) دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىن تا ھىندىقۇش تاغلىرىغىچە بولغان كەڭ رايونلارغا سوزۇلغانىدى .

## خاتىمە

تۇپرىقى مۇنبەت ، ئەتراپى پۈتۈنلەي چىمەنلىك بىلەن ئورالغان
كېيىنكى خانلىق مەركىزى ئالمالىق تولىمۇ ئاۋات شەھەر ئىدى .
خانلىققا قارايدىغان پۈتكۈل قەبىلىلەرنىڭ سىرتقى ئورۇنلار بىلەن
مۇناسىۋەت قىلىشىغا شارائىتى ناھايىتى قولايلىق ئىدى . ئىسلامىيەت
مەركىزى بولغان ئالمالىق يىپەك يولىدىكى مەركىزىي قاتناش تۈگۈنى
ئىدى . بۇ شەھەرگە ناھايىتى كۆپلىگەن تۈركىي قەبىلىلەر ئورۇنلاش-
قان بولۇپ ، سەلتەنەتلىك تۈرك بىنالىرى ، رەڭگارەڭ نەقىشلەر ،
ئالتۇن سىرلاردىن ئوت چاقنايدىغان ئېگىز - ئېگىز راۋاقلار ، پەشتاق-
لار ، گۈللۈك شىپاڭلار بۇ مەركىزىي شەھەرنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن
بېغىشلايتتى . ئادەتتىكى پۇقرالار ئولتۇراقلاشقان ئۆي ، قورۇ ، باغ
ئۇسخىلىرى ئايرىۋالالمىغۇدەك ئوخشاش شەكىلدە لايىھىلىنىپ سې-
لىنغانىدى . تەلكە دەرياسى شەھەر مەركىزىنى ئوتتۇرىدىن قاق ئىك-
كىگە بۆلۈپ ئاقاتتى . دەريا شاۋقۇنى كېچە - كۈندۈز خانلىق مەركىزى-
نىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزاتتى . دەريانىڭ يىل بويى توختىماي داۋاملى-
شىدىغان بۇ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى خانلىق ھۇجرىسىدا ئاغرىق ھالدا
يالغۇز ياتقان تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قەلبىگە شېرىن ھېس - تۇيغۇلارنى
بېغىشلاپ ، ئۇنى ھاياجانلاندۇراتتى . بەزى كېچىلىرى تۇغلۇق تۆمۈر-
خان پەقەت ئۇخلىمايتتى . خانغا بۇ چاغدىكى دەريا شاۋقۇنى ئۇنىڭ
ھاياتىدىكى جەڭگاھ شاۋقۇنلىرىنى ئەسلىتەتتى ، بەزىدە چۇش كۆرۈۋې-
تىپ ئۆزىنى جەڭگاھتا ھېس قىلىپ ، «ئالغا !» دەپ تۇيۇقسىز ۋار-
قىرايتتى ؛ بەزىدە تۇرۇپلا ھۇجرا تېمىغا ئېسىقلىق مىسران قىلىچىنى
يۇلۇپ ئالاتتى - دە ،ھەر تەرەپكە شىلتىپ باقاتتى ، ئەمما قولىنىڭ
بىردەمدىلا بوشاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ ، ئۇنى قوياتتى ۋە تېخى
قىلچە ئاق ئارىلىمىغان ساقىلىنى سىيپاپ تۇرۇپ : «ھەتتەڭ ! مېنىڭ

شۇنداق قابىل ،كۈچلۈك كۈنلىرىمۇ بولغانىدى .بۈگۈن بولسا…
ياپپاش تۇرۇپ ئەجەب ئىش بولدى…» دەپ ئۆز - ئۆزىدىن مەيۈس
ھالدا ئۇھ تارتاتتى . چۈنكى ، ئۇ نەچچە ئاي ئىلگىرى قاتناشقان بىر
قېتىملىق جەڭدە بەدىنىگە تېگىپ ئېلىنماي قالغان بىرتال ئوق ئۇنى
ئازابلاپ ، ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قويااي دەۋاتاتتى . شۇ سەۋەبلىك ،
تۇغلۇق تۆمۈرخان بىرنەچچە ئايدىن بېرى ھۇجرىدىن چىقالماي ياتتى .
شۇنداقتىمۇ يەنىلا خانلىق سالاھىيىتى بىلەن ھەممىگە بۇيرۇق قىلاتتى
ۋە يارلىق چۈشۈرەتتى .

ئارىدىن خېلى مەزگىل ئۆتتى . تۇغلۇقنىڭ ئاغرىقى ساقايمىدى .
ئۇنىڭ تېنىدە قالغان ئوق بارغانسېرى ئېغىر دەرد ئېلىپ كەلدى .
چۈنكى ، تېۋىپلارنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق ئوقنىڭ ئۇنىڭ تېنىدىن
ئېلىنىپ كەتكىنىدىن ، ئېلىنىپ كەتمىگىنىنىڭ ھاياتىغا پايدىسى بار-
لىقى ئىسپاتلانغانىدى . ئۇ شۇڭا ، «بوپتۇ ، ئوق ماڭا ھەمراھ بولۇپ
تۇرسۇن ، بۇنداقتا داۋاملىق جەڭگاھتا تۇرغاندەك ئۆزۈمدىن ئۆزۈم
روھلىنىپ ، تېنىممۇ سۆيۈنگەندەك ھېس قىلىدىكەنمەن . ئۇ دۇنياغىد-
مۇ ئوق بىلەن كەتسەم ،ھەر ئىككىلا دۇنيادا‹ جەڭگاھ ئوغلى› بولۇپ ،
شېھىت كەتمەمدىم ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ قالاتتى . مۇشۇ كۈنلەردە ئۇ
يەنە دائىم : «ئاتىنى نەس باسسا ، ئېغىرچىلىق چوڭ بالىغا كېلىدى-
كەن ، مېنىڭ يېتىپ قالغىنىم ئوغلۇم ئىلياس خوجىغا ئېغىر مۇش-
كۈللەرنى كەلتۈردى . چوڭلار بىكار ئېيتمىغانىكەن : ‹شاھنى نەس
باسسا ، شەھەرنى دۈشمەن باسۇر› دەپ . مەن قاچان ئاغرىپ ياتتىم ،
قىلىچىم ئاستىدىن ئۆمىلەپ قاچقانلار قايتا تىرىلدى ، بۇرۇن خوش
دېگەنلەر قويرۇق دىڭگايتتى . ئىلياس خوجا يالغۇز كېلىپ قالدى
ھەقاچان ! ئاتا — تاغ ، ئاتا — ئەڭ چوڭ يۆلەنچۈك . ئاتىسىز ھەممە
ئىش گۇمران ، ئاتا — ئەڭ چوڭ سىركە بېشى ، ئۇ بار ، ھاياتلىق
بار . ئۇ بار ئەڭ چوڭ شىپالىق ، باشپاناھلىق ، ئەڭ چوڭ غەمخورلۇق
بار ئەمەسمۇ ؟ ئاتىسىزلاردا نە پاناھلىق جاي ،نە مېھرىبانلىق ، شاپائەت-
لەرگە ئېرىشىش بولسۇن ! قىسقىسى ،ئاتا— ئۆي تۈۋرۈكى ، جاھان
تۈۋرۈكى . ئۇنىڭسىز پەرزەنتلەرگە خورلۇق بار ، لېكىن ھۆرلۈك

يوق... مانا شۇنداق بولۇۋاتىدۇ. مەن بار چاغدىكى ھۆرلۈك بۈگۈن ئاغرىپ ياتقىنىمدا بالىلىرىمغا مۇدھىش خورلۇق ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. ھەي... ئاغرىق، بىقۇۋۇللۇق!...» دەيدىغان بولۇپ قالغانىدى.

* * *

كونىلار «ياخشى ئادەمنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ» دەيدىغان. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئۆمرىمۇ ئەنە شۇنداق قىسقا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ يەنە ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان تالاي - تالاي ئارزۇ - ئارمانلىرى بار ئىدى.

مىلادىيە 1362- يىلى كۈزدە تۇغلۇق تۆمۈرخان سەمەرقەندتىن ئالمالىق شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ، ئالمالىق ۋە ماڭلايسۆيەر رايونى بىلەن ماۋرەئۇننەھر رايونىنىڭ قايتىدىن ئەسلىگە كەلگەن ئالاقىسىنى چىڭىتىش، موغۇلىستان خانلىقىنىڭ ئىچكى بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن يېڭى تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا باشلىغان ھالقىلىق بىر پەيتتە — مىلادىيەنىڭ 1363- يىلى 34 يېشىدا بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، گەرچە چوڭ ئوغلى ئىلياس خوجا ماۋرەئۇننەھر رايونىدىن ئالمالىق شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ، ئاتىسى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان بولسىمۇ، ئەمما قەشقەردە توپىلاڭ قوزغاپ، ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىغان قەمەرىددىن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. مۇشۇ قېتىملىق پاجىئەدە تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ 18 پەرزەنتى بىراقلا قىرغىن قىلىندى. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ موغۇلىستان خانلىقى ئېغىر كرىزىسقا دۇچ كەلدى...

تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋاپات بولۇپ ئىككى ئەسىردىن كېيىن يېزىلغان «تارىخى رەشىدى»دە باھا بېرىلگىنىدەك، «تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن كېيىنكى خانلارنى چەۋەندازلىق جەھەتتە ۋە زېمىنىنىڭ كەڭلىكى جەھەتتە ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى.»

这部长篇小说以丰富的历史资料生动地描述蒙兀尔汗国的创立者图格鲁克铁木尔汗的生长历程及从登基到去世的整个过程。

**图书在版编目(CIP)数据**

蒙兀儿斯坦之光：维吾尔语/吐尔逊·亚森著·—喀什：喀什维吾尔文出版社，2009.8（2012.3 重印）

ISBN 978 — 7 — 5373 — 1749 — 8

Ⅰ.①蒙… Ⅱ.①吐… Ⅲ.①长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①Ⅰ247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2009)第 149999 号

责任编辑：阿布利孜·吾买尔（安加尼）
责任校对：拜合提亚尔·阿布力米提

蒙兀儿斯坦之光

作者：吐尔逊·亚森

喀什维吾尔文出版社出版发行
（喀什市塔吾古孜路 14 号　邮编：844000）
各地新华书店经销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
880×1230 毫米　1/32 开本 5.75 印张 3 插页
2009 年 9 月第 1 版　2012 年 3 月第 3 次印刷
印数：7001 —— 9000　　定价：15.00 元

如有质量问题，请与我社联系调换　电话：0998—2653927